جۇڭگو خەلق چۆچەكلىرى توپلىمى شىنجاڭ تومى

مارالبېشى قىسمى

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



جۇڭگو خەلق چۆچەكلىرى توپلىمى

شىنجاڭ تومى مارالبېشى قىسمى

بىر تۇتاش نومۇرى: 290802

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

( ئەچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ )

مارالبېشى ناھىيىلىك « ئۈچ توپلام »
تەييارلاشقا رەھبەرلىك قىلىش
گۇرۇپپىسى تۈزۈپ باستۇردى

جۇڭگو خەلق چۆچەكلىرى توپلىمى شىنجاڭ تومى

مارالبېشى قىسمى

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

مارالبېشى ناھىيەلىك «ئۈچ توپلام» تەييارلاشقا رەھبەرلىك

قىلىش گۇرۇپپىسى تۈزۈپ باستۇردى

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى

فورماتى 1092 × 787 مم. 1/32. 7.5 باسما تاۋاق

1989 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى

تىرازى: 3000

كىتاب نومۇرى: 34



تۇمشۇق .. مازار شىخام



تۇمشۇق — تۇققۇز مازىرى



شاقۇ ـ سائادەنبەگ گۇمبەزى



تۆققۇز ساراي ـ بورىچى تاغ



خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈچ توپلام رەھبەرلىك گۇرۇپ-
پا ۋە تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى



خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈچ توپلام رەھبەرلىك گۇرۇپ-
پا ئەزالىرى ۋە تەھرىر ھەيئەتلىرى مۇزاكىرىدە

继承历史文化遗产
提高民族文化素质

刘源实
一九八九年六月

تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ،
مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرەيلى

1989 - يىلى ئىيۇن

(ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لىيۇيۈەنشى گىنىڭ
بېغىشلىمىسى)

ئەدەبىي دىيارىمىز باغچىسىدا

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى

مەڭگۈ نۇر چاچقۇزايلى!

ئەخمەت داۋۇت

1989.6.

(ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى ئەخمەت داۋۇتنىڭ بېغىشلىمىسى)



مارالبشی ناحیه‌سنڭ مه‌موری خه‌ریته‌سی
كه‌لپن ناحیه
ئاخچی ناحیه
ئاتوش ئوبلاس
په‌یزاۋات ناحیه
یوپورغا ناحیه
مكت ناحیه
ته‌كلماكان چولی
قاراقاش ناحیه
ئاۋات ناحیه
ناحیه
یزا . بازار
یول
قوملوق

# كىرىش سۆز

مارالبېشى ناھىيىسى — قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چەت رايونغا، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي شىمالىي گىرۋىكىگە، قەشقەر - ئۈرۈمچى تاشيولى بويىدىكى ئاقسۇ بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 77°22′30″ تىن 79°56′15″ قىچە، شىمالىي پاراللېل 38°47′30″ تىن 40°17′30″ قىچە بولۇپ، شەرق تەرىپى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسى ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قارىقاش ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي تەرىپى تەڭرى تېغىنىڭ تارماق تىزمىلىرى بولغان كەلپىن تېغى سىستېمىسى ئارقىلىق ئاقسۇنىڭ كەلپىن ناھىيىسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقچى ناھىيىلىرى بىلەن، جەنۇب تەرىپى يەكەن دەرياسى ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى توختى قازى تېغى (1560- ئېگىزلىك)، خېمىيتاغ، روسىيىس تېغى (1340 - ئېگىزلىك) بىلەن پاسىل ھالدا مەكىت ناھىيىسى ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىگە قارىشىپ تۇرىدۇ، غەربىي تەرىپى پەيزاۋات، يوپۇرغا، يەكەن ناھىيىلىرىگە تۇتاش بولۇپ، ناھىيىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي يەركۆلىمى 21.700 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 182 مىڭ بولۇپ، (يېزا ئىگىلىك 3- دېۋىزىيىنىڭ نوپۇسى) بۇنىڭ سىرتىدا. ناھىيىدە قاراشلىق تۆت بازار، سەككىز يېزا، بەش چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئۈزۈمچىلىك مەيدان، 12 ئاھالە كومىتېتى، 204 كەنت بولغاندىن سىرت، ناھىيە تەۋەلىكىدە يەنە، يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسىنىڭ سەككىز پولك- مەيدانى بار. بۈيۈك ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئالەم-

شىزىل ئەسىرى — «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى خاتىرىلەرگە ۋە ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بارچۇق (ھازىرقى مارالبېشى) 2500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمكى دىيار. بارچۇق — ھازىرقى مارالبېشىنىڭ قەدىمكى نامى بولۇپ، غەربىي يۇرتلار بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تارىختا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بارچۇق غەربىي رايوندىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى بولغان، ئۈچ پادىشاھلىق ۋە ۋېي سۇلالىسى دەۋرلىرىدە كۇسەنگە تەۋە بولغان، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلې (قەشقەر) گە تەۋە بولغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئايماق بولغان، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە سۇلې (قەشقەر) گە تەۋە بولغان، غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە يېڭىجۇ (بۈركۈت) ئايمىقىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغان، قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرىدە بارچۇق قەلئەسى ياسالغان، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە بارچۇق بەشبالىققا قارىغان، چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (مىلادىنىڭ 1759 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، بارچۇق قەشقەر ئىش بېجىرىش ئامبىلىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن. داۋگۇاڭنىڭ 12 - يىلى (مىلادى 1832 - يىلى) مارالبېشى شەھىرى قەلئەسى ياسىلىپ، باشقۇرغۇچى ئەمەلدار تۇرغۇزۇلغان، گۇاڭشۈينىڭ 9 - يىلى (مىلادى 1883 - يىلى) مارالبېشىدا بىۋاسىتە قاراشلىق نازارەت تەسىس قىلىنغان. گۇاڭشۈينىڭ 29 - يىلى (مىلادى 1903 - يىلى) بارچۇق ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلىپ، يەكەن مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلگەن ھەمدە ئايماق ئورنى بارچۇق شەھىرىگە كۆچۈرۈلگەن، مىنگونىڭ 2 - يىلى (مىلادى 1913 - يىلى) مارالبېشى ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ، قەشقەر مەمۇرىي ئە-

مەلدارىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، مىنگونىڭ 17 - يىلى (مىـ
لادى 1928 - يىلى) مەكىت مارالبېشىدىن ئايرىلىپ چىقىـپ
ئايرىم ناھىيە بولغان. «بارچۇق» دېگەن نام كېيىن ئۇيـ
غۇر تىلىدا تەدرىجى ئىستېمالدىن قالغان.

بارچۇقتىن ئىبارەت قەدىمكى دىياردا ناھايىتى كۆپ،
ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ياشاپ كەلگەن ئەمگەكـ
چان، باتۇر، ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقى ئەۋلادلىرىغا
ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ئۆلمەس ئىجادىي ئەمگەك مېۋىلىرىـ
نى ۋە خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ گۈزەل جەۋھەرلىرىنى مىراس
قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقى
بىلەن بۇ تەبىئىي بوستانلىقنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ،
ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تېگىشلىك تۆھپىسىنى
قوشۇپ كەلگەن، بۇ گۈزەل دىيارىمىزدىكى كىشىنى مەپتۇن
قىلىدىغان ئاجايىپ مۆجىزىلەر، جاپا - مۇشەققەتلىك ئەمـ
گەك، تۇرمۇشلار مارالبېشى خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تېـ
خىمۇ ئۇرغۇتۇپ، تارىختىن بۇيان نۇرغۇنلىغان داستانـ
قىسسەلەر، بېيىت - قوشاقلار، چۆچەك - مەسەللەر، ماقال -
تەمسىللەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن، شۇنداقلا كۆپ
خىل ژانىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىـ
غان مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بەرپا قىلغان. بۇ قىمـ
مەتلىك مەنىۋى مىراسلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خەلقىـ
مىزنىڭ گۈزەل ئارزۇ- ئارمانلىرىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى،
ئىستېتىك زوقىنى قاندۇرۇپ ۋە ئىپادىلەپ كەلگەن.

ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى نۇر چاقناپ
تۇرغان بۇ ئېسىل گۆھەر بۈگۈنكى كۈندە ناھىيىمىزنىڭ زامانىۋىـ
لىشىش قۇرۇلۇشى ۋە تېخىمۇ گۈللەپ-ياشنىشى ئۈچۈن ئاكتىۋال
خىزمەت قىلىپلا قالماي، بەلكى بۇ قىممەتلىك مىراسلار— گۈزەل
دىيارىمىزدىكى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپـ
ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت

ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا، ئىجتىمائىيەتشۇناسلىق، نەزەرىيە، يەرلىك تەزكىرەشۇناسلىق قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ بىزنى ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ژانىرلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر خەلق چۆچەك - رىۋايەتلىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش ۋە ئۇنى تەھرىرلەپ نەشىر قىلدۇرۇشتىن مەقسەت - ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىپ، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

ناھىيىمىزدە پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىمۇ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر خەلق چۆچەك - رىۋايەتلىرىنى توپلاش، رەتلەش قوشۇنى بارلىققا كېلىپ، ئاز بولمىغان ئۇيغۇر خەلق چۆچەك - رىۋايەتلىرى توپلاندى، رەتلەندى ھەم نەشىرگە تەييارلاندى.

بىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان توپلانغان ئۇيغۇر خەلق چۆچەك - رىۋايەتلىرىنى تاللاش ۋە رەتلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىر قەدەر يىرىكلىرىنى ئاساس قىلىپ، بۇ توپلامنى نەشىرگە تەييارلىدۇق. بۇ، گۈللەپ - ياشناۋاتقان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنى يەنىمۇ نامايەن قىلغۇسى.

مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈچ توپلام تەييارلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى

1989 - يىل، ئىيۇن

**«ئۈچ توپلام» تەييارلاشـقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:**

ئابدۇۋەلى ھەسەن

ئاۋۇت سابىر

ھەسەن سايىت

ئەمەتجان قەييۇم

ئەخەت داۋۇت

كېرىم ھېيىت

ئىبسا سايىم

نىياز قەييۇم
تۇرغۇن راخمان

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت جۇمە

# مۇندەرىجە

## 3000 چۆچەكلەر


| | | |
|---|---|---|
| 3408 | سودىگەرنىڭ ئوغلى | 3 |
| 3505 | ئوتتۇنچىنىڭ پادىشاھ بولىشى | 6 |
| 3418 | ئالتۇن تۇۋاقلىق ئات | 12 |
| 3501 | ئەقىللىق بوۋاي | 19 |
| 3412 | ھەسەتخورنىڭ ئاقىۋىتى | 21 |
| 3315 | باغۋەن بوۋاي بىلەن تۈلكە | 25 |
| 3408 | ۋاپاسىز ئوغۇللار | 29 |
| 3419 | ئىجابەت قىلىنمىغان دۇئا | 32 |
| 3413 | ئۆز ئەقلىگە ئىشەنگەن يولۇچى | 38 |
| 3503 | ئەقىللىق قىز | 41 |
| 3419 | ياقۇپ تېۋىپ ۋە ئۇنىڭ ئەخمەق ئوغلى | 45 |
| 3405 | ھاماقەت ئوغۇل | 69 |
| 3413 | زالىم پادىشاھ ۋە ئاللاۋەداخۇن | 76 |
| 3203 | ئاخماق شىر پادىشاھ بىلەن تەدبىرلىك ئۆچكە | 83 |
| 3413 | ئادىل ۋەزىرنىڭ ئەقىللىق قىزى | 87 |
| 3408 | چوغۇل ( چېقىمچى ) | 93 |
| 3408 | نىيىتى ياماننىڭ قازىنى تۆشۈك | 96 |
| 3419 | مۆمىننىڭ پاراسىتى | 100 |
| 3501 | كىشىنى قەستلىگەن ئۆزىنى قەستلەپتۇ | 104 |
| 3503 | ئىككى ۋەزىرنىڭ سەرگۈزەشتىسى | 109 |
| 3419 | مېھرىگىياھ | 126 |
| 3419 | ئوخشاش مېھرىبانلىق | 147 |


## 2000 تارىخىي رىۋايەتلەر


| | | |
|---|---|---|
| 2102 | شەھىرى بەر ـ بەر | 154 |
| 2613 | ساتار قانداق ياسالغان ؟ | 179 |
| 2613 | نەي قانداق پەيدا بولغان ؟ | 185 |
| 2318 | چاربىباغ ھەققىدە ھېكايە | 188 |
| 2613 | كوزىچىلار شەھىرى | 192 |
| 2110 | ئەقىللىق قىز ئايتۇرا | 196 |
| 2707 | « لاتىمىنات » بۇتىنىڭ چىقىلىشى | 210 |
| 2109 | « تىرىقىز داراي» ئايىمقىدىكى ئويۇنچىلار | 220 |

# 3000 چۆچەكلەر

# 3408 سودىگەرنىڭ ئوغلى

بۇرۇن بۇرۇندا، يېتىم بۇلۇڭدا، تېرىق تۇلۇمدا ئىدىكەن، شۇ زامانلاردا يۇرتقا داڭلىق بىر سودىگەر ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ غەيۇر ئىسىملىك بىرلا ئارزۇلۇق ئوغلى بار ئىكەن، سودىگەر يالغۇز ئوغلىنىڭ رايىغا بېقىپ چوڭ قىلغاچقا، بالا ھەشەمەتخور، چوڭچىل، ئەخلاقسىز يېتىلىپ قاپتۇ، باي ئوغلىنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن، يېمەي ـ ئىچمەي مال ـ دۇنيا يىغىپتۇ، يىللار ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ جان ئۈزىدىغان چاغدا ئوغلىنى چاقىرىپ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ 16 پادامال، 45 جۈپ قوش كالىسى، 30 يۈكلۈك ئات ـ خېچىر، 28 قوشلۇق يەر، يەتتە يۈرۈش ئۆي، باغباراڭلىرىم، مال ـ دۇنيالىرىمغا ۋارىسلىق قىلىسەن، ئەمما تەييارنى يەپ يېتىشقا تۇپراقمۇ توشمايدۇ، تەرتۆك، ئەجرى قىل، ناننى ھالال يېگىن ئوغلۇم ... دەپتۇ.

ئۇ، شۇنداق دەۋېتىپ باقى ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. غەيۇر ئاتىسىنىڭ بىساتىدىن سەرپ قىلىپ يۇرتقا چوڭ نەزرە بېرىپتۇ. دادىسى قازا قىلغاندىن كېيىن، غەيۇر ئانىسىنى قاخشىتىپ، ئەيشى ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى باشلىۋېتىپتۇ، تەييار ئولجا بەدىلىگە سالغان مول داستىخانلار خېلى كۆپ كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىپ، «دوست ـ بۇرادەرلىرى» كۆندىن ـ كۈنگە كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئۈـ

نىڭ ھويلىسىدا قىمارۋازلار تاۋكا تۈزۈپ ئوينىشىدىكەن. غە-
يۇرمۇ ھەۋەس ئۈچۈن دەسلەپ تاغار - تاغارلاپ ئاشلىقنى، ئا-
دىن قوي - ئۆچكىگە، بارا - بارا كالا - قوتاز، ئات - خېچىر-
لارغا دور تىكىپ قىمار ئوينايدىغان بوپتۇ. بۇ ئىشقا بىرەر
يىل بولار - بولمايلا غەيۇر نىڭ مال، كالا پادىلىرى، يىلقىلار
تۈگەپ، قوتانلار قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ. بۇ نىڭ بىلەن قانائەت-
لىنىپ قالماي، غەيۇر باغ - باراڭ، ئۆي بىساتلىرىنى قىم-
مارغا دو تىكىشكە باشلاپتۇ. ئوغلىنى گەپكە كىرگۈزەل-
مەي جېنىدىن جاق تويغان ئانىسى بىر يۇرۇشلۇك ئۆيگىلا مى-
راس سوپىتىدە كىرىپ تەنھا تىرىكچىلىك قىپتۇ. غەيۇر بارا-
بارا يۇرت، ئۆي - ماكانىنى تاشلاپ بېشى قايغان، پۇتى تاي-
غان يەرلەردە تاماشا قىلىدىغان بوپتۇ. ئاي، يىللار شۇ تە-
رىقىدە ئۆتۈپ، مال - چارۋا، تىرىلغۇ يەر، ئۆي، ۋارانلار-
نىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلغان غەيۇر نىڭ چىناردەك قەددى ئې-
گىلىپ، چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىپ، كۈچ مادارىدىن قاپتۇ.
غەيۇر نىڭ بىساتىدىن ئۆمۈر بويى يەتكۈدەك رىسقى - نېسى-
ۋىسىنى تەل قىلىۋېلىشقان دوست - بۇرادەرلىرى ئۇ نىڭ بى-
لەن ئۇچرىشىپ قالسا سالام قىلىش تۈگۈل، قاراپمۇ قويۇش-
ماپتۇ، ئۇ نىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە ھېچكىم بىرەر بۇردا نان
بېرىشكە يارىماپتۇ. غەيۇر نامراتچىلىقتا جېنىنى بېقىشقا ئا-
مالسىز قاپتۇ ۋە بىر كۈنى يۇرت ئارىلاپ تىلەمچىلىك قىلىش-
قا مەجبۇر بوپتۇ. لېكىن پۈتۈن كۈن ئايلىنىپ قورسىقىغا دال
بولغىدەك بىر نەرسىگە ئېرىشەلمەي، قاش قارايغاندا يۇرت
ئايىغىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ياش تۆكۈپ-
تۇ. ئۇ نىڭ ھالىغا ئېچىنغان ناتونۇش موماي ئىككى قاچا

بۇغداي بېرىپتۇ. خۇشاللانغان غەيۇر بۇغداينى تېگى يېرىتىق
خالتىغا ئېلىپ قونالغۇ ئىزدەپ مېڭىپتۇ ۋە بىر ھازادىن كې-
يىن يوغان بىر تۈپ دەرەخ يېنىغا كېلىپ توختاپ، خورجۇن-
نىڭ تۆشۈكىدىن بۇغداينىڭ تۆكۈلۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ
غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بوپتۇ. ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا كەلگەن
يېرى بىلەن ماڭغىدەك بولسا خورجۇندىكى بۇغداي يولنىڭ بىر
چېتىگە بىر تال - بىر تالدىن چېچىلىپ مېڭىپتۇ. غەيۇر بۇغ-
دايلارنى تېرىۋالماقچى بوپتۇ - يۇ، ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىق-
تىن يالتىيىپ، يول ئۈستىدە ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان بۇغ-
دايلارنى كۆزدىن غايىپ قىلىۋەتمەكچى بولۇپ، قولىدىكى
ھاسا بىلەن بۇغدايلارنى تۇپراققا بىر-
مۇ بىر پاتۇرۇۋېتىپتۇ. شۇ ھامان قاتتىق يامغۇر يېغىپ بۇغ-
دايلار تۇپراق قاتلىمىدا بىخ سۈرۈپ، ياپ - يېشىل مايسى-
لار يەلپۈنۈپتۇ. غەيۇر ھەپتە ئۆتۈپ تىلەمچىلىكتىن قايتا-
رىدا چېچىلغان بۇغدايلارنى پاتۇرۇۋەتكەن يولدا چاناق-
لىرى ئالتۇندەك دانغا توشقان بۇغدايلارنى كۆرۈپ ھەيران
بوپتۇ ۋە يۇلۇپ كېلىپ يەنجىگەنىكەن، ئۈچ تاغار بۇغداي چىق-
قىپتۇ. ئۇ دادىسىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى «تەييارنى يەپ
يېتىشقا تۇپراقمۇ توشمايدۇ، تەر تۆك، ئەجرى قىل، ناننى
ھالال يېگىن...» دېگەن ۋەسىيىتىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ-
تۇ ۋە ئاخىرقى ئۆمرىدە چۆلدىن يەر ئېچىپ زىرائەت تېرىپ، ھا-
لال مېھنەتنىڭ تەمىنى تېتىپ ئالەمدىن ئارمانسىز ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چوڭقۇرچات يېزا 6- كەنت 4- مەھەللىدىن:
ئانارخان ئىسلام

رەتلىگۈچى: ناھىيىلىك پارتكوم سىياسىي-قانۇن كومىتېتىدىن:
مۇھەممەت ھېكىم

# 3505 ئوتۇنچىنىڭ پادىشاھ بولۇشى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقىللىق، ئىشقا چەۋەر بىر خوتۇنى بار ئىكەن. كۈنلەر- نىڭ بىرىدە، پادىشاھ بۇ خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ، باشقا بىر خوتۇن ئېلىش نىيىتىگە كېلىپتۇ-دە، باھانە ئىزلەپ، خوتۇ- نى بىلەن كۈندە دېگۈدەك جېدەل قىلىدىغان بولۇۋاپتۇ. پا- دىشاھنىڭ قارا نىيىتى بارلىقىنى بىلگەن خوتۇن ئېغىرلىق قىلىپ، پادىشاھنىڭ ئۆزىگە سالغان جەۋرى-زۇلۇملىرىنى كۆتۈرۈپتۇ. ئاخىرى پادىشاھ ھۆكۈمىگە تايىنىپ، خوتۇنىنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. بۇ بىچارە ئايال ئۆيىدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا پادىشاھقا يالۋۇرۇپ:

— مېنى قوغلاپ چىقىرىپ يامان قىلدىڭىز، مەنغۇ بول- دى-كەتتى، ئۆزىڭىزگە-ئۆزىڭىز قىلدىڭىز... مەن خۇدايىم بۇيرىسا، بىر ئوتۇنچىغا تېگىمەن، ئۇنى سىزنىڭ ئورنىڭىز- غا پادىشاھ قىلىپ، سىزنى پۇشايمانغا قالدۇرىمەن، -دەپتۇ.

پادىشاھ:

— جۆيلىمەي كۆزۈمدىن يوقال! مەندىن ئايرىلغان كۈنىڭ، بەخت-سائادەتتىن ئايرىلغان كۈنىڭدۇر، مەيلى ئوتۇنچىغا تەگ ياكى تەگمە، ئەمدى سەن ھامان تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولىسەن! -دەپتۇ.

ئايال پادىشاھنىڭ ئۆيىدىن پېشىنى قېقىۋېتىپ، قۇ- رۇق قول قايتىپ چىقىپتۇ.

ئايال ئۇزاق يول يۈرۈپ بىر بازارغا بېرىپتۇ ۋە بازارنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر بوۋاي بىر يەردە قومۇشنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. ئايال بوۋايدىن قومۇشنى نەگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

— ساتقىلى ئاپىرىمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

— نەچچە پۇلغا ساتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئايال.

— بىر پۇلغا ساتىمەن.

— بۇنى سېتىپ نېمە قىلىسىز؟

— ئاشلىق ئالىمەن.

— ھەمىشە مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنامسىز؟

— ھەئە، قومۇش سېتىپ جان باقىمەن.

— خوتۇن - بالىلىرىڭىز بارمۇ؟

— يوق.

— ئۇنداق بولسا، مەن تېگەي، ئەمرىڭىزگە ئالامسىز؟

بوۋاي ئايالنىڭ تەققى - تۇرقىغا قاراپ ئەيمىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە ھەيران بولغان ھالدا:

— مېنى ياراتمايسىز! — دەپتۇ.

— چىن كۆڭلۈمدىن يارىتىمەن، — دەپتۇ ئايال پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ.

شۇنداق قىلىپ، بوۋاي ئايالنى ئەمرىگە ئالىدىغان بوپتۇ. ئۇلار بىرلىكتە ئوتان بازىرىغا بېرىپ، قومۇشنى بىر پۇلغا سېتىپتۇ ۋە بۇ پۇلغا ئاشلىق ئاپتۇ. كەچ بولغاندا، ئۇلار بوۋاينىڭ ھۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كەتكەن كەپىسىگە بېرىپتۇ. ئايال قارىغۇدەك بولسا، بوۋاينىڭ ئۆيى ئىنتايىن مەينەت ئىكەن: ئوچاققا كۈل دۆۋىلىنىپ كەتكەن، ئۆيگە سې-

لىنغان كىگىز بىر غېرىچچە توپا ئاستىدا قالغان. ئايال ئوتۇنچى بوۋاينىڭ ئۆيىنى قايتىدىن تازىلاپ، رەتلەپ پاكىز تۇسكە كىرگۈزۈپتۇ ۋە نىكاھ پەتىسى ئۆتكۈزۈپ، ئەر-خوتۇن بوپتۇ. ئەتىسى بوۋاي قومۇش ئېلىپ كېلىشكە ماڭغاندا خوتۇنى:

— قومۇش يەڭگىل، بۈگۈن كۈندىكىدىن جىقراق ئېلىپ كېلىپ ئىككى پۇلغا سېتىڭ، بىر پۇلغا ئاشلىق، بىر پۇلغا سوپۇن ئېلىڭ، — دەپ تاپىلاپتۇ.

بوۋاي شۇنداق قىپتۇ، خوتۇنى بوۋاي ئېلىپ كەلگەن سوپۇن بىلەن ئۆيدىكى يوتقان — كۆرپىلەرنى، بوۋاينىڭ كىيىم — كېچەكلىرىنى پاكىز يۇيۇپ تەييارلاپتۇ. ئەتىسى بوۋاي ئوتۇنغا ماڭغاندا، خوتۇنى يەنە:

بۈگۈن بىر پۇلغا چاچ — ساقاللىرىڭىزنى ياساتسىڭىز، بىر پۇلغا ئاشلىق ئېلىڭ، — دەپتۇ.

بوۋاي شۇنداق قىپتۇ، ئۇ چاچ-ساقاللىرىنى ياساتقاندىن كېيىن، قارىغۇدەك بولسا، غۇربەتچىلىك ۋە مەينەتچىلىكتىن قېرى كۆرۈنگەنلىكى مەلۇم بوپتۇ، ئەتىسى بوۋاي خۇشال ھالدا ئوتۇنغا ماڭغاندا خوتۇنى:

— بۈگۈن بىر پۇلغا مىكىيان، بىر پۇلغا ئاشلىق ئېلىڭ، — دەپ تاپىلاپتۇ، بوۋاي شۇنداق قىپتۇ.

ئەتىسى يەنە بىر خوراز ئېلىپ كەپتۇ.

مىكىيان كاككىلاشقا باشلاپتۇ، كاككىلاپتۇ، كاككىلاپتۇ، كۈن ئاتلىماي كاككىلاپ، ئۇرغۇن تۇخۇم كاككىلاپتۇ، ئۇلار بۇ تۇخۇملارنى باسۇرۇپ، چۆجە چىقارتىپتۇ، چۆجىلەر چوڭ بولۇپ توخۇغا ئايلىنىپتۇ. بۇ توخۇلار كاككىلاشقا باشلىغاندىن كېيىن، بوۋاي با-

زارغا ئاپىرىپ سېتىپ ئۈلگۈرتەلمەي قاپتۇ، بۇۋاي ئوتۇن سېتىشتىن قاپتۇ. ئۇلار تۇخۇم سېتىپ قوي ئاپتۇ، ئۇ قوينى تۇغدۇرۇپتۇ، ئۇنى يەنە تۇغدۇرۇپ، يەنە كۆپەيتىپتۇ، ئۇلارنىڭ قويلىرى قوتانغا پاتماي قاپتۇ، قويلاردىن بىر قانچىنى سېتىپ كالا ئاپتۇ، كالىنى مۇزايلىتىپ كۆپەيتىپ بىر قوتان كالا قىپتۇ، ئاندىن ئات - تۆگىلەرنىمۇ سېتىۋاپتۇ، بۇ چارۋا - ماللارنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ خەج - خىراجەت قىپتۇ، بىر قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ يەپ، تۇرمۇشىنى قەندەك ئۆتكۈزۈپتۇ. كۆپ قىسمىنى بېقىپ كۆپەيتىپ، كۈچىدىن پايدىلىنىپ بايلىق توپلاپتۇ. ئۇلار ھورۇنلۇق قىلماي ۋە بايلىق ئالدىدا كىبىر پەيدا قىلماي، كەمتەرلىك بىلەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ ھايات كەچۈرۈشنى ئەۋزەل بىلىپ، بىر تۈزگە تۈرلۈك - زەل زىرائەت تېرىپتۇ، مال - چارۋىلارنىڭ قىشىنى تۆكۈپ، تۈرلۈك - تۈمەن زىرائەتلەردىن ھوسۇل ئېلىپ، ئاشلىق، يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئىشىپ - تېشىپ تۇردىغان ھالغا كەلتۈرۈپتۇ. بىر كۈنى، ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ چوڭ بىر ئىمارەت سالدۇرماقچى بولۇپتۇ. خوتۇنى بۇ ئىمارەتلەرنى پادىشاھنىڭ ئۆيلىرىدەك ئوخشىتىپ سالدۇرۇش تەكلىپىنى بېرىپتۇ، بۇۋاي ماقۇل بوپتۇ. بۇۋاي پادىشاھنىڭ ئۆيلىرىنى سالغان ئۇستىكارلارنى تېپىپ كەپتۇ ۋە ئىمارەتلەرنى پادىشاھنىڭ ئىمارەتلىرىدەك ھەشەمەتلىك سالدۇرۇپتۇ. ئىمارەتلەرنىڭ ئەتراپلىرىنى رەتلەپ دەل - دەرەخ ۋە مېۋىلىك باغلارنى بەرپا قىلىپ باغ - بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار لەززەتلىك تۇرمۇش پەيزىنى سۈرۈشكە باشلاپتۇ.

پادىشاھقا كەلسەك، ئۇ ئەقىللىق خوتۇنىنى ھەيدەپ چىقارغاندىن كېيىن، كەينى - كەينىدىن 41 خوتۇن ئاپتۇ، ھېچقايسىسى بىلەن كېلىشەلمەپتۇ، لېكىن قانائەت قىلماپتۇ، ئاخىرى پۈتۈن دەپنە - دۇنيا، مال - مۈلۈكىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ، پادىشاھلىق ئىشلىرى يۈرۈشمەي خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇپتۇ ۋە خەلق تەرىپىدىن ھاكىمىيەتتىن ئاغدۇرۇلۇپ، تەختتىن چۈشۈپتۇ، پادىشاھ تىلەمچىلىك كوچىسىغا كىرىپ، ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. يۇرت خەلقى كىمنى پادىشاھ سايلاش ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىشقا باشلاپتۇ، يۇرتنىڭ ئاقساقاللىرى يۇرت خەلقىنى بىر يەرگە يىغىپ، پادىشاھ سايلاشقا كىرىشىپتۇ. لېكىن، ھېچكىم پالانى بولسۇن دېمەستىن، «مەن بولاي، مەن بولىمەن» دېيىشىپ، بايلىقىنى، ئەقىل - پاراستىنى ماختاپ ئۇچۇرۇشۇپتۇ. ئاخىرى بەخت قۇشىنى قويۇپ بېرىشنى، قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇنى پادىشاھ قىلىپ تىكلەشنى قارار قىپتۇ ۋە بەخت قۇشىنى قويۇپ بېرىپتۇ. قۇش ئايلىنا - ئايلىنا بېرىپ، ئوتانچى بوۋاينىڭ بېشىغا قونۇپتۇ، كىشىلەر ھەيران قاپتۇ. ئوتۇنچى بوۋاي پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ ۋە ئەل - جامائەتكە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي، بەزمە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، كەچۈرمىشلىرىدىن پۈتۈن ئەلنى خەۋەردار قىپتۇ. ئوتۇنچى بوۋاي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، يۇرتنى ئادالەت بىلەن سوراپ، خەلقنى باي - باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلەپتۇ. يۇرت خەلقىمۇ بۇ پادىشاھنىڭ باي بولۇش چارىسى بويىچە جاپالىق ئىشلەپ، تۇرمۇشىنى پاراۋان ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئىجادىي يازغۇچى: مايتاغ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن: ئېرىز ھەسەن



مامۇت ھېلىم 1937-يىلى ناھىيىمىزنىڭ چوڭقۇرچاق يېزا 4-كەنت 2-مەھەللىسىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1947-يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان، 1950-يىلىغىچە موزدۇزلۇقنى ئۆگەنگەن ۋە كەچ كۇرستا ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ، دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ خەلق چۆچەكلىرى، بېيىت-قوشاقلىرىغا ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، نۇرغۇن چۆچەك، بېيىت-قوشاقلارنى خاتىرىسىدە ساقلاپ كەلگەن. «ئالتۇن تاۋاقلىق ئات»، «ئەقىللىق بوۋاي»، «ھەسەرەتخورنىڭ ئاقىۋىتى»، «باغۋەن بوۋاي بىلەن تۈلكە» — ئۇ ئېيتىپ كېلىۋاتقان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە چۆچەكلەرنىڭ تىپى بولۇپ تۆۋەندە بۇ چۆچەكلەرنى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردۇق.

مۇھەررىردىن

# ئالتۇن تۇۋاقلىق ئات 3418

بۇرۇنقى زاماندا نەجمىدىن ئىسىملىك بىر باي ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق ئۈچ ئوغلى بولۇپ، كېچە-كۈندۈز دادىسىنىڭ پەرمانىدا خىزمەتكە تەييار تۇرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ باي چۈشىدە بىر ياسىداق ئالتۇن تۇۋاقلىق ئاتنى كۆرۈپتۇ. ئويغانغاندىن كېيىن، ھېلىقى چۈشىدىكى ئاتقا ئىشتىياق باغلاپتۇ ۋە ئۆز شەھىرىدە مۇنداق ئاتنى تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، كېچە-كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ، ئاتنىڭ دەردىدە ئاش-تاماقتىن قېلىپ، چىرايى سارغىيىپ ھالسىزلىنىپ يېتىپ قاپتۇ. دادىسىنىڭ ئەھۋالىنىڭ كۈندىن-كۈنگە زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئوغۇللار دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. باي چۈشىدە كۆرگەن ئالتۇن تۇۋاقلىق ئاتنى كۆرمىسە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ دۇنيادىن سەپەر قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان چوڭ ئوغلى:

— دادا، ئوغۇل بالا دېگەننى مۇشۇنداق مۇشكۈل ئىشلارغا ئەسقاتسۇن دەپ باقىدۇ، بۇ ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇرۇڭ. مەن بىر ئىلاجىنى قىلىپ كېلەي، — دەپتۇ.

ئوغلىنىڭ غەيرىتىدىن رازى بولغان باي دۇئا قىلىپ قىرىق خېچىرغا يۈك ئارتىپ ئوغلىنى يولغا سېلىپتۇ، چوڭ

ئوغلى ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، بىر مەنزىلگە يېتـ
كەندە، يول ئۈستىدە ساقاللىرى ئاپئاق ئاقارغان، چىرايىدـ
دىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، بېشىغا يېشىل - يېڭى سەللە يۆ-
گىگەن، رەتلىك كىيىنگەن، قولىدا ئېسىل ھاسا تۇتقان ھەيـ
ۋەتلىك بىر بوۋايغا ئۇچراپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا، - دەپ ئەدەپ بىلەن سالام قىپتۇ يىگىت.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالام، سەپىرىڭ قاياققا؟ مەقسـ
ىتىڭ نېمە؟ قاياقتىن كەلدىڭ؟ - دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— دادام چۈشىدە بىر ئالتۇن تۇۋاقلىق ئاتىنى كۆرگە-
نىكەن، - دەپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ يىگىت، - شۇنىڭدىن بۇيان، ئاتـ
نىڭ پىراقىدا دادامنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك. مەن شۇ ئاتنى
ئىزدەپ چىققانىتىم.

يىگىتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان بوۋاي بىر ئاز ئەجەبـ
لەنگەندەك قاراپ:

— بالام، سەن خەتەرلىك يولغا سەپەر قىلىپسەن. مۇشۇ
جايدىن بىر چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر قۇرۇق
چوقىغا ئۇچرايسەن، سەن چوقىنى بىرنى تەپ، قالغانگەپنى
قۇرۇق چوقا ساڭا ئېيتىپ بېرىدۇ. خەير، ساڭا ئاق يول بولـ
سۇن، بارغىن ئوغلۇم، خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت، - دەپ كۆزـ
دىن غايىپ بوپتۇ. يىگىت بىر چاقىرىم يول يۈرۈپ قۇرۇق
چوقىغا ئۇچراپتۇ - دە، بىرنى تېپىپتۇ. بۇ چاغدا قۇرۇق
چوقىدىن ئاۋاز چىقىپ:

— ئى يىگىت، ماڭىمۇ قىلدىڭ، ئۆزەڭگىمۇ قىلدىڭ، -

دەپ كۆزىدىن غايىپ بوپتۇ. يىگىت بۇ گەپكە قىلچە پىسەنت
قىلماي يول يۈرۈپ كەچ كىرگەندە بىر لەڭگەرگە يېتىپ كەپتۇ.
بۇ ئەسنادا يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ جايى ئىكەن. يى-
گىتنى كۆرگەن يالماۋۇز قېرى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي:

— ئوغلۇم، چارچاپ كېتىپسەن، كەچ كىرىپ قالدى. ئۆ-
يۈمدە قونۇپ مېھمان بولۇپ قايتقىن. ئەتە سېنى سەھەردە
يولغا سېلىپ قوياي، — دەپ ئالداپتۇ. ھېرىپ قالغان يىگىت
ماقۇل بولۇپ، يېنىك-تاقىلىرىنى ھويلىدا قويۇپ، خېچىر-
لارنى ئوتقا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، موماي ئىززەت-ئىكرام بى-
لەن يىگىتنى ئىچكىرىگە باشلاپتۇ. موماي يوغان بىر داشنى
ئوچاققا ئېسىپ، لىق ياغ قۇيۇپ، چۆچۈرتۈپ بىر مالىنىڭ گۆ-
شىنى ياغدا قورۇپ پۇشۇرۇپتۇ. يىگىت ئىچىدە: «مەن بۈگۈن
ئاخشام راسا مېھمان بولىدىغان بولدۇم!» دەپ خۇشال-خۇرام
ئولتۇرۇپتۇ. ھېلىقى موماي يىگىتنى چىراغ چىقىرىشقا بۇيى-
رۇپتۇ. يىگىت چىراغنى چىقىرىۋاتقان پەيتتە ھېلىقى قېرى
موماي قىياپىتىدىكى يالماۋۇز ئارقىسىدىن كېلىپ، يىگىتنىڭ
بېلىگە بىرنى تېپىپ قازاندىكى ياغقا يىقىتىپ، ئۆزىگە بىر
ۋاخلىق تاماق قىلىپتۇ.

ئەمدى گەپنى باينىڭ ئىككىنچى ئوغلىدىن ئاڭلايلى.
چوڭ ئاكىسىنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي، ئالتە ئاي ئۆتكەندىن
كېيىن، ئوتتۇرانچى ئوغلى دادىسىنىڭ نالە-زارىغا چىداپ
تۇرالماي:

— ئاكامنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدۇق. ماڭا ئىجازەت
بەرسىڭىز، مەن بېرىپ ئاكامنى ئىزلىگەچ ئالتۇن
تۇۋاقلىق ئاتنى تېپىپ ئەكەلسەم، — دەپ دادىسىغا ئىلتىجا

قىپتۇ. نەجىمىدىن باي ئىككىنچى ئوغلىنىمۇ قىرىق خېچىرغا يۈك ئارتىپ دۇئا قىلىپ يولغا ساپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول يۈرگەن ئىككىنچى ئوغۇل يول ئۈستىدە ھېلىقى بوۋايغا يولۇقۇپتۇ ۋە ئاكىسىغا ئوخشاشلا يەنە باشلىق يالاۋۇز قىردغا بىر ۋاخلىق تاماق بوپتۇ.

ئەمدى گەپنى باينىڭ ئۈچىنچى ئوغلىدىن ئاڭلايلى. ئاردىن بىر يىل ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى باينىڭ ئۈچىنچى ئوغلى:

— دادا ئەھۋالىڭىز كۈندىن- كۈنگە ئېغىرلاشتى. ئىككى ئاكامنىڭ كەتكىنىگە بىر يىلدىن ئاشتى، ھېچ بىر خەۋىرى يوق. ئەمدى بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭ، كىچىك بولسامۇ بالىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلاي، — دەپتۇ.

ئىككى ئوغلىدىن ئايرىلغان باي كىچىك ئوغلىنى ئەۋەتىشكە كۆزى قىيماپتۇ. ئوغلىمۇ دادىسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قاتتىق تەلەپ قىپتۇ. دادىسى نائىلاج كىچىك ئوغلىنىمۇ قىرىق خېچىرغا يۈك ئارتىپ نەزىر - چىراغ قىلىپ، قۇرئان ئوقۇپ دۇئا بىلەن يىغا - زارە ئىچىدە يولغا ساپتۇ. يىگىت ئۈچ كېچە - كۈندۈز سەپەر قىلىپ ئاخىرى ھېلىقى بوۋايغا ئۇچراپتۇ ۋە ئەدەپ بىلەن سالام قىپتۇ. بوۋاي سالامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن:

— ئوغلۇم، نەگە ماڭدىڭ؟ مەقسىتىڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بوۋا، نەگە ماڭاتتىم، دادام چۈشىدە ئالتۇن تۇۋاقلىق بىر ئاتنى كۆرۈپ، شۇ ئاتنىڭ ئىشتىياقىدا بىر يىلدىن بېرى ھالىدىن كەتتى. ئىككى ئاكام ئاتنى ئىزدەپ چىقىپ

كەتكىنى بىر يىلدىن ئاشتى، ئىز - دېرىكى يوق، ئاخىرى بۇ ئىشنى مەن ئۈستۈمگە ئېلىپ يولغا چىقتىم، - دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بوۋاي كىچىك بالىغا كۆيۈنگەن ھالدا بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، سېنىڭ پېشانەڭ ئوچۇق، ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىكەنسەن، سېنىڭ ئىككى ئاكاڭمۇ ماڭا يولۇققان، بىراق، نەسىھەتىمگە قۇلاق سالماي يالماۋۇزغا يەم بولدى. سەن بىر چاقىرىم يول يۈرۈپ، كەچ كىرگەندە يولدىن بىر قىزىل چوقا تېپىۋالىسەن. بۇ چاغدا چوقىدىن ئاۋاز چىقىدۇ. سەن دەرھال چوقىنى قولۇڭغا ئالساڭ ھەممە گەپنى شۇنىڭدىن ئۇقىسەن. خەير، خۇداغا ئامانەت، ئاق يول بولغاي، - دەپ دۇئا قىلىپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. يىگىت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ: «بۇ قانداق سىردۇ؟ بۇ ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ؟» دەپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ، دېگەندەك، يىگىت بىر چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن يولدا بىر دانە قىزىل چوقىغا ئۇچراپتۇ. ئۇ، چوقىغا بىرنى تەپكەن ئىكەن چوقىدىن:

— ئۆزەڭگەمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ، - دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ، يىگىت چېچەنلىك بىلەن قىزىل چوقىنى قولغا ئېلىۋاپتۇ:

— سەن نېمە دەۋاتىسەن، سەندە قانداق سىر بار؟ - دەپ سوراپتۇ.

— ئەي يىگىت، - دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ ھېلىقى چوقا، - سېنىڭ تەلىيىڭ ئوڭ، ھوشيار يىگىت ئىكەنسەن، سېنىڭ ئىككى ئاكاڭ ۋە نۇرغۇن يولۇچىلار مۇشۇ يولدا مېنىڭ قولۇمدا قازا تاپتى. سەن كەچ كىرگىچە ماڭساڭ، بىر لەڭگەردە

بىر قېرىغا ئۇچرايسەن، ئۇ سېنى كەچ قالدىڭ، ئۆيىمىزدە قونۇپ
مېھمان بولغىن، ئەتە سەھەردە يولغا سېلىپ قوياي، خېچىرنى
مەن باغلاي دەيدۇ، سەن رەت قىلىپ ئۆزەڭ باغلا، چىراغنى
چىقارغىن دەيدۇ، سەن، مەن چىراغ چىقىرىپ باقمىغانىدىم،
ئاۋۋال ئۆزلىرى چىراغنى چىقىرىپ ئۆگىتىپ قويسىلا، ئاندىن
مەن قىلاي دېگىن، موماي چىراغنى چىقىرىۋاتقاندا ئۇنى
قازاندىكى ياققا ئىتتىرىۋەت، شۇنداق قىلساڭ، مەقسىتىڭگە
يېتەلەيسەن!

شۇ گەپلەردىن كېيىن چوقا يىگىتنىڭ قولىدىن غايىپ
بوپتۇ. قىرىق چوقىنىڭ بۇ گېپىدىن ئەجەپلەنگەن يىگىت
ھەيرانلىق بىلەن ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ئىككى چاقىرىم
يول يۈرگەندىن كېيىن كەچ كىرىپتۇ. دېگەندەك، بىر لەڭگەرگە
يېتىپ كەپتۇ، كۈن ئولتۇراي دەپ قاپتۇ، بىر قېرى موماي
يىگىتنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ خېچىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى چىڭ
تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، كەچ قاپسەن، ئۆيۈمگە كىر، مېھمان قىلىپ ئەتە
سەھەردە يولغا سېلىپ قوياي، — دەپتۇ. يىگىت ماقۇل بولۇپ
ئۆيىگە كىرىپتۇ. موماي داش قازانغا ياغ تولدۇرۇپ، بىر
قوينىڭ گۆشىنى پىششۇرغاندىن كېيىن:

— ئوغلۇم، مېنىڭ قولۇم خېمىردا بولۇپ قالدى، خاپا بول-
ماي چىراغنى چىقىرىۋەتسەڭ... — دەپتۇ. يىگىت:

— رەنجىمىسىلە چوڭ ئانا، مەن كىچىكىمدىن ئەركە ئۆگىنىپ
قالغاچقا، ئۇنداق ئىشلارنى قىلىپ باقمىغانىدىم، خاپا بولماي
ئۆزلىرى چىقىرىۋەتسىلە قانداق؟ — دەپتۇ، يىگىتنى ئالدام
خالتىسىغا چۈشۈرەلمىگەن يەتتە باشلىق يالماۋۇز:

— ئوغلۇم، باياتىن خېچىرنى مەن باغلاي دېسەم، ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، ياق، ئۆزەم باغلاي دەپ ئۇنىمىدىغانتىك، مەن سېنى شۇڭا بۇ ئىشلارغا بۇيرۇپ قاپتىمەن. ھېچقىسى يوق، — دېگىنىچە كېلىپ ئوچاققا ئوتۇن ساپتۇ. ئاندىن كېيىن چىراغنى چىقىرىشقا باشلاپتۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن يىگىت چاچراپ كېلىپ موماينىڭ بېلىگە بىرنى تەپكەن ئىكەن، يەتتە باشلىق يالماۋۇز قازانغا يىقىلىپ، قازاندىكى ياغدا كۆيۈپ تۈگەپتۇ. يىگىت غەلىبە قازاندىن كېيىن، «ئەمدى ئاكىلىرىمنىڭ قىسا-سىنى ئالدىم، نۇرغۇنلىغان يۇرتداش يولۇچىلارنىڭ ئۆچىنى ئالدىم» دەپ، خۇشال - خۇرام ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

يىگىت ئىككى چاقىرىم يول يۈرۈپ ئاخىرى بىر يېشىل تاغقا يېتىپ كەپتۇ ۋە يايلاقتىكى نۇرغۇن ئاتلار ئارىسىدىن دادىسى دېگەندەك بىر ئالتۇن تۇياقلىق ئاتنى تاللاپ، ئۇنى دادىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشقا راۋان بوپتۇ. يولدا كې-تىۋېتىپ ئات تۇتىيا نامىلىق بىر خىل گۈلنى كۆرۈپ: «ھازىر دادام مېنىڭ پىغانىمدا قارىغۇ بولۇپ قالدى، مۇشۇ گۈلنى ئې-لىۋېلىپ داداڭنىڭ كۆزىگە سۈرتسەك كۆزى ئېچىلىدۇ» دەپتۇ. ئوغۇل بىر تۇتام تۇتىيا گۈلنى ئېلىۋاپتۇ ۋە ئۆيىگە يېتىپ بېرىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا دادىسىنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قاپتۇ، ئوغۇل يولدىن ئېلىۋالغان گۈلنى دادىسىنىڭ كۆ-زىگە سۈركەپتۇ، دادىسىنىڭ كۆزى ئېچىلىپتۇ، دادا - بالا خۇشال - خۇرام كۆرۈشۈپتۇ. يىگىت كۆرگەن - بىلگەن بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، دادىسىنىڭ دۇئاسىنى ئاپتۇ.

## 3501 ئەقىللىق بوۋاي

قەدىمكى زامانلاردا، چەت بىر يېزىدا بىر ئەر - خوتۇن ئوتتانچىللىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي كۈندىكى ئادىتى بويىچە يېراق جاڭگاللىغا ئوتۇنغا كېتىۋاتسا، كۈتۈلمىگەن يەردىن ئالدىغا قورقۇنچلۇق بىر دىۋە ئۇچراپ قاپتۇ. ياشىنىپ قالغان بوۋاي نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر ئاز تەمتىرەپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا دىۋە بوۋايغا قاراپ:

— ئادەمزات دېگەنسەن-مۇ؟ تېز جاۋاب قايتۇر! قورسۇقۇم ئېچىپ سېنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىدىم، - دەپ ۋارقىراپتۇ.

— توغرا ئېيتتىڭ، ئادەم ئەۋلادى دېگەن مەن بولىمەن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان دىۋە تېخىمۇ كۆرەڭلىگەن هالدا:

— ئاڭلىسام ئادەمزاتتا «ئەقىل» دېگەن نەرسە بار دەيدۇ. سەن هازىر شۇ نەرسىنى ماڭا بەرسەڭ، سېنى قويۇۋېتىمەن. بولمىسا سېنى هازىرلا تاماق قىلىمەن! تېز جاۋاب قايتۇر! - دەپ پوپوزا قىلىشقا باشلاپتۇ. بوۋاي بىر ئاز ئويلايسىزلانغاندىن كېيىن، تەدبىر قوللىنىپ دىۋىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىش قارارىغا كەپتۇ - دە، مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— توغرا ئېيتتىڭ، كالۋا مەخلۇق. مېنىڭ ئەقلىمنىڭ بار-

لىقى ھەق ۋاست. بىراق مەن ئەقلىمنى ئۆيۈمدە قويۇپ كەلگەنىدىم. سەن مېنىڭ جايدا ئىشىكىمگە قاراپ تۇرساڭ، مەن بېرىپ ئەقلىمنى ساڭا ئەكىلىپ بەرسەم قانداق؟- دەپ ئالداپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان دىۋە ماقۇل بولۇپ ئىشىككە قاراپ تۇرماقچى بوپتۇ. بوۋاي بىر نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ دىۋىگە:

— ياق، بولماپتۇ، سېنى مەن ئاۋۇ توغراققا باغلاپ قويۇپ كېتەي. بولمىسا، مەن ئىشىكىمدىن خاتىرجەم بولالمايدىكەنمەن،- دەپتۇ. دىۋە بىر ئاز ئويلاپ تۇرۇپ قېلىپ شۇنداق قىلىشنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. بوۋاي دىۋىنى توغراققا چەمبەرچەس باغلاپ، بېلىدىكى ئاي پالتىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ:

— قانداق ئەھۋالىڭ؟ مېنىڭ ئەقلىمنى كۆرۈپ باقامەن؟- دەپ دىۋىنىڭ كاللىسىنى چېپىپ تاشلىماقچى بوپتۇ. ئامان قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن دىۋە نىمە قىلارىنى بىلەلمەي توغراقنى يۇلۇپ قىيا - چىميا تۇۋلاپ ئارقىسىغا يېنىپ دىۋەلەر شەھىرىگە بەدەر قېچىپتۇ. بوۋاي دىۋىنى قوغلاپ دىۋىلەرنىڭ شەھىرىگىچە بېرىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن باشقا دىۋىلەر پات - پاراق بولۇشقان ھالدا جاي - ماكانلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئەقىللىق بوۋاي غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ ئىشىككە مىنىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

# 3412 ھەسەتخورنىڭ ئاقىۋىتى

بۇرۇنقى زاماندا بىر چارۋىدار باي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئات - كالىلىرى بولۇپ، باياشلىقتا يۇرت ئىچىدە داڭ چىقارغان ئىكەن. باينىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي كېسەل بولۇپ سەكراتقا چۈشۈپ قېلىپ ئوغۇللىرىنى يىغىپ:

— مەن ئالەمدىن ئۆتكىدىغان كىشىمەن، سىلەر مال - دۇنيانى تەڭ ئۈلۈشۈپ، ئىناق ئۆتۈڭلار، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار! — دېگەن ۋەسىيىتىنى قالدۇرۇپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. ئوغۇللار دادىسىنىڭ نەزىرە - چىراغلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي مال - دۇنياسىنى ئۈلۈشەلمەي ماجرا قىلىشىپتۇ. ئۇلار ئاخىرى:

— ئاۋۋال ئۈچ ئوغۇل ئۈچ ئېغىل سالايلى. كەچتە چارۋىلارنى يايلاقتىن كەلگەندە ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرەيلى، كىمنىڭ ئېغىلىغا قانچىلىك چارۋا كىرسە، ئېغىل ئىگىسىنىڭ بولسۇن، — دېيىشىپتۇ. نەتىجىدە ئىككى چوڭ ئوغۇلنىڭ ئېغىلىغا چارۋىلار كۆپ كىرىپ، ئەڭ كىچىك ئوغۇلنىڭ ئېغىلىغا بىر تۇياق يېتىم موزاي مۆرەپ كىرىپ قاپتۇ. كىچىك ئىنىسى بىر ئاز مەيۈسلەنگەن بولسىمۇ: «ماڭا خۇدانىڭ بەرگىنى مۇشۇنچىلىك ئىكەن. خۇداغا شۈكرە» دەپ موزاينى

كۆيۈنۈپ بېقىشقا باشلاپتۇ. ئىككى چوڭ ئاكىسى باياشات، كىچىك ئىنىسى بولسا، غۇربەتچىلىك ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىچىك ئىنىسىنىڭ ھېلىقى موزىيى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇ، گۆشىنى ئاكىلىرى ۋە قولۇم - قوشنىلارغا تەقسىملەپ بېرىپ، تېرىسىنى شەھەرگە سېتىشقا ئاپىرىپتۇ. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك، دېگەندەك، بازاردا ھېچكىم موزاي تېرىسىنى بىر تەڭگىمۇ دېمەپتۇ. ئۇنىڭ تاقىتى - تاق بولۇپ نامازشام بولغاندا ئىلاجىسىز قايتىپتۇ. چوڭقۇر غەمگە پاتقان بىچارە بالا كەچ قېلىپ يولدىن ئېزىقىپ يول بويىدىكى بىر كونا تۈگمەندە قونۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كېتەي دېگەندە بىر توپ جىن-شەيتانلار تۈگمەنگە كىرىپ پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ھېلىقى بالىنىڭ بارلىقىنى كۆرمىگەن جىنلار كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى سۆزلەشمەكچى بولۇشۇپتۇ.

— ئاغىنىلەر، — دەپ سۆز باشلاپتۇ جىنلاردىن بىرسى، — كۆرگەننى سۆزلەيمىز ياكى ئاڭلىغاننى سۆزلەيمىز؟

— كۆرگەننى، — دېيىشىپتۇ جىنلارنىڭ ھەممىسى ۋارقىرىشىپ.

— ئۇنداق بولسا مەن سۆزلەپ باقاي، — دەپ سۆز باشلاپتۇ يەنە بىرسى، — ئىنسان دېگەننىڭ ئەقلى كەم نەرسىكەن، قاراڭلار، ئاۋۇ قېرى سۆگەتنىڭ پۈرى ئاستىدا بىر كاللەك ئالتۇن تۇرىدۇ. ئۇنى ئېلىپ خەج - خىراجەت قىلىشنى ھېچكىم ئۇقمايدىكەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ئاغىنە، ئاۋۇ يىقىلغان كونا تامنىڭ

ئاستىدا ئىلگىرىكى يىللاردىن قالغان بىر مۇنچە كۈمۈشلەر تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنى قېزىپ ئېلىپ خەج - خىراجەت قىلىشنى ئۇلار زادىلا قىزىقمايدىكەن،

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە يېقىن ئەتراپتىن مەزىننىڭ ئەزان توۋلىغان ئاۋازى جاراڭلاپتۇ. شۇ ھامان جىنلار ئالاقزادە بولۇشۇپ باشقا جايغا قاراپ بەدەر قېچىپتۇ. تاڭ يورۇپ ناماز ۋاقتى بولغاندا بالا بامدات نامىزىنى ئاشۇ تۈگمەندە ئوقۇپ، جىنلار دېيىشكەن ھېلىقى سۆگەت ۋە كونا تام ئاستىنى قازسا، دېگەندەك بىر كاللەك ئالتۇن ۋە ئۈچ كاللەك كۈمۈش تۇرغىدەك، يىگىت خۇشال بولغان ھالدا ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تاغارغا قاچىلاپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. كىچىك ئىنىسىنىڭ شۇنچە كۆپ ئالتۇن، كۈمۈشكە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرگەن ئاكىلىرى ھەسەتخورلۇق قىلىپ:

— مۇنچىۋالا ئالتۇن - كۈمۈشنى نەدىن تاپتىڭ؟ بايلارنىڭ خەزىنىسىگە كېچىدىن ئوغرىلىقتا كىردىڭمۇ؟ بىزگە گەپ تېپىپ بېرىدىغان بولدۇق، راستىنى سۆزلە! - دەپ سوراق قىلىشىپتۇ. ئاكىلىرىنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى كۆرگەن ئىنىسى ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن ھېلىقى مۇزاي تېرىسىنى مۇشۇ ئالتۇن - كۈمۈشكە ساتتىم. ھازىر شەھەردە كالا تېرىسىنى قىممەت باھادا سېتىۋالىدىكەن، - دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاكىلىرى دەرھال يايلاقتىن چارۋىلىرىنى يىغىپ ئەكىلىپ، سويۇپ تېرىلىرىنى شەھەرگە ئاپىرىپ بازارغا ساپتۇ. قىرىشقاندەك، ئۇلارنىڭ تېرىلىرىنى ھېچكىم بىر تەڭگىگىمۇ قىلماي قۇرۇق قول قايتىشقا

مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئىشتىن خەزەپلەنگەن ئاكىلىرى ئۇكىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئالتۇن-كۈمۈشكە ئىگە بولۇش قارارىغا كېلىپ:

— سەن بىزنى ئالداپ ئاتىمىزدىن مىراس قالغان چارۋىلاردىن ئايرىدىڭ. راستىنى ئېيتمىساڭ، سېنى بۈگۈن كېچە مۇشۇ جايدا ئۆلتۈرۈۋېتىمىز، — دەپ سوراق قىلىشىپتۇ. ئىنىسى ئىلاجسىز ھېلىقى تۈگمەندىكى ئاڭلىغان، كۆرگەن ئەھۋاللىرىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپتۇ. ئاكىلىرى شۇھامان ئىنىسىنى تاشلاپ كونا تۈگمەنگە قاراپ كېچىلەپ يول ئاپتۇ. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا تۈگمەننىڭ ئىچىگە كىرىپ جىم-جىت يېتىشىپتۇ. بىر مەھەل ئۆتكەندە ھېلىقى جىن-شاياتۇنلار قىيا-چىيا كۆتۈرۈشۈپ تۈگمەنگە كىرىشىپتۇ-دە، بۈگۈن كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى سۆزلەشمەكچى بولۇشۇپتۇ:

— بۇرادەرلەر، — دەپ سۆز باشلاپتۇ جىنلاردىن بىرسى، — ئارىمىزدا ئىشپىيون بارمۇ نېمە؟ ئۆتكەن ئاخشام بىز ھېلىقى گەپنى قىلىشساق، ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئوغرى ئاپتۇ. بىز ئاۋۋال تۈگمەننى ئاختۇرۇپ پوستا بىرسىنى گۈزەتچىلىككە قويۇپ ئاندىن پاراڭلىشايلى، — دەپتۇ. جىنلاردىن بىرسى:

— مۇشۇ سۆزگەن تەرەپتە ئادەمزات تىنىڭ تىنىقى چىقىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان جىنلار ھېلىقى ئىككى يىگىتنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى كىچىك ئىنىسى ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى تىجەشلىك بىلەن ئىشلىتىپ پۈتۈن ئۆمرىنى باياشات، خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ.

«كىشىنى قەستلىگەن ئۆزىنى قەستلەپتۇ» دېگەن تەمسىلمۇ شۇنىڭدىن قالغان بولسا كېرەك.

## 3315 باغۋەن بوۋاي بىلەن تۈلكە

بۇرۇنقى زاماندا بىر باغۋەن بوۋاي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ داڭقى چىققان بىر قوشلۇق ئۆرۈكلۈك بېغى بار ئىكەن. ھەر يىلى ئالتىنچى ئاي پەسلىدە ئۆرۈكلەر پىشىپ مېۋىلەر يېتىشكەن پەيتتە، يېقىن جاڭگالدىكى بىر قېرى ھىيلىگەر تۈلكە كېچىدە كېلىپ باغنىڭ ئۆرۈكلىرىنى ئېغىتىپ دەسسەپ، يۇمۇلاپ بوۋايغا ئېغىر زىيان سالىدىكەن. بۇ ئىش ئۇدا بىر نەچچە يىل داۋاملاشقاندىن كېيىن، بوۋاي دەرغەزەپ بولۇپ تۈلكىنىڭ ئەدىپىنى بېرىش قارارىغا كەپتۇ.

بىر يىل ئۆتۈپ ياندۇرقى يىلى مېۋىلەر پىشقان مەزگىلدە بوۋاي باغ ئىچىگە مەخپى ئورا كولاپ مۆكۈنىۋېلىپ، كېچە - كۈندۈز كۆزەتچىلىك قىپتۇ. ئۆرۈكلەر مەي باغلاپ پىشقان بىر كېچىسى ھىيلىگەر قېرى تۈلكە ئادىتى بويىچە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، باغقا كىرىپ ئۆرۈكلەرنى ئېغىتىپ دەسسەپ، يەپ، يۇمۇلاپ بۇزۇشقا باشلاپتۇ. بوۋاي تۈلكىگە قاپقان قۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، ھىيلىگەر قېرى تۈلكە ھوشيارلىق بىلەن باغقا كىرىپ بۇزغۇنچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. تۈلكىگە غەزەپلەنگەن بوۋاي قولىدىكى ئاي پالتىسىنى تۈلكىگە، قارىتىپ ئېتىپتۇ. پالتا تەگكەن بولسىمۇ، تۈلكە يېنىنى سۆرەپ قېچىشقا باشلاپتۇ. تۈلكىنىڭ زەخىملەنگەنلىكىنى كۆرگەن بوۋاي تۈلكىنى قوغلاپ تۇتۇپ بۇ ئاپەتنى يوقىتىش قارارى-

غا كەپتۇ - دە، داۋاملىق قوغلاپتۇ. تۈلكە بىر نەچچە چاقىـ
رىم چۆل كېزىپ قېچىپ ماڭغۇدەك دەرمانى قالماي مىڭ تەسـ
لىكتە ئېگىز تاغدىكى ئۆڭكۈرگە كىرىۋېلىپ جېنىنى ياقىغا
ئاپتۇ. بوۋاي تۈلكىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ بىر كۈن يوشۇرۇ-
نۇپ تۇرغان بولسىمۇ، تۈلكە سىرتقا چىقماپتۇ. بوۋا يېنىك قور-
سىقى ئېچىپ ھالسىزلىنىشقا باشلاپتۇ ۋە تۈلكىنى ئۆڭكۈردە ئۇ-
زۇن ياتقۇزۇپ يوقىتىش چارىسىنى ئويلاپ، بېلىدىكى سۇ ئىچىشـ
كە ئېلىۋالغان ئېۋرىقنى ئۆڭكۈر ئېغىزىغا ئاغزىنى شامال
تەرەپكە توغرىلاپ قويۇپ، ئۆيىگە قايتىپتۇ. بوۋاي كەتكەن
بولسىمۇ، ھېلىقى ئېۋرىق تاغنىڭ مەيىن شامىلىدا داۋاملىق
گۈكىرەپ ئاۋاز چىقىرىپتۇ. ئېۋرىقنىڭ ئاۋازىدىن قورققان
تۈلكە ئۈچ كېچە - كۈندۈز يېتىپ، قورساقنىڭ ئاچقىنىغا
چىداپ تۇرالماي تاقىتى - تاق بولۇپ، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم
دەپ ئۆڭكۈردىن چىقىشقا مەجبۇر بولۇپ، سىرتقا چىقىپ قارى-
غۇدەك بولسا، بوۋاي يوق، ھېلىقى ئېۋرىقنىڭ شامالدا گۈ-
كىرىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ئۇقۇپ،
ئۆز - ئۆزىگە ئاچچىقلانغان ھالدا: «بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى،
تۈلكە ئاكاڭ قىلالمىدى ناشتا، بىر بالاسى بولمىسا، ئېۋرىق
تۇرامدۇ تاشتا» دېگەن قوشاقنى توقۇپ، ئېۋرىقنى قۇيرۇقىغا
باغلاپ، دەريا بويىغا بېرىپتۇ ۋە ئېۋرىقنى دەرياغا تاشلاپتۇ.
ئېۋرىقنىڭ ئىچىگە سۇ كىرىپ ئېغىرلىشىپ سۇ ئاستىغا تار-
تىپتۇ، تۈلكە ئالدىراپ چىشلەپ ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، قۇي-
رۇقىنى ئېۋرىقتىن يېشەلمەي، قۇيرۇقى ئۈزۈلۈپ، قۇيرۇقى ئېۋ-
رىق بىلەن دەرياغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. قۇيرۇقىدىن ئايرىلغان
بىچارە تۈلكە ھالسىزلانغان ھالدا بۇ يەردىن ئايرىلىپ،

يىراق جاڭگاللغا قاراپ يول ئاپتۇ. سولتەك تۈلكىنى كۆر-
گەن باشقا تۈلكىلەر ئۇنى مازاق قىلىشىپ:
— سولتەك ئاداش، سولتەك نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ
مەسخىرە قىلىشىپتۇ، سولتەك تۈلكە مەككارلىق بىلەن
ھىيلە ئىشلىتىپ:
— ئاغىنىلەر، مەن نەگە باراتتىم، مەن سىلەرنى مېھمان
قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ كەلدىم، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان
ياۋايى تۈلكىلەر ھەيران بولۇشۇپ:
— مۇشۇ ھالىڭغا باقماي، نېمە دەۋاتىسەن؟ مۇشۇ ھال-
دا تۇرۇپ بىزنى نېمەگە كۈتۈۋالىسەن؟ — دەپتۇ.
— ئاغىنىلەر، — دەپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ سولتەك تۈل-
كە، — بۇ جاڭگالدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر دېھ-
قان خامىنىنى سورۇشقا تەخلەپ قويىدى. ئۇنىڭ ئۆستىگە
ئورغۇنلىغان توخۇلىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ھازىر باغلىرى-
دىكى مېۋىلەرمۇ پىشىپ مەي بولۇپ كەتتى. بۈگۈن كېچە ھەم-
مىمىز شۇ جايغا بېرىپ، راسا ئويناپ، يەپ — ئىچىپ خامان-
دا يۇمۇلاپ تاماشا قىلساق قانداق؟
ياۋايى تۈلكىلەر بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلۇپتۇ. سولتەك
تۈلكە دېھقاننىڭ توخۇلىرىنى ۋە پىشقان مېۋىلىرىنى ئۇلار-
غا سوۋغا قىلىپ قورساقلىرىنى راسا تويغۇزغاندىن كېيىن،
ياۋايى تۈلكىلەرنى خامانغا باشلاپ مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:
— ئاغىنىلەر، مەن سىلەردىن چوڭ بولغاچقا، سىلەر-
نى يېتەكلەپ خامانغا قوشاي، سىلەر بولۇشىغا دەسسەپ سەك-
رەش ئارقىلىق راسا تاماشا قىلساڭلار — قانداق؟
تۈلكىلەر ماقۇل بولۇشۇپ ھەممىسى قۇيرۇقلىرىنى بىر-

بىرىگە باغلاپ، سورۇشقا راسلاپ قويغان دانىلارغا دەسسەپ تاماشا قىپتۇ. سۇلتەك تۈلكە خامان ھەيدەپ تاماق سىڭدۈرگەچ بىر كېچىنى ئويۇن - تاماشا بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. تاڭ يورۇپ ناماز ۋاقتى بولاي دەپ قالغاندا، ھېلىقى ھېلىگەر قېرى سۇلتەك تۈلكە چارە ئويلاپ، بۇ تۈلكىلەرنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىش قارارىغا كېلىپ:

— سەلەرخامانداتۇرۇپ تۇرۇڭلار، باي ئاكامنىڭ كېلەر ۋاقتى بولۇپ قالدى. مەن دۆڭگە چىقىپ قاراپ باقاي، — دەپ بىر ھازا دۆڭگە چىقىپ قاراپ تۇرۇپ، بىردەمدىن كېيىن، — ۋاي، ئاغىنىلەر، دېھقان ئاكام كەلدى، بىر قولىدا تۆمۈر ئارا، بىر قولىدا نەيزە كۆتۈرۈۋاپتۇ. چاپسان قاچمىساق بولمىغىدەك، — دەپ ۋارقىراپ - جارقىراپتۇ. قۇيرۇقلىرى مەھكەم چېگىلگەن تۈلكىلەر ئالاقىزادە بولۇشۇپ ھەر قايسىسى ھەرتەرەپكە تارتىشىپ قۇيرۇقلىرى ئۈزۈلۈپ ئاران دېگەندە جانلىرىنى ياقىغا ئاپتۇ. تۈلكىلەرنى ئەخمەق قىلغان ھېلىگەر تۈلكە خۇشاللىقىنى باسالمىغان ھالدا:

— سەنمۇ بولدۇڭ سۇلتەك، مەنمۇ بولدۇم سۇلتەك، سۇلتەك ئاداش - سۇلتەك، سەنمۇ بولدۇڭ كۈلتەك، مەنمۇ بولدۇم كۈلتەك، — دەپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. «تەڭ كۆرمەك تەڭلا كېلەر، ئالدىرىماڭ ئاستا كېلەر» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## 3408 ۋاپاسىز ئوغۇللار

بۇرۇنقى زاماندا جاھانغا نام ـ ئاتىقى پۇر كەتكەن بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ جان ھەلقۇمىغا يەتكەندە، ئانىسىدىن يېتىم قالغان ئۈچ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ ئاتىلىق ۋەسىيىتىنى باشلاپتۇ:

— مەن قازا قىلغاندىن كېيىن، — دەپتۇ باي، — ھايات ۋاقتىمدىكىدەك ئىناق ئۆتۈڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى ھۆرمەتلەڭلار، بۆلگۈنچىلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىك قىلماڭلار، كىمىكى ۋەسىيەتىمگە ئەمەل قىلماي پەيلىنى بۇزسا، ئۇ شۇكۈنى ھالاك بولۇر......

ئۇ، شۇ گەپلەردىن كېيىن ياستۇقى ئاستىدىن رەختكە ئورالغان توققۇز جىڭلىك ئېغىرلىقتىكى ئالتۇننى ئېلىپ، باللىرىنىڭ خىراجەت قىلىشىغا بېرىۋېتىپ ئاغزى گەپتىن، يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپتۇ. باللار ھازا ئېچىپتۇ، چارۋا ـ ماللىرىنى سەرپ قىلىپ دادىسىنىڭ نەزىرىنى بېرىپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ ئوغۇللار دادىسىدىن مىراس قالغان ئالتۇننىڭ بىر قىسمىغا ئالەمنى ساياھەت قىلماق بولۇشۇپ بىر قىسىم ئالتۇننى ئۆي ئىچىگە يوشۇرۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. بىر ئاي يول يۈرۈپ ئاۋات بىر شەھەرنىڭ بىر چېتىدە كەڭرى كەتكەن يايلاققا ئات ـ خېچىرلىرىنى قويۇۋېتىپ دەرەخ سايىسىدا ھاردۇق ئاپتۇ.

— ئۈكىلار، — دەپتۇ چوڭ ئوغۇل، شەھەرگە كىرىشتىن بۇرۇن كېلىشتۇرۇپ بىر تاماق تەييارلاپ غىزالىنىپ ئاندىن شەھەردە تاماشا قىلساق قانداق؟

ئاچلىقتىن ماغدۇرى ئۈزۈلگەن ئىككىيلەنگىمۇ بۇ مەسلىھەت تازا يېقىپتۇ. چوڭ ئوغۇل ئىش تەقسىملەپتۇ ۋە ئۆزى شەھەرگە تۇز، ياغ، گۆرۈچ، گۆش، سەۋزە سېتىۋېلىشقا مېڭىپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل قازان تېپىپ ئوچاق ياساشقا، كەنجى ئوغۇل جاڭگالدىن ئوتۇن تېرىپ كېلىشكە مېڭىپتۇ. چوڭ ئوغۇل تۇز سېتىۋېلىشقا كېتىۋېتىپ: «شەھەردىن تېز قايتىپ چىقىپ ئىنىلىرىمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆيىمىزگە يوشۇرغان ئالتۇننى ئۆزەم ئالىمەن» دەپ ئويلاپتۇ — دە، ئىنىلىرىنى تۈيدۇرماي ئۆلتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ، ئۇ شەھەرگە كىرىپ ئازراق زەھەر سېتىۋېلىپ، ئۇنى سۇ يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ يولغا چۈشۈپتۇ، ئوتتۇرانچى ئوغلىمۇ ئۆيىمۇ — ئۆي قازان سوراپ كېتىۋېتىپ، بىر پالتىمۇ ئارىيەت ئاپتۇ ۋە: «ئاكام بىلەن ئۇكامدىن بۇرۇن بېرىپ ئۇلارنى پالتا بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈپ ئالتۇننى ئۆزەم ئالىمەن» دېگەنلەرنى خىياللىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. كەنجى ئوغۇل جاڭگالدىن ئوتۇن تېرىۋاتقاندا، ئۇنىڭ تېرىۋاتقىنى ئوتۇن بولماستىن ئالتۇن بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ. ئاكىلىرىدىن بۇرۇن بېرىپ، ئۇلارنى ئۈچرىتۇرۇپ ئۆمۈرلۈك ۋەجىگە ئىگە بولۇشنى ئويلاپ، ئوتۇن ئارىسىغا يوغان بىر پارچە تاشنى يوشۇرۇپ قايتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرانجى ئوغۇل ھەممىدىن بۇرۇن قايتىپ كېلىپ، ئوچاق راسلاپ قازاننى ئېسىپ بىرەرسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ، شۇ ئەسنادا، ئاكىسى گۆش، گۆرۈچ، ياغ سەۋزە، تۇز سېتىۋېلىپ يېتىپ كەپتۇ،

تۇ، ئوچاق ئالدىغا نەرسە - كېرەكلەرنى قويۇشقا شۇنداق ئېگىشكەنىكەن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن ئوتتۇرانچى ئېنىسى كالىسىغا پالتا بىلەن بىرنى ئۇرۇپتۇ، چوڭ ئوغۇلنىڭ مېڭىسى قېتىقتەك چاچراپ چىقىپ جان بېرىپتۇ. ئۇ جەسەتنى يېقىنلا يەردىكى دۆڭ ئارقىسىغا تاشلىۋېتىپ، كىچىك ئوغۇلنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. كىچىك ئوغۇل يېتىپ كېلىپ ئوتۇننى يەردە قويۇشقا ئېگىشىۋاتقاندا، ئوتتۇرانچى ئوغۇل پالتا بىلەن ئۇنىڭ مېڭىسىنى چەنلەپ بىر ئۇرۇپتىكەن، ئۇمۇ جەھەننەمگە سەپەر قىپتۇ، ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئالتۇننىڭ ئۆزىگىلا قالغانلىقىدىن دىلى يايراپ، كۆڭلى شادىمان بولۇپ خۇدىنى يوقىتىپتۇ ۋە قورساقنى توقلاش ئۈچۈن پولۇغا تۇتۇش قىپتۇ، ئۇ ھايال ئۆتمەي پولۇ تەييارلاپ ئىشتىھا بىلەن ئۈچ، تۆت كاپام يېگەنىكەن، كۆڭلى ئايلىنىپ، بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، پۈتۈن بەدىنى سىقىراپ، ئالەم پىقىراپ چۆرگىلەشكە باشلاپتۇ. زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغان ياغدا پىشۇرۇلغان پولۇ ئۇنىڭغىمۇ ئەجەل ئاتا قىپتۇ. ئاتا ۋەسىيىتىنى دەپسەندە قىلىپ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بەدىلىگە مال - دۇنياغا ئىگە بولۇشنى خىيال قىلىشقان بۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ ھېچقايسىسىغا ئۈيىگە كۆمۈپ قويغان ئالتۇن نېسىپ بولماي، ھەممىسى ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى يىقىلىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئادارخان ئىسلام، رەتلىگۈچى: مۇھەممەت ھېكىم.

# 3419 ئەجابەت قىلىنغان دۇئا

قەدىمكى زاماندا ئەرەب مەملىكەتلىرىنىڭ مەككە شەھىرىدىن ئۈچ كىشى مەدىنىگە سەپەر قىپتۇ. ئۇلار ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، ئوھۇت ناملىق بىر تاغلىق رايونغا يېتىپ كەپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ يول يۈرۈشى قىيىنلىشىپ كېتىپتۇ، ئىلاجىسىز قالغاندىن كېيىن، تاغ ئىچىدە بىر ئۆڭكۈرنى تېپىپ يامغۇردىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشىپتۇ. بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن كىم بىلسۇن، ئۇلارنىڭ بەختىگە قارشى ئېگىز تاغ ئۈستىدىن يوغان بىر تاش دومىلاپ چۈشۈپ، ئۇلار تۇرغان ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىۋاپتۇ، ئۇلار: قانداق قىلىش كېرەك؟ «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، مانا ئەمدى مۇشۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈردىن چىقالماي ئۆلىدىغان بولدۇق دېيىشىپ ئۆز ئارا ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ، ئۇلار نالە - زارە قىلىشىپتۇ. بىراق، بۇ جايدىن چىقىشقا ھېچ ئامال قىلالماپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى غەمگە پېتىپ بۇ دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ھالدا: «دەرد ئەلەملەر كېلىدۇ ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا ، سايدا تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ كۆزدىن ئاققان ياشىغا» دېگەن نەزمىنى ئوقۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ، ئۇلار ھەرقانچە قىلسىمۇ بۇ تاش گۆردىن چىقىشقا ئامال قىلالماي ئاخىرىدا مۇنداق قارارغا كېلىشىپتۇ.

— بىز ئۆچىمىز كىچىك چېغىمىزدىنلا ئىسلام دىنىغا سادىق بولۇپ خۇداغا تائەت - ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرمىز. شۇڭا ھەر قايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ قىلغان ئەڭ ياخشى ئەمەللىرىمىزدىن بىرەرسىنى شەپى كەلتۈرۈپ، ئاللاتائالادىن مۇشۇ تاشنى يۆتكەپ بىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلايلى، ناۋادا دۇئايىمىز ئىجابەت بولۇپ قېلىپ ئامان قالساق ئەجەب ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا مەن بىر دۇئا قىلىپ باقايمۇ؟ — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئۇلار ئىچىدىكى ياشانغان بىرسى، — ئىبارا خۇدايا، مەن سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانامغا بىجانىدىل خىزمەت قىلغۇچىمەن. مېنىڭ ئاتا - ئانام قېرىغان بولۇپ، مەن بىر نەچچە بالىلىق بولغان چاغلاردا ئۇلاردىن خەۋەر ئالاتتىم. بىزنىڭ نۇرغۇن چارۋىلىرىمىز بولۇپ، ھەركۈنلىكى مەن چارۋىلارنى يايلاقتا بېقىپ كېلىپ، ئاخشاملىرى بولسا سېغىنلارنى سېغىپ سۈتىنى ئاۋۋال ئاتا - ئانامغا ئىچكۈزۈپ قالغىنىنى بالىلارغا بېرەتتىم. ئاتا-ئانامۇ مېنىڭ خىزمىتىمدىن رازى ئىدى. بىر كۈنلۈكى مەن چارۋىلارنى يىراق جاڭگاللارغا ئېلىپ بارغاچقا، ئۆيگە كەچ قايتىپ كەلدىم. مەن سىيىرلارنى سېغىپ ئۆيگە كىرگەندە، ئاتا - ئانام خۇپتەن نامازلىرىنى ئوقۇشۇپ ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ قاپتۇ. سۈت سېغىپ كىرگىنىمنى كۆرگەن بالىلىرىم مېنىڭ ئالدىمغا يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ، سۈت ئىچىمىز، دەپ نالە قىلىشتى. مەن كۈندىكى ئادىتىم بويىچە ئاتا - ئانام ئويغانسا ئاۋۋال ئۇلارغا بېرىپ، ئاشقىنىنى سالەرگە بېرىمەن دەپ بالىلارغا بەرمەي، ئاتا - ئانامنىڭ بېشىدا سۈتنى كۆتۈرۈپ قاراپ تۇردۇم. بالىلىرىمۇ پاچىقىمغا يامىشىپ يىغلىشىۋەردى. مۇشۇ ھالەتتە بىر كېچە ئۆ-

تۆپ كەتتى. سۈبھى يورۇپ ئەزان ۋاقتى بولدى. ئاتا - ئا-
نام ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. مەن سۈتنى
ئاۋۋال ئۇلارغا بېرىپ، ئاندىن بالىلارغا قالمىش سۈتنى بۆ-
لۈپ بەردىم. مېنىڭ بۇ خىل ئادىتىم ئون نەچچە يىل داۋام-
لاشقانتى... مېنىڭ مۇشۇ قىلغان خىزمىتىمنىڭ ھەققى - ھۆر-
مىتىدىن مۇشۇ ئۆڭكۈر ئالدىدىكى يوغان تاشنى قۇدرەت كا-
مالىڭ بىلەن بىر ئاز يىراق قىلىپ، بىر ئاز يورۇقلۇق ھا-
سىل قىلىپ بەرسەڭ!

ئاللا تائالا بۇ كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ھېلى-
قى تاشنى بىر ئاز يىراق قىلىپ ئازراق كۈن نۇرىنى چۈشۈ-
رۈپ بېرىپتۇ. ئۇلار خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ كېتىپتۇ.

— ئەمدى ئۆلمەيدىغان بولدۇق. مەنمۇ بىر دۇئا قىلىپ
باقسام قانداق؟ — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئىككىنچى كىشى ئورنى-
دىن تۇرۇپ قىبلىغا قاراپ تۇرۇپ، — ئىبارا خۇدايا، مەن
بولسام ئابدۇللاھى ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئوغلى بولىمەن. مې-
نىڭ تاغامنىڭ بىر قىزى بولۇپ ئۇ قىز چىرايلىق نازىنىن،
ھەم ئەقىللىق ئىدى. مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قىزغا
ئاشىق بولۇپ قالدىم، دەل شۇ چاغدا ئەس-ھۇشۇمنى يوقىتىپ
قىزنى قولغا چۈشۈرۈپ يېقىنلاشماقچى بولۇپ، قىزنىڭ يالغۇز
قالغان ۋاقتىنى پەملەپ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭغا مەقسەت مۇد-
دىئايىمنى ئاشكارا قىلىپ، قىزغا 30 تەڭگە پۇلنى تەڭلەپ،
يالۋۇردۇم. كىم بىلسۇن، بۇ قىز بەختىمگە قارشى تەلەپىمنى،
رەت قىلدى. مەن بۇ پۇلنى ئاز كۆرگەن بولسا كېرەك دەپ،
يېنىمدىن يەنە 20 تەڭگىنى قوشۇپ ئەللىك تەڭگە پۇلنى تەڭ-
لىدىم. قىز يەنىلا رەت قىلدى. مەن قايتىپ كېلىپ بىر ئا-

غىنىمەدىن ئەللىك تەڭگە پۇل ئۆتنە ئېلىپ قىزغا 100 تەڭگە قىلىپ ئالدىغا قويۇپ «ئەمدىغۇ ماقۇل بولارسەن؟» دەپ سورىدىم. قىز يەنىلا رەت قىلدى. مەن دەرغەزەپ بولۇپ قىزنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مەجبۇرى كىردىم ھەمدە مەجبۇرى ھالدا مەقسىتىمگە يەتمەكچى بولدۇم. بۇ چاغدا قىز: «ئى ئاغامنىڭ ئوغلى، خۇدادىن قورقمامسەن؟ مەخلۇقتىن ئۇياتمامسەن؟ نىكاھسىز تۇرۇپ نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ سەن قائىدە بويىچە نىكاھ ۋە توي-مەرىكە ئۆتكۈزسەڭ ئاندىن مەقسىتىڭ ئىجابەت بولمامدۇ؟» دەپ ۋارقىرىدى. مەن بۇ قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دەرھال نىيىتىمدىن يېنىپ ئۆيگە قايتىپ توي ئىشلىرىغا مەشغۇل بولغانىدىم. مېنىڭ بۇ ئىشىمنى ئۆزەڭدىن ھەم ھېلىقى قىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. مېنىڭ ئەشۇ گۇناھى كەبىردىن يانغانلىقىمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىدىن مۇشۇ تاشنى يەنە يىراق قىلدۇۋەتسەڭ!

ئاللاتائالا بۇ كىشىنىڭ دۇئاسىنىمۇ قوبۇل قىلىپ، قۇدرەت كامالى بىلەن ھېلىقى تاشنى بۇرۇنقى ھالەتتىن يىراق قىپتۇ.

— مەنمۇ بىر دۇئا قىلىپ باقسام، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئۆڭكۈردىن چىقىۋېلىشقا كۆزى يەتكەن 3 ـ كىشى، — ئى ئاللا مەن سېنىڭ دىدارلىقىڭنى ئىزلەپ ھازىرغا قەدەر كىشىنىڭ ھەققىدىن قېچىپ ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرسى. مەن دېھقان بولۇپ چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ، تۇرمۇش كۆچۈرۈپ، ھالال ئەمگەك قىلىپ، تائەت ـ ئىبادەتتە تۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. بۇ ئىش ئۆزەڭگە مەلۇم. مەن بىر كۈنى بىر نامرات قۇلنى بىر كۈنلۈك مەدىكارلىققا سېتىۋالدىم،

ئىش ھەققىگە ئالتە سەر ئارپا بېرىشنى ۋەدە قىلغانىدىم.
دېگەندەك، ھېلىقى كىشى بىر كۈنلۈك ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ
قايتماقچى بولۇپ مەندىن ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلدى. مەن
ھېلىقى ۋەدىلەشكەن ئالتە سەر ئارپىنى بېرىشكە ئۇنىماي قىز-
رۇق يولغا سالدىم. ھېلىقى كىشى نارازىي ھالدا كايىپ: «ھازىر
ھەققىمنى بەرمىسەڭ قىيامەت كۈنىغۇ ئالارمەن! بەرمىسەڭ
سەن شۇ نەرسىدە باي بولۇۋال!» دەپ قايتىپ كەتتى. مەن مە-
دىكار كەتكەندىن كېيىن، بۇ قىلمىشلىرىمنىڭ خاتالىقىنى
ئويلاپ، ھېلىقى ئادەمنى ئىزلەپ ھېچ تاپالمىدىم، ئاخىرى
ھېلىقى ئالتە سەر ئارپىنى ئۇرۇقلۇق قىلىپ تۇرغۇزۇلغان
ئاشلىق كىرىم قىلىۋالدىم. بۇ ئادەمگە بېرەي دەپ قانچە
ئىزلەپ يەنە ئىز - دېرىكىنى ئالالماي ئاخىرى ئاشلىقنى سې-
تىپ چارۋا قىلىپ يايلاققا قوشۇپ قويدۇم. ئاردىن ئون
نەچچە يىل ۋاقىت ئۆتتى. چارۋىلار يىلدىن - يىلغا كۆپى-
يىپ باردى. ئاخىرى بۇ چارۋىلارغا بىر پادىچىنى سېتىۋې-
لىپ يايلاقتا باققۇزدۇم. بىر كۈنىكى مەن بازاردا ھېلىقى
كىشىنى ئۇچراتتىم. خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بو-
لۇپ بۇ كىشىنى يايلاققا باشلاپ كېلىپ: «بۇ چارۋىلارنى ھەم
پادىچىنى سېنىڭ ئون نەچچە يىل بۇرۇنقى ئالتە سەر ئار-
پاڭ بەدىلىگە تەييارلاپ قويدۇم. تاپشۇرۇپ ئېلىپ رازى بول-
غىن!» دېدىم. ھېلىقى كىشى تەئەججۇپلەنگەن ھالدا، «بۇ قانـ
داق گەپ؟ سەن مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىسەن، سەن مال - دۇنـ
يالىرىڭغا ئىشىنىپ مېنى مەسخىرە قىلماقچىمۇسەن؟» دەپ يول-
غا چىقتى. مەن كەمتەرلىك بىلەن ئۇ كىشىنىڭ ئالدىنى تو-
سۇپ: «ئى بۇرادەر، مەن سېنى ھەرگىزمۇ زاڭلىق قىلىپ ئال-

داۋاتقىنىم يوق، خۇدا ھەققى، مەن ساڭا راس گېپىمنى قىلىۋاتىمەن. مېنىڭ ئۆمرۈم ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. مېنىڭ باشقا قىلغان گۇناھلىرىمنى ئاللا تائالادىن تىلىسەم ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ. بىراق، سېنىڭ بىر كۈنلۈك ئىش ھەققىڭنى مەن قايتۇرماي ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتسەم سېنى رازى قىلمىغىچە ئاللا تائالا بۇ گۇناھنى كۆچۈرمەيدۇ. شۇڭا سېنىڭ ھەققىڭ شۇنچىلا غولداپ كەتسىمۇ ساڭا تاپشۇرماقچى. سەن مېنى كەچۈرۈپ رازى بولۇپ ماۋۇ پادىچى بىلەن چارۋىلارنى تاپشۇرۇپ ئالغىن» دېدىم. ھېلىقى كىشى مەندىن تەسىرلەنگەن ھالدا بىر كۈنلۈك ئىشىدىن رازى بولۇپ كۆز يېشى بىلەن دۇئا قىلىپ، مال - دۇنياسىنى ئېلىپ كەتتى. ئى ئاللا مېنىڭ مۇشۇ قىلغان ئىشلىرىم ئۆزەڭگە ئايان. مېنىڭ بالا - چاقىلىرىم بارتى. بۇ قېتىم كۆرۈشۈپ رازىلىشىپ ئالسام، مېنىڭ ئەشۇ ياخشىلىقىمنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىدىن قۇدرەتكامالىڭ ئارقىلىق مۇشۇ ئۆڭكۈر ئالدىدا تۇرغان تاشنى ئۇزۇل - كېسىل يۆتكەپ، بىزنى چىقىپ كېتىشكە ئامانلىق يارىتىپ بەرسەڭ!

ئاللا تائالا بۇ كىشىنىڭمۇ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ھېلىقى تاشنى «قايتىپ كەل!» دەپ خىتاپ قىلغان ئاۋاز بىلەن، ئېغىر تاش كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. ھېلىقى ئۈچ كىشى مەدىنىگە قاراپ خۇشال - خۇرام يول ئاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چوڭقۇرچاق يېزا 6 - كەنتتىن: ئابدۇرېھىم توبۇل

# 3413 ئۆز ئەقلىگە ئىشەنگەن يولۇچى

قەدىمكى زاماندا، بىر يولۇچى بىر تاغار گۈرۈچنى تۆگىگە ئارتىپ، خارەزىم شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، بىراق تاغارغا لىق قاچىلانغان گۈرۈچ تۆگىنىڭ دۈمبىسىدە بىر دەم بىر تەرەپكە، يەنە بىردەم بىر تەرەپكە يىكىدەپ كېتىپ، يولۇچىنى بەك چارچىتىپتۇ. خارەزىم چۆلىگە كەلگەندە، يولۇچى بىر ئەقىل تېپىپتۇ - دە، ئىككىنچى بىر تاغارغا لىق قۇم قاچىلاپ ئىككى تەرەپكە تەڭشەك قىلىپ تۆگىگە ئارتىپ يولىنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ، بىر چاغدا ئالدى تەرەپكە قارىسا كىچىككىنە بىر تېرە تۇلۇم يۈدۈۋالغان كىشى كۆرۈنۈپتۇ. يولۇچى: «ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەمراھلىق بولمايمۇ» دەپ ئويلاپ، تۆگىنى ئىلدام ھەيدەپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋاپتۇ ۋە ئەدەپ بىلەن:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم-دەپتۇ. تۇلۇم يۈدۈۋالغان كىشى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، - دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھال - ئەھۋاللىشىپ مېڭىپتۇ، بىر ھازادىن كېيىن تۇلۇمنى يۈدۈۋالغان يولۇچى سوراپتۇ:

— تەخسىر، تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى قانداق مال؟

— بىر تاغاردىكى گۈرۈچ، يەنە بىر تاغاردىكى قۇم، — دەپتۇ تۆگىچى.

— قۇمنى نېمىگە ئېلىۋالا؟

— يۈكنى تەكشەپ ئارتىش ئۈچۈن.

— توۋا، ئۇنداق قىلغىچە قومنى تۆكۈۋېتىپ، گورۇچنى ئىككى تاغارغا باراۋەر قاچىلاپ ئاندىن ئارتىسىلا تۆگىنىڭ يۈكى يېنىكلەيدۇ ئەمەسمۇ؟ - دەپ كايىپتۇ تۇلۇم يىۈدۈۋالىغان كىشى.

تۆگىچى تۇلۇم يۈدۈۋالغان ھەمراھىنىڭ پەمىگە قايىل بوپتۇ - دە، دەرھال شۇنىڭدەك قىپتۇ. تۆگىمۇ يېنىكلەپ ئىلدام مېڭىشقا باشلاپتۇ. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن تۆگىچى خىيال سۈرۈپ: «توختا، مەندەك بىر پەمى يىوق ئادەمنىڭ نېمىلا بولمىسۇن بىر تاغار گورۇچۇم بولغىنىغا قارىغانىدا، مۇنۇ پەمى بار كىشىنىڭ يەلكىسىدىكى تۇلۇمدا، بىەلكى ئالتۇن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ ۋە بىرلىپ باقماقچى بولۇپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ.

— تەخسىر، ئۆزلىرىنىڭ يەلكىسىدىكى تۇلۇمدا قانداق مال باركىن؟

— تۇلۇمدا ئوزۇق قىلىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان تېرىىق تالقىنى بار. ئىشەنمىسىلە مانا،-دەپ تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كۆرسىتىپتۇ ھېلىقى كىشى.

يول يەنە داۋاملىشىۋېرىپتۇ. تۆگىسى بار يولۇچى يەنە خىيال سۈرۈپتۇ، ئۇ: «مەن ئىلگىرى خارەزىم چۆلىنىڭ قوينى تۇرلۇك - تۇمەن كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ، دەپ ئاڭلىغان شۇڭەپ ئېسىمدە بولغاچقا بىر تاغار قۇم ئېلىۋالغانىدىم. كېيىن بۇ كىشىنىڭ زېرەكلىكىگە قايىل بولۇپ، ئىشنى باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپتىمەن، ئامما - يىۇ، پەملىك كىشىنىڭ ئاران بىر تۇلۇم تالقاندىن باشقا ھېچ نېمىسى يوق ئىكەن،

مىنىڭ پەمىم بولمىسىمۇ ئۆز ئەقلىمگە تايىنىپ ئىش كۆرگەچكە، بىر تۆگەم، بىر تاغار گۈرۈچۈم بار» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ-دە، تۆگىنىڭ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ چۆلدە قاپتۇ. تۈلۈمچىنىڭ قارىسى يوتكەندىن كېيىن، يەنە ئاۋۋال قەدەك گۈرۈچنى بىر تاغارغا، خارازىم قۇمىنى يەنە بىر تاغارغا قاچىلاپ تەڭشەك قىلىپ ئارتىپ يولىنى داۋام قىپتۇ.

تۆگىچى ئون نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، خارەزىم شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. كاتتا بىر سارايغا چۈشۈپ ھاردۇق چىقىراي دەپ تۇرسا، چوڭكوچىدا جاكارچىنىڭ:

— ئەي ھالايىق، ئىشىتىڭلار ئامما-خاس، پادىشاھى ئالەمنىڭ ئارزۇلۇق قىزى سوغۇق يەلدىن پالەچ كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان. تېۋىپ ئۇنىڭغا خارەزىم چۆلىنىڭ قۇمى شىپا بولىدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلدى، كىمدە-كىم خارەزىم چۆلىنىڭ قۇمىدىن تېپىپ كەلسە، ئون مىڭ دىنار ئالتۇن ئىنئام قىلىنىدۇ — دېگەن جاكارنى ئاڭلاپتۇ-دە، شۇ ھامان ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ بىر تاغار قۇمنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپ، ئون مىڭ دىنار ئالتۇنغا ئىگە بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈگىمەس بايلىققا ئېرىشكەن بۇ تۆگىچى، تۇرمۇشىنى باياشات ئۆتكۈزۈش بىلەن بىللە، يۇرت-يۇرتلارغا يول ياسىتىپتۇ، كۆل چاپتۇرۇپتۇ، مەكتەپلەرنى سالدۇرۇپتۇ. مانا شۇ كۈندىن تارتىپ ئۆز ئەقلىگە ئىشىنىپ، ئاۋام خەلققە پايدىسى تېگىدىغانلىكى ئىشنى ئىككىلەنمەي قىلىۋېرىدىغان بوپتۇ، خەلقمۇ ئۇنىڭغا چەكسىز بەخت-سائادەت تىلەۋېرىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: پەيزاۋات ناھىيە ئۆدەكلىك يېزىسىدىن: مامۇت ھۆسەيىن
رەتلىگۈچى: ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن: ئابلىمىت باتۇر

## 3503 ئەقىللىق قىز

بۇرۇنقى زاماندا بىر زالىم پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. بۇ پادىشاھ كىشىلەرنى ئەخمەق قىلىش ھېسابىغا كۆڭلىنى خوش قىلىدىكەن، ئاچكۆزلۈكتە ئۇچىغا چىققان ئىكەن. گەپدانلىقتا ھېچكىمدىن يېڭىلىپ باقمىغان ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ھەپتىلىك شىكارغا تەييارلىق قىلىپ، 40 نەپەر خاس نەۋكەرنى ئېلىپ ئوۋغا مېڭىپتۇ.

پادىشاھ تەۋەلىكىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر يېزىغا بېرىپ قاپتۇ. قارىسا، بۇ يەردە ئون نەچچىلا ئۆيلۈك ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، يېزىنىڭ سىرتىدا ناھايىتى كۆجۈم، خۇش ھاۋالىق بىر باغ بار ئىكەن. باغدا جاھاندىكى رەڭگا-رەڭ گۈللەر ۋە بارلىق مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى تېپىلىدىكەن، خوش ناۋا بۇلبۇل، تۇتى قۇشلار چاك-چاك سايراپ تۇرىدىكەن. ئىش قىلىپ، ھەممە گۈزەللىك بۇ باغقا مۇجەسسەملەنگەن ئىكەن. پادىشاھ باغنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. تەئەججۈپ بىلەن باغ ئىشىكىدە تۇرۇپ:

— ئادەم بارمۇ؟ — دەپ چاقىرىپتۇ. باغدىن پادىشاھنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن بەللىرى مۈكچەيگەن، قېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىر قېرى كىشى چىقىپ كەپتۇ. شاھنى كۆرۈش بىلەن ئېگىلىپ قۇللۇق بىلدۈرۈپ باغقا تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ باغقا كىرىپ، كۆڭلى خالىغان

مېۋىلەردىن ئۈزۈپ يەپتۇ. ھەممە جايلارنى ساياھەت قىلىپ كۆڭلىنى ئېچىپتۇ. باغنىڭ گۈزەللىكى پادىشاھنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋاپتۇ. پادىشاھ باغنى سەيلە قىلىپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندە بوۋاينىڭ كەپىسىگە بېرىپتۇ. كەپىدىن پەرىزاتتەك گۈزەل بىر قىز چىقىپ پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرىغا بىر ئاياقتىن ئانار شەربىتى، بىر ئاپقۇردىن سۈت بېرىپتۇ. پادىشاھ باغنىڭ گۈزەللىكىگە قانداق ھەيران قالغان بولسا قىزنى كۆرۈپ شۇنداق ھەيران قاپتۇ.

— بوۋا بۇ كىمنىڭ قىزى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ بوۋايدىن.

— مېنىڭ قىزىم، — دەپتۇ بوۋاي، — يەتتە ئوغلۇم، يالغۇز مۇشۇ بىرلا قىزىم بار.

پادىشاھنىڭ باغ بىلەن قىزنى كۆرۈپ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ ۋە:

«ئوردىغا بېرىپ بىر ئامال قىلىپ باغ بىلەن قىزنى ئۆزەمگە قارىتىپ خاس ھەرەمباغ قىلاي» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. پادىشاھ ئوردىغا كىرىپ ۋەزىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— مانا بۇ يەتتە قوشقارنى ھېلىقى چاغدىكى قېرىدىغا ئاپىرىپ بەرگىن. قىرىق كۈن ئىچىدە ئۇنى تۇغدۇرۇپ ئون تۆت قىلسۇن. ئەگەر تۇغدۇرالمىسا كاللىسى ئېلىنىدۇ. مال - مۈلكى غەزىنەمگە تاپشۇرۇلىدۇ، — دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

بوۋاي بۇ خەۋەردىن قاتتىق پەرىشان بوپتۇ. كۈن بويى غەم - قايغۇدا يۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئون كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

بوۋاي بۇ خەۋەرنى ئوغۇللىرىغا، يۇرت - مەھەللىسىگىمۇ ئېيتىپتۇ. لېكىن قىزىدىن سىر تۇتۇپ يۈرۈپتۇ.

ئەقىللىق قىز دادىسىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشتىن نېمىلەرنىدۇ سېزىپتۇ ۋە دادىسىدىن كوچىلاپ سوراپ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىۋاپتۇ.

قىز بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئى دادا، بۇنچىلا غەم قىلماي بۈگۈندىن باشلاپ ھەر ئۈچ كۈندە بىردىن قوچقارنى ئۆلتۈرۈڭ. سويۇپ يەيلى، قالغان چارىسىنى ئۆزۈم قىلىمەن، — دەپتۇ.

— قىزىم ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ئۇنداق قىلساق پادىشاھ بىزنى بىئەجەل ئۆلتۈرىدۇ، قوچقارلارغا تەگمەيلى، — دەپتۇ بوۋاي.

— ياق، — دەپتۇ قىز، — قوچقارلارنى يېمىسەكمۇ، بەرىبىر بىزنى ئۆلتۈرىدىغۇ؟ قالغىنىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ.

بوۋاي قىزىنىڭ دېگىنى بويىچە ھەر ئۈچ كۈندە بىردىن قوچقارنى سويۇپ يەپتۇ.

بەلگىلەنگەن مۇددەتمۇ توشاي دەپ قاپتۇ. ئارىدىن ئوتتۇز توققۇز كۈن ئۆتۈپ قىرىق كۈن توشۇپتۇ. قىز دادىسى بىلەن يەتتە ئاكىسىنى تۆشەككە ① يۆگەپ قاتار قىلىپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئۆزى ئۇلارنىڭ بېشىدا يۇرۇپ ئىسرىق سېلىشقا باشلاپتۇ.

بىر چاغدا پادىشاھ قىرىق نەۋكەرنى ئېلىپ ۋەزىرنىڭ ھەمراھلىقىدا باغنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە زور تاما بىلەن كۆرەڭلەپ بوۋاينى چاقىرىپتۇ. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۆيدىن قىز چىقىپتۇ ۋە شاھقا سالام قىلىپ تۇرۇپ يەنە ئىسرىق سېلىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

① تۆشەك — يوتقان مەنىسىدە

— ھوي، — دەپتۇ پادىشاھ، — كىمنىڭ كۆزى يورۇماقچى ئىدى، ئىسرىق سېلىۋاتىسەنغۇ؟

— ھەي… شاھىم، — دەپتۇ قىز دانىمۇ ـ دانە قىلىپ جاۋاب بېرىپ، — خەۋەرلىرى بولمىسا كېرەك. سىلەر تۇغدۇرغىلى بەرگەن قوچقارلار دادام بىلەن يەتتە ئاكامنى قوغلاپ بوغاز قىلىپ قويغانىدى. ھازىر كۆزى يورۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ قوچقارلار خاسىيەتلىك قوچقارلار ئىكەن. شۇڭا ھەممە يەردىن ئەر كىشىلەر كۆپلەپ كېلىپ ئۆزىنى قوچقارغا قويدۇرۇۋاتىدۇ.

قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئاچچىقى بىلەن:

— ھوي قىز ساراڭ بولۇپ قالمىغانسەن؟ قوچقار ئەر كىشىنى قوغلاپ تۇغقان نەدە بار! — دەپتۇ.

— يوقسۇ شاھىم، — دەپتۇ قىز مۇگەپ بەرمەي، ئىشەنمىسىلە قوچقارغا ئۆزلىرىنى قويۇپ كۆرۈپ باقسىلا!

قىز ئېغىل تەرەپكە مېڭىپتۇ. بايا تىنىدىن بېرى بۇ ئىككىلەننىڭ سۆھبىتىنى تىڭشاپ تۇرغان ۋەزىر باشلىق نەۋكەرلەر قىزنىڭ گېپىنى راست دەپ بىلىپ، قوچقار چىقسا چاتاق قىلىشىدىن قورقۇپ ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى بۇراپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. ۋەزىر نەۋكەرلەردىن ئايرىلىپ تۇرغان شاھمۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپتۇ-دە، ۋەزىرنىڭ كەينىدىن شەھەرگە قاراپ بەدەر قېچىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا پادىشاھ كېيىنكى ئۆمرىدە بۇ يېزىغا ئىككىنچى قېتىم قەدەم باسمىغان ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مارالبېشى بازارلىق 2 ـ ئائىلە كومىتېتىدىن ئىمىرگۈسۈن قۇربان.

## 3419 ياقۇپ تېۋىپ ۋە ئۇنىڭ ئەخمەق ئوغلى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ، 18 مىڭ ئالەمگە پادىشاھ ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ پادىشاھقا شۇنداق بىر خىيال كەپتۇ: «مەن 18 مىڭ ئالەمگە پادىشاھ ئىكەنمەن، نۇرغۇن نەرسىلەر مېنىڭ ئىلكىمدە ئىكەن. نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرۈپتىمەن، مەن مۇشۇنداق شانۇ - شەۋكەت بىلەن ياشايمەن. ئەمدى ئادەم ئۆلمەيدىغان دورىمۇ بارمىدۇ، ئۇنى تاپقۇزۇشقا بولارمۇ؟ مەن شۇنداق بىر دورا تاپسام مەڭگۈ ياشىسام» دەپ ئويلاپتۇ - دە، دەرھال قۇرئانداز، مەسلىھەتچى، ۋەزىرلەرنى يىغىپتۇ. ئۇلارغا پادىشاھ:

— ئەي قۇرئاندازلىرىم، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار مېنىڭ دۆلىتىمنى كۆپ كۆردۈڭلار، ئەمدىلىكتە مېنىڭ بىر تاپشۇرۇقۇم بار، شۇنى ئورۇنلاپ بەرسەڭلار - دەپتۇ.

— باش ئۈستىگە! - دەپتۇ قۇرئاندازلار.

— ئۇنداقتا، تاپالمىساڭلار كاللاڭلار ئېلىنىدۇ. ھازىردىن باشلاپ قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بېرىلدى، ھەممىڭلار قۇرئان ئېچىپ، ئادەم ئۆلمەيدىغان دورا تېپىڭلار! - دەپتۇ.

تۆت مىڭ قۇرئانداز شۇ سائەت، شۇ مىنۇتتىن باشلاپ قۇرئان ئېچىپتۇ، كۆپ كىتابلارنى كۆرۈپتۇ. ئوتتۇز توققۇز كۈن بولغۇچە ئاردىلىقتا نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى كۆرگەن بول-

سىمۇ، ھېچ بىر نەتىجە چىقماپتۇ. قىرىقىنچى كۈنى بىر كى-
تابىتىن بۇنىڭغا جاۋاب چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پادىشاھى
ئالەمنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى بار
ئىكەن. 18 مىڭ ئالەمنىڭ چېتىدە بىر تۈپ دەرەخ بار ئىكەن.
بۇ دەرەخ زەمزەم دەرىخى دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن داۋام-
لىق زەمزەم سۈيى تامچىلاپ تۇرىدىكەن. شۇنىڭدىن بىر
تامچە ئىچسە، ئادەم ئۆلمەيدىكەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ بىر ۋەزىرنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ،
ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى، قۇرئاندازلىرىنى، لابى - لەشكەرلى-
رىنى ئېلىپ شۇ يەرگە بارماقچى بولۇپ، تەييارلىق قىپتۇ.
خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۇ-
زاق يوللارنى بېسىپ، مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن
ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ چېتىدىكى خاسىيەتلىك زەمزەم
دەرىخىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. دېگەندەك، زەمزەم سۈيى تام-
چىپ تۇرغىدەك، ئەتراپىغا قارىسا تۆرغۇنلىغان ئادەملەر،
تۆرغۇنلىغان دېۋىلەر ۋە باشقىلار خۇددى قېرى قاخشال
دەرەختەك شاماللىنىڭ يۆنىلىشىگە ئېغىناپ تۇرغىدەك. پادى-
شاھ زەمزەم سۈيىنى ئىچەي دەپ بولۇپ، «توختا، مۇشۇلار-
دىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىر سوراپ ئاندىن ئىچەي»
دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇلاردىن:

— سىلەر نېمە مەۋجۇدات؟ — دەپ سوراپتۇ، ئۇلار:

— بىز ئۆلمەسلىككە شىپا بولىدىغان بۇ سۇدىن ئى-
چىپ، ئۆلمەي قاغچىراپ كەتكەنلەرمىز، ئالدىمىزغا نەچچە
ئون مىڭ يىل - كەينىمىزگە ئۈچ - تۆت مىڭ يىل بولغانلار، —
دەپتۇ، پادىشاھ:

— ئادەم ئۆلمىسە شۇنداق بولىدىغان بولسا، بولىدى،
بۇ سىزدىن ئۈچمەيلى، قايتايلى — دەپتۇ ۋە لابى — لەشكەرلە-
رىنى ئېلىپ كەينىگە يېنىپتۇ. ئۇلار بارغىچە ۋە يانغىچە
ئەلچىلەرنى شەھەر — شەھەرلەرگە ئالدىن ماڭغۇزۇپ ياخشى
كۈتۈلۈپ مېڭىپتۇ. ئۇلار قايتىشىدا ناھايىتى قاتتىق يول مې-
ڭىپ، ئالتە يىل بولغاندا بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ. پادىشاھ يې-
نىدىكىلەردىن:

— بۇ دەريا قايسى دەريا؟ — دەپ سورىسا، ئۇلارمۇ ئېيتىپ
بېرەلمەپتۇ. خەرىتىگە قارىسا، ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ
خەرىتىسىدىمۇ بۇ دەريا كۆرۈنمەپتۇ. بۇنىڭدىن ئاچچىقلانغان
پادىشاھ:

— بىز بىلمەيدىغان، بىزگە سىر ھەققى تاپشۇرمايدى-
غان قانداق دەريا بۇ؟ دەرھال مۇشۇ دەريانى بويلاپ مېڭىڭ-
لار، ئاخىرىسىنى كۆرەيلى — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

ئۇلار شۇ دەريانى بويلاپ ئالتە ئاي مېڭىپ بىر
يەرلەرگە بارغاندا قارىغىدەك بولسا، دەريانىڭ بىر ئۇچى
تۈگەپ بىر غارنىڭ ئىچكىرىسىگە تۇتۇشۇپ كېتىپتىدەك.
پادىشاھ دەريانىڭ سىر — ئەسرارىنى قانداق بى-
لىش توغرىلىق ۋەزىر — ۋۇزرالىرىدىن سوراپتۇ. ئۇ بىر
نېمە دەپتۇ، بۇ بىر نېمە دەپتۇ، ئاخىرى ئوڭ قول ۋەزىرى:

— بىرىمىز كىرىپ سىر — ئەسرارىنى ئۇقۇپ چىقساق، —
دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ قىرىق ياشقا كىر-
گەن ئوڭ قول ۋەزىرنى كىرگۈزۈپتۇ. ۋەزىر غارغا كىرىپ
خېلى ماڭغاندىن كېيىن، قارىسا پۇتى يەرگە تەگمىگىدەك
تۆۋەنگە ھەدەپ چۈشۈپ كېتىۋاتقىدەك. شۇ چۈشكىنىچە ئۇدا

قىرىق كېچە-كۈندۈز چۈشكەندە، ئاندىن يۈتتى يەرگە تەگكەندەك بولۇپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇ يەر ئاستىدىكى بىر گۈزەل شەھەر ئىكەن. دەرۋازىلىرى ياقۇتتىن. بارلىق قۇرۇلۇشلىرى مەر-مەر تاشتىن ياسالغان، شۇنداق بىر گۈزەل شەھەر ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى تىزىنى باغلاق بىلەن باغلاپ يۈرۈيدىكەن.

ئەمدى گەپنى شەھەر خەلقىدىن ئاڭلايلى. شەھەر خەلقى دۆز شەھىرىدە غەلىتە بىر مەخلۇقنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئەجەبلىنىپتۇ ۋە دەرھال سۇ خەلقى پادىشاھىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ۋە:

— داد پادىشاھى ئالەم، ئۇيقىدا بولسىلا، بىدار بولسىلا، غەپلەتتە بولسىلا، ھوشيار بولسىلا، شەھىرىمىزگە شۇنداق بىر مەخلۇق پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنى دەرھال تۇتۇپ كېلىپ سوراق-سوئال قىلمىسىلا، شەھىرىمىزنى قالايمىقان قىلغۇسى، — دېيىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— جاللات! — دەپ ۋارقىرىغانىكەن، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن سەككىز جاللات ھازىر بوپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا دەرھال ھېلىقى مەخلۇقنى تۇتۇپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ سەككىز جاللات ئون سەككىزمىڭ ئالەم پادىشاھىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرىنى پۇت-قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ كىرىشىپتۇ. سۇ خەلقى پادىشاھى ئۇنىڭدىن نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى سورىغانىكەن، ئۇ بىر نېمىلەرنى دېگۈدەك، پادىشاھ ئۇنىڭ تىلىنى ئۇقالماي، ۋەزىر پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئۇقالماي جىم بولۇشۇپتۇ. ئاچچىقلانغان سۇ خەلقى پادىشاھى:

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتىكەن:

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، كىمنىڭ ئەجىلى توشتىكىن، — دەپ سەككىز جاللات دەرھال ھازىر بولۇپتۇ. پادىشاھ ئونسەككىزمىڭ ئالەم پادىشاھىنىڭ ۋەزىرىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. شۇ چاغدا سىز خەلقى پادىشاھىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى:

— ئەي پادىشاھىم، بىكاردىن - بىكارغا خۇن تۆكسەك بولماس، ئۇنىڭ تىلىنى چۈشەنمەي ئۆلۈمگە بۇيرىساق توغرا بولماس - دەپتۇ.

— ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟ - دەپتۇ پادىشاھ.

— ئۇنى ئۆيلەپ قويايلى، ئۇنىڭ بىر بالىسى بولسا ئۇ بالا ئالتە ياشقا كىرگەندە ئانىسىنىڭ گېپىنى دادىسىغا، دادىسىنىڭ گېپىنى ئانىسىغا ئۆرۈپ بەرگىدەك بولىدۇ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى، نېمە مەقسەت مۇددىئا بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلىپ، چارە كۆرەرمىز، -دەپتۇ ۋەزىر.

سىز خەلقى پادىشاھى ئۆزىنىڭ 18 ياشقا كىرگەن، كېلىشكەن مەلىكىسىنى ئون سەككىزمىڭ ئالەم پادىشاھىنىڭ ۋەزىرىگە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئايدىن - ئايلار ئۆتۈپ يىللار ئۆتۈپ ئىككى يىل بوپتۇ. ئاللا ئۇلارغا بىر ئوغۇل پەرزەنت بېرىپتۇ. بۇ ئوغۇل ئالتە ياشقا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ ئالتە ياشقا كىرگەندە ئانىسىنىڭ گېپىنى دادىسىغا، دادىسىنىڭ گېپىنى ئانىسىغا ئۆرۈپ بېرىپتۇ (ھازىرقى تەرجىمانلىق شۇلاردىن قالغانىكەن). ۋاقىت - سائەتتى توشۇپ، سىز خەلقى پادىشاھى

ئون سەككىز مىڭ ئالەم پادىشاھىنىڭ ۋەزىرىنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۇلارغا تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىپتۇ. شۇ بالا ئارقىلىق پادىشاھ ۋەزىرنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى سورىغاندىكەن ۋەزىر ئۆزىنىڭ ئون سەككىز مىڭ ئالەم پادىشاھىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆلمەسلىكىنىڭ دورىسىنى ئىزدەپ سەپەرگە چىققانلىقىنى، قايتىشىدا دەرياغا يولۇقۇپ قېلىپ، بۇ دەريانىڭ نېمە دەريا ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى كىرگۈزگەنلىكىنى، پادىشاھىنىڭ غارنىڭ ئىچىدە قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى ئۇققان سۇ خەلقى پادىشاھى خەزىنىدىكى بىر ئاتىنىڭ چوقىسىنى (ئاتىنىڭ باش سۆڭىكى)، ئىككى جىلىك ئۈن ئېچىقتۇرۇپتۇ، ئاندىن ۋەزىرگە:

— مۇنۇ چوقىنىڭ كۆزىنى دەپسى - دۇنيا بىلەن توشقۇزۇپ چىقسۇن، توشقۇزغاندىن كېيىن سىر - ئەسرارىنى پادىشاھىڭىز چۈشىنىدۇ. مۇنۇ ئىككى جىلىك ئۈندا بىر نان ياققۇزۇپ بېرىسۇن، بۇنىڭ سىرىنىمۇ پادىشاھىڭىز شۇ چاغدا چۈشىنىدۇ — دەپتۇ- دە، قىزىنىڭ بالىسىنى ئېلىپ قېلىپ ئوڭ قول ۋەزىرنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئون سەككىز مىڭ ئالەم پادىشاھىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى سۇ خەلقى پادىشاھىنىڭ ياردىمى بىلەن يەر ئۈستىگە چىقىپتۇ. بولغان ئەھۋالنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ، ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ پادىشاھى ئۆز شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. كۆپ يىللارنى بېسىپ ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ- دە، خەزىنىچىسىنى چاقىرىپ:

— ئەي خەزىنىچىم، مەن نۇرغۇن دەپى ـ دۇنيا قالدۇرۇپ كەتكەن. ھازىر 24 يىل بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ نۇرغۇن توپلانغاندۇ. سەن خەزىنىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئەپچىقىپ مۇنۇ كاللىنى توشقۇزغىن، مېنى توشقۇزالمايدۇ دېگەن چېغى ـ دەپتۇ.

خەزىنىچى خەزىنىدىن مال ـ دۇنيانى ئەپچىقىپ ئات كاللىسىنىڭ كۆزىدىن قاچىلاپتۇ. لېكىن، بۇ قۇرۇق كاللا (چوقا) خەزىنە قۇرۇقدىلىنىپ كەتسىمۇ زادىلا توشماپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ پادىشاھى شەھەرلەرگە پەرمان چۈشۈرۈپ، دەپى ـ دۇنيا يىغىشنى ۋەزىپە قىپتۇ. شۇنداق قىلسىمۇ بۇ چوقىنى توشقۇزالماپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ پادىشاھى ئۇزاق ئويلىنىشلاردىن كېيىن، سۇ خەلقى پادىشاھىنىڭ ئەقلىگە قول قويۇپ، ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىپتۇ. بۇ توشماس كاللىنى بېرىشتىكى مەقسەت ئەسلى مۇنداق ئىكەن: ئون سەككىز مىڭ ئالەم پادىشاھىنىڭ پۈتۈن ئالەمنى سوراپ تۇرۇپمۇ، يەنە ئاچكۆزلۈك قىلىپ، بىر دەريانىڭ باج تاپشۇرمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، دەريا بويىدا سەككىز يىل ساقلاپ ياتقانلىقىنى مەسخىرە قىلىش ئىكەن. بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن پادىشاھ سۇ خەلقى پادىشاھىغا قول قويۇپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى تاپشۇرۇقىنى ئورۇنلىماقچى بوپتۇ ۋە ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئەڭ ئۇستا بىر ناۋاينى تېپىپ كەپتۇ. بۇ ناۋاينىڭ ئىسمى ھالاۋىدىن ئىكەن. پادىشاھ ھالاۋىدىن ناۋايغا:

— ھالاۋىدىن، سەن مۇنۇ ئىككى جىڭ ئۇننى ئوخشىتىپ يۇغۇرۇپ ھەممىسىدە بىر نان ياقىسەن، ئەگەر ئۇنى ئوخشىتالمىساڭ

كاللاك ئېلىنىدۇ. كۆمەچ قېلىنىۋېتىسەڭمۇ چېنىڭنى ئالىمەن، — دەپ-
تۇ. ناۋاي «باش ئۈستىگە» دەپ ئۇنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ.

هالاۋىدىن ناۋاي ئۇنى ئاپىرىپ ناھايىتى تۇچۇپلەپ
ئىشلەپ، خېمىر يۇغۇرۇپ، تونۇرنى قىزىتىپ ناننى يېقىپتۇ.
نان پىشاي دېگەندە چۇشۇپ كېتىپتۇ. هالاۋىدىن
ناۋاي بۇنىڭدىن قاتتىق ئەنسىرەپ كۆمەچ بولۇپ كەتكەن
ناننى ئېلىپلا كېپەككە تاشلاپتۇ — دە، دەرھال ئۆزىنىڭ ئۇنى-
دىن ئىككى چېلەك تارتىپ، يۇغۇرۇپ نان قىلىپ يېقىپتۇ ۋە
ئۇنى پادىشاھقا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى يەپتۇ. بىراق
ھېچ خاسىيىتىنى بىلەلمەپتۇ.

هالاۋىدىن ناۋاينىڭ بىر خىزمەتچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ
ئىسمى ياقۇپ تاز ئىكەن. ئۇ هالاۋىدىن ناۋايغا ئوتتۇن توشۇپ
ئەكېلىپ بېرىدىكەن. شۇ كۈنى ياقۇپ بىر ئۇلاغ ئوتۇننى
ئېشەككە ئارتىپ كەپتۇ — دە:

ۋاي ئۇستام، نان بەرسىڭىز، قورسىقىم بەك ئېچىپ
كەتتى — دەپتۇ.

— ماڭ تاز! تېز بول، ئوتۇن ئەكەل، بۈگۈن تېزراق
نان ياقمىساق دۇكان توختاپ قالىدۇ، ئۆيدە نان يوق، تېخى
نان ياقمىدىم، تېز بول — دەپتۇ. هالاۋىدىن ناۋاي ئۇنىڭغا:
ھە — راس كېپەك ئارىسىدا بىر كۆمەچ بار، شۇنى يەپلا ئوتۇن-
غا ماڭ! — دەپتۇ.

ياقۇپ تاز ھېلىقى خاسىيەتلىك ئۇندا يېقىلغان ناننىڭ
كۆمۈچىنى ئېلىپ، ئېشەككە مىنىپ ئوتۇنغا مېڭىپتۇ. ئۇ يولدا
كۆمەچنى يېگەچ مېڭىپتۇ. ئۇ خاسىيەتلىك
ئۇن بولۇپ، ئۇنى يېگەن ئادەم دۇنيادىكى بارلىق مەخلۇقاتنىڭ

تېلىسنى بىلىدىغان بولىدىكەن. ياقۇپ تازكۆمەچنى يەپ تاققا چىقىپ قارىغىدەك بولسا، ھەر خىل، ھەر ياڭزا ئۈت ـ چۆپلەر «مەن ـ پالانى كېسەلگە داۋا»، «مەن پوكۇنى كېسەلگە داۋا»، «مەن پۈس ـ تانى كېسەلگە داۋا» دەپ سۆزلەپ تۇرغىدەك. بۇ ھەر خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى كۆرگەن ياقۇپ تاز ئوتۇن ـ چىلىقىنى تاشلاپ، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغىشقا باشلاپتۇ. ئۇ، يېقىن ـ يىراقتىكى تۇرغۇنلىغان كېسەللەرنى داۋالاپتۇ. ئۇزۇنغا بارمايلا ياقۇپ تازنىڭ نامى چىقىشقا باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كېيىنچە كىشىلەر ئۇنى ياقۇپ تېۋىپ دەپ ئاتاي ـ دىغان بوپتۇ.

ئون سەككىزمىڭ ئالەم پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىزنىڭ قولى تۇتماس، پۇتى باسماس، كۆزى كۆرمەس، قۇلىقى ئاڭلىماس ئىكەن. پادىشاھ قىزىنى كىم ساقايتالىسا، ئۇنىڭغا ئات كاللىسىدەك ئالتۇن، پادىشاھلىقىنىڭ يېرىمىنى ۋە قىزىمنى بېرىمەن، دەپ جاي ـ جايغا ئېلان چاپ ـ لاتقۇزغان ئىكەن، ئەمما قىزنى ھېچ بىر كىشى ساقايتالماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياقۇپ بۇ ئېلاننى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، پادىشاھنىڭ نەۋكەرلىرىگە:

— مەن ساقايتالايمەن، — دەپتۇ. نەۋكەرلەردىن بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ بىر ۋەزىرىنى ياقۇپنى چاقىرغىلى چىقارتىپتۇ.

— ئەي ياقۇپ، سېنى پادىشاھىم چاقىرىدۇ. ئوردىغا بارساڭ، — دەپتۇ ۋەزىر ياقۇپنىڭ قېشىغا بېرىپ.

— ئەي ۋەزىر، مېنىڭ ھاجىتىم پادىشاھقا چۈشۈپتىمۇ ياكى پادىشاھنىڭ ھاجىتى ماڭىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ياقۇپ.

— پادىشاھنىڭ ھاجىتى ساڭا چۈشۈپتۇ،— دەپتۇ ۋەزىر.

— ئۇنداق بولسا، پادىشاھ مېنىڭ ئالدىمغا چىقسۇن. ھەر قانداق گەپ بولسا شۇ چاغدا دېيىشەرمىز،— دەپتۇ ياقۇپ تېۋىپ.

پادىشاھ ئىلاجىسىز ياقۇپ تېۋىپنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە قىزىنى ساقايتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، ياقۇپ تېۋىپ پادىشاھ بىلەن ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھنىڭ قىزىنى كۆرۈپتۇ ۋە قىزىنى ئۈچ كۈن ئىچىدە داۋالاپ ساقايتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئات كاللىسىدەك ئالتۇن، پادىشاھلىقىنىڭ يېرىمىنى ۋە قىزىنى ياقۇپقا بېرىپتۇ.

ياقۇپ تېۋىپ شۇنىڭدىن باشلاپ، ھەم يېرىم پادىشاھلىق، ھەم دوختۇرلۇق قىپتۇ. ئۇنىڭ نامى 18 مىڭ ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە قېيىنئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، پادىشاھلىق ياقۇپقا قاپتۇ. ئۇ پادىشاھلىق تەختىدە 40 يىل ئولتۇرۇپتۇ. 40 يىل ئىچىدە ناھايىتى ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپ، ھەم كېسەل داۋالاپ، پۇقرالارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپتۇ. ئۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە قۇرئاندازلىرىنى چاقىرىپ، قۇرئىسى ئاچتۇرۇپ كۆرسە، قىرىق كۈنلۈك ئۆمرى قاپتۇ، ياقۇپ تېۋىپ 40 كۈن ئىچىدە ئۆزىگە ئوخشاش 40 يالغان ياقۇپ ياساپتۇ، ئۇ قومۇش، لاتا-پىتە، ياغاچ، لايلاردىن پايدىلىنىپ 40 ھەيكەلنى پۈتكۈزۈپ، 40 - كۈنى 40 ھەيكەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاللادىن ئەزرائىلغا ۋەھى كەپتۇ:

— ئەي ئەزرائىل، ياقۇپنىڭ ھاياتى تۈگىدى، بېرىپ جېنىنى ئەكەلگىن. ئەزرائىل كېلىپ قارىسا ياقۇپ قىرىق بىر

تۇرغىدەك، ئۇ قايسىسىنىڭ جېنىنى ئېلىشنى ئۇقالماي قايتىپ بېرىپ ئاللاتائالاغا:

— ئەي، ئاللا، ياقۇپ قىرىق بىر تۇرىدۇ. قايسىسىنىڭ جېنىنى ئېلىشنى بىلەلمەي قايتىپ كەلدىم،— دەپتۇ.

ئەي ئەزرائىل،— دەپتۇ خۇدا،— ياقۇپ ھىيلە ئىشلەتتى. سەن بېرىپ ھەممىسىنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چەكسەڭ، يىگىرمە بىرىنچىسىگە كەلگەندە، بىرسىنىڭ كۆزى چىمىلدە قىلىدۇ. شۇنىڭ جېنىنى ئەكەلسەڭ بولىدۇ.

ئەزرائىل بېرىپ شۇنداق قىلسا، يىگىرمە بىرىنچىسىنىڭ كۆزى چىمىلدە قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى ئاپتۇ. ياقۇپ تېۋىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى تۈگەپ، پادىشاھلىقنى باشقىلار ئىگىلىۋاپتۇ.

ياقۇپنىڭ ئەخمەق بېگىم دەيدىغان بىر ئوغلى بار ئىكەن، ئۇ 18 ياشقا كىرگەنىكەن. ئۇ ھەم ئەخمەق، ھەم ھورۇن ئىكەن ئۇ ئاتىسىدىن قالغان تەئەللۇقاتىنى يەتتە، سەككىز يىلدا پاك- پاكىز تۈگىتىۋېتىپتۇ، ئاخىرى ئاچ قاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئانىسىغا:

— ئەي ئانا، قاراپ باقساق، دادامدىن قالغان بىر نەرسە بولسا ئەپچىقىپ سېتىپ نان ئېلىپ يېسەك، قورساق بەك ئېچىپ كەتتى،— دەپتۇ.

ئانىسى كۆپ ئىزلەپ يۈرۈپ، كونىراپ كەتكەن بىر قىلانداننى ئەپچىقىپ بېرىپتۇ، ئەخمەق بېگىم بۇ قىلانداننى ئېلىپ بىر تاياققا چىگىپ كۆتۈرۈپ بازارغا ئېلىپ چىقىپتۇدە، «كىم بىر يارماققا ئالىدۇ» دەپ توۋلاپ، كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپتۇ، بىراق، تاكى كەچ بولغىچە ئۇنى بىر نانىنىڭ

پۈلىغىنىمۇ ساتالماپتۇ، بىر مازارنىڭ قېشىغا بارغاندا بىر ئاتالىق كىشى كېلىپ:

— ھە، ئەخمەق بېگىم، نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيلا، — دەپتۇ، بىز ئەسلى ياقۇپ تېۋىپنىڭ تالىپلىرىدىن بىرى ئىكەن. ياقۇپ تېۋىپ بۇ تالىپقا: «ئوغلۇم مەندىن كېيىن قالسا، ئۇنداق ياكى مۇنداق ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئۆيدىكى قىلاندانغا ئوخشاش نەرسىلەرنى بازارغا ئېلىپ چىقىدۇ. سەن ئوغلۇمغا ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ ھېكمىتىنى ئېيتىپ بەر» دەپ تاپىلىغانىكەن. تالىپ ئەخمەق بېگىمنىڭ قىلاندانىنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى كۆرۈپتۇ — دە، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ. ئەخمەق بېگىم ئۆز ئەھۋالىنى، يەنى ئاچلىقتىن قىلاندانىنى ساتقىلى چىققانلىقىنى، ساتالمىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ھە، ئەخمەق بېگىم، قورساق ئاچتىمۇ؟ — دەپتۇ تالىپ، — ئۇنداق بولسا يۈرۈڭ.

تالىپ ئەخمەق بېگىمنى بىر ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ، بىر قاسقان مانتا ئېلىپ ئۇنى مېھمان قىپتۇ. مانتىنى يەپ بولغاندىن كېيىن:

— ھە، ئەخمەق بېگىم، قورساق تويدىمۇ؟ — دەپتۇ تالىپ.

— تويدى.

— ئۇنداق بولسا يۈرۈڭ؟ — تالىپ ئەخمەق بېگىمنى بىر خالى جايغا باشلاپ بارغاندىن كېيىن، — قىلاندانىنى ساتماڭ، بۇ خاسىيەتلىك قىلاندان، بۇنىڭغا بىر يارماق سالسىڭىز، بىر تىللا بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەردىن بىر يارماقنى چاندۇرماي ئېلىپ، ئۇنى تىللاغا ئايلاندۇرۇپ خەجلىسىڭىز بولىدۇ، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

ئەخمەق بېگىم ئەسكى قىلاندىنىڭ خاسىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، ئانىسىغا ئاش - تاماق ۋە باشقىلارنى ئەكىرىپ بەرگەندىن كېيىن، قىلاندىنى ئېلىپ باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ، بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. شەھەر ئايلىنىپ كېتىۋاتسا، بىر راۋاقنىڭ ئۈستىدە شۇنداق بىر گۈزەل ساھىبجامال ئولتۇرغىدەك، ئۇنى كۆرگەن ئەخمەق بېگىم ساھىبجامالغا ئاشىق-بىقارار بولۇپ قاپتۇ. ساھىبجامال ئەسلىدە شۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى ئىكەن. ئەخمەق بېگىم سارايۋەننى پادىشاھ ئالدىغا ئەلچىلىككە كىرگۈزۈپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى بىلىپ، ئەخمەق بېگىمنى چاقىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئەسكى چاپان كىيىۋالغان بىر يالاڭ تۆش ئىكەن، بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:

— قوپ - يوقال! سېنىڭ مەلىكىنى ئالغۇدەك پۇلۇڭ نېمىشقىلسۇن... ساڭا قىزىمنى بەرگىچە ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىمەن، - دەپ قوغلىۋېتىپتۇ.

ئەخمەق بېگىم سارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سارايۋەنگە:

— ماڭا ئون ئادەم تېپىپ بەرسىڭىز، بىر - ئىككى كۈن ئىشلىتىۋالسام، - دەپتۇ، سارايۋەن ئون چاكار تېپىپ بېرىپتۇ. ئەخمەق بېگىم ئۇلارغا تىللانى بېرىپ، ئۇنى داچەنگە ئالماشتۇرغۇزۇپ كىرىپتۇ، ئۇ ئەكىرگەن داچەننى قىلاندانغا سېلىپ تىللاغا ئايلاندۇرۇپ، بىر يوغان ئۆينى تىللا بىلەن لىق توشقۇزۇپتۇ-دە، ئاندىن ئېلان چىقىرىپتۇ. ئېلاندا: «ماڭا ئەسكەر بولۇڭلار، پادىشاھ ئەسكەرلەرگە 30 داچەن بەرگەن بولسا، مەن ئۈچ ھەسسە كۆپ بېرىمەن،

ھازىردىن باشلاپ ئەسكەر قوبۇل قىلىنمەن»دېيىلىپتۇ. ئەخ-
مەق بېگىم پۇلنى كۆپ بەرگەنلىكتىن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر
ئۇنىڭغا ئەسكەر بوپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئەخمەق
بېگىمگە ئەسكەر بولۇۋاپتۇ. پادىشاھ ئەسكەرلىرىنىڭ يېرى-
مىدىن كۆپرەكى ئەخمەق بېگىم تەرەپكە ئۆتۇپ كېتىپتۇ. تېز
ئارىدا بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىش پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يې-
تىپتۇ، بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن پادىشاھ دەرھال
ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى يىغىپ كېڭەش
ئۆتكۈزۈپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەقىللىق بىر ئوڭ قول ۋەزىرى بار
ئىكەن، ئۇ پادىشاھقا:

— ئى پادىشاھىم، ئەخمەق بېگىم نۇرغۇن ئەسكەر توپ-
لىۋالدى، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىپ بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن
ھازىرچە سۈلھى قىلساق؟ — دەپتۇ، پادىشاھ بۇ ياخشى مەسلى-
ھەتكە كۆنۈپ، دەرھال ئەخمەق بېگىمگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ.
ئەخمەق بېگىم پادىشاھ ھوزۇرلىرىغا سۈلھى قىلىش ئۈچۈن
كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئاھايىتى ياخشى مېھمان قىلىپ، ئوب-
دان تائاملار بىلەن كۈتۈپتۇ. پادىشاھ ئەخمەق بېگىمدىن:

— ئۆزلىرى بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنچە كۆپ پۇلى بار-
دەك قىلمايتتىلە، شۇنچە كۆپ پۇلنى نەدىن تاپلا؟ — دەپ سو-
رىغانىكەن، ئەخمەق بېگىم:

— مەندە شۇنداق بىر خاسىيەتلىك قىلاندان بار. ئۇ-
نىڭغا تەگكە سالسا تىللا بولۇپ چىقىدۇ، بۇ ئارقىلىق پۇل-
دىگەننى كۆپ تېپىۋەتمەي ئۆزى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەخ-
مەق بېگىمنىڭ ئەخمەقلىقىغا ھەيران قالغان، ئۇنىڭ ماھىيى-
تىنى چۈشىنىۋالغان پادىشاھ، قىلاندانى كۆرۈپ باقاي دەپ

تارتىپ ئېلىپ، ئەخمەق بېگىمنى ئۇرۇپ قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ. ئەخمەق بېگىم شۇنداق قىلىپ، مال - دۇنياسىنى ۋە قىلاندانىنى پادىشاھغا تارتتۇرۇپ قويۇپ، قۇرۇق قول ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ. ئۆيگە كېلىپ بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قارىسا، يەنە يەيدىغانغا بىر نەرسە يوق، شۇڭا ئانىسىغا ئاتىسىدىن قالغان بىرەر نەرسىنىڭ بار-يوقلۇقىغا قاراپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىپتۇ. ئەخمەق بېگىمنىڭ ئانىسى ئۆينى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ بىر كونا خام كۆينەكنى تېپىپ چىقىپ ئەخمەق بېگىمگە بېرىپتۇ. ئەخمەق بېگىم بۇ كۆينەكنى بىرەر داچەنگە بولسىمۇ سېتىپ خەجلەي دەپ بازارغا كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. قارىسا، بۇنى بىرەر ئادەم «ساتامسەن؟» دەپمۇ قويماپتۇ. ئۇ كەچ بولغاندا ھېلىقى مۇنارنىڭ قېشىغا بېرىپ تۇرغىدەك بولسا، بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن دادىسى ياقۇپ تىۋىپنىڭ ھېلىقى تالىپى ئاتلىق چىقىپ كەپتۇ. ئۇ، ئەخمەق بېگىمنى كۆرۈپ:

— ھە، ئەخمەق بېگىم، نېمىش قىلىپ يۈرۈۋاتىسىز؟ - دەپ سوراپتۇ.

— يەيدىغانغا بىر نەرسە يوق، دادامدىن قالغان مۇشۇ كۆينەكنى بىر نانىنىڭ پۇلىغا بولسىمۇ سېتىپ كېلەي دەپ كېلىۋىدىم، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەخمەق بېگىم.

— قورساق ئاچمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ تالىپ، - ئۇنداقتا يۈرۈڭ.

تالىپ ئۇنى ئاشخانىغا باشلاپ ئەكىرىپتۇ، بىر قاسقان مانتا ئېلىپ ئەخمەق بېگىمگە يېگۈزۈپ، ئاندىن قىلاندانىنى سورىغىنىكەن، ئەخمەق بېگىم بولغان

ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان تالىپ بىرخالى جايغا بېرىپ ئەخمەق بېگىمنىڭ قولىدىن ھېلىقى كونا كۆينەكنى ئېلىپ كېتىپتۇ - دە:

— ھە، ئەخمەق بېگىم مېنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق...

— ھە، بۇ كۆينەكنى ساتماڭ. بۇ، خاسىيەتلىك كۆينەك. بۇنى كىيىۋالسىڭىز ھېچ كىشى سىزنى كۆرمەيدۇ. كىيىڭ، ئەمىسە، - دەپتۇ تالىپ ۋە ئەخمەق بېگىمگە كۆينەكنى كىيگۈزۈپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇ، كۆينەكنى كىيىپ ئاشخانىغا كىرىپ مانتىلارنى يەپ، غەزىنىلەرگە كىرىپ، پۇللارنى ئالسىمۇ، ھېچكىشى بىر نەرسە دېمىگۈدەك، شۇنىڭ بىلەن ئەخمەق بېگىم ئاشىق بولۇپ قالغان مەلىكىنىڭ شەھىرىگە بېرىپتۇ ۋە شەھەردە خالىغانچە يۈرۈپ مەلىكە ياتىدىغان يەرنى ئىزدەپ، دەرۋازىنى ئېچىپ بىر ئۆيگە كىرىپ قارىسا، بۇ دەل مەلىكىنىڭ ھوجرىسى ئىكەن. ئەخمەق بېگىم مەلىكە بىلەن بىرگە يېتىپتۇ، كىرگەن تاماقلارنى مەلىكە بىلەن بىرگە يەپتۇ. مەلىكە بولۇۋاتقان بۇ ئىشلاردىن ھەيران قاپتۇ. قارىسا ئۆيدە ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان، لېكىن كۆزىگە بىر نەرسە كۆرۈنمىگەن، تۇتسا قولىغا چىقمىغان، ئۆزىگە ئەكىرگەن تائاملار ئۆزلۈكىدىن تۈگەپ كېتىۋاتقان، ئەمما ئۇ، تىنالماپتۇ. مەلىكىنىڭ دادىسى ھەر سەككىز كۈندە بىر قېتىم مەلىكە بىلەن كۆرۈشكىنى كىرەر ئىكەن. ئەخمەق بېگىم مەلىكە بىلەن بىرگە بولۇپ سەككىزىنچى كۈنى، پادىشاھ مەلىكىنى كۆرگىنى كىرىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، قىزنىڭ چىرايى ساپ - سېرىق. بۇنىڭدىن ئەجەپلەنگەن پادىشاھ

نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، مەلىكە ھېچ ئىش بولمىدى، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ تېپۇدىپ تەكلىپ قىلىپ تەكشۈرسە، قىزىنىڭ بىرەرسى بىلەن بىرگە بولغانلىقى مەلۇم بوپتۇ. پادىشاھ قاتتىق ھەيران بولۇپتۇ، چۈنكى ئۇ، قىزىنى قىرىق بىر دەرۋازا ئىچىدىكى ھوجرىدا ساقلايدىكەن. مەلىكىگە ھەتتا ئەركەك چىۋىننىڭمۇ قونۇشى مۇمكىن ئەمەسكەن، پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى يىغىپ سىرتقا تىنىماسلىق شەرتى ئاستىدا، كۆرۈلگەن ئەھۋاللارنى ئېيتىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ئەقىللىق ئوڭ قول ۋەزىرى:

— پادىشاھىم، بۇ ھەقچان يا قۇرۇپ تېپۇدىنىڭ ئەخمەق ئوغلى - ئەخمەق بېگىمنىڭ قىلغان ئىشى، - دەپتۇ.

— ئۇنىڭغا نېمە چارە بار؟ - دەپتۇ پادىشاھ.

— چارىسى ئاسان، شاھىم، - دەپتۇ ۋەزىر، - بىز بىر نەچچە جاللات بىلەن ئىشىكنى مەھكەم توسۇپ تۇرۇپ، بىر ھەيۋە قىلىدىغان بولساق، ئەخمەق بېگىم ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر يەتتە، سەككىز جاللات بىلەن مەلىكە ھوجرىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:

— ھەي، ئەخمەق بېگىم، بۇ ياققا چىق، بىزنى بىلمەيدۇ دەپ سەككىز كۈندىن بېرى نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ دەرھال بۇ ياققا چىقمىساڭ، كاللاڭنى ئالىمىز! - دەپ بىر ھەيۋە قىلغانىكەن، كارىۋاتىنىڭ ئاستىغا موكۇۋالغان ئەخمەق بېگىم قورقۇنچلۇقتا ئۆزىنى ئاشكارىلاپتۇ، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولغان پادىشاھ ئەخمەق بېگىمنى ياخشى مېھمان قىلىپ:

— ھەي، ئەخمەق بېگىم، سەن قانداق قىسىدا ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي مەلىكىنىڭ ھوجرىسىغا كىرىۋالدىڭ؟ - دەپ سورىغانىكەن، ئەخمەق بېگىم:

— ۋاي مەندە شۇنداق بىر خاسىيەتلىك كۆينەك بار. ئۇنى كىيىۋالساملا ھېچكىمشى كۆرمەيدۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئۇنىڭ كۆينىكىنى تارتىۋېلىپ، قىرىق تىللىق قامچا بىلەن راسا ئۇرۇپ قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ، بىچارە ئەخمەق بېگىم ئىلاجىسىز مىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ — دە، ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. قورساقى ئاچقان ئەخمەق بېگىم ئانىسىغا يېلىنىپ: «بىر نەرسە تېپىپ بەر؟ سېتىپ بىرەر نان ئېلىپ يەي» دەپتۇ. ئانىسى ئۆينى ئاختۇرۇپ بىر كونا كانايىنى ئېچىقىپ بېرىپتۇ، ئەخمەق بېگىم ئۇنى ساتاي دەپ بازارغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئەمما ئۇنى بىر تۇغرام نانغىمۇ ساتالماي، ئاچ قورساق سولىشىپ، يەنە ھېلىقى مۇنارنىڭ قېشىغا كەلسە، ھېلىقى تالىپ يەنە پەيدا بوپتۇ. تالىپ ئەخمەق بېگىمدىن ئەھۋال سوراپ، ئۇنىڭ نېمە ھالدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئاشخانىغا باشلاپ بىر قاسقان مانتا ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن، بىر جاڭگالغا باشلاپ ئاپىرىپ:

— ھە، ئەخمەق بېگىم، بۇ كانايىنى ساتماڭ؟ بۇ خاسىيەتلىك كاناي، بۇنى بىر پۈدىسىڭىز مىڭ دىۋە، ئىككى پۈدىسىڭىز ئىككى مىڭ دىۋە... قانچە پۈدىسىڭىز شۇنچە مىڭ دىۋە پەيدا بولىدۇ، — دەپ كانايىنى بىر پۈدىگەنىكەن، مىڭ دىۋە ھازىر بوپتۇ ۋە دىۋىلەر:

— ھە، شاھىم، بىزگە نېمە ئىش بار؟ — دەپ باش ئېگىپ تۇرۇپتۇ. بۇ كانايىنىڭ خاسىيىتىنى بىلگەن ئەخمەق بېگىم كانايىنى ئېلىپ يەنە ئۆز مەھبۇبىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ. شەھەر سىرتىدا تۇرۇپ كانايىنى تۆت پۈدىگەنىكەن، تۆت مىڭ دىۋە ھازىر بوپتۇ.

— بۇرادەرلەر، بۇ شەھەردىكى پادىشاھنىڭ قىزىدىن باشقا ھەممە جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاڭلار!— دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ ئەخمەق بېگىم دىۋىلەرگە. دىۋىلەر دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئادەملەرنىڭ قېنىدىن دەريا ئاقتۇرۇپتۇ. شەھەر خەلقى پادىشاھغا:

— دات، شاھىم! شەھىرىمىزدە دىۋىلەر كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار دەريا-دەريا قان ئاقتۇرۇۋاتىدۇ،— دەپ ئەرز قىلىشىپتۇ. پادىشاھ دەرھال ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ.

— بۇ يەنىلا ئەخمەق بېگىمنىڭ قىلغان ئىشى،— دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر.

— بۇنىڭغا نېمە چارە بار؟— دەپتۇ پادىشاھ.

— چارىسى ئاسان: دەرھال ئەخمەق بېگىم بىلەن سۈلھى قىلايلى! مەلىكىنى بېرىش توغرىسىدا ۋەدە بېرەيلى! شۇ ئارقىلىق دىۋىلەرنى يىغدۇرايلى،— دەپ مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ ئوڭ قول ۋەزىرى. پادىشاھ دەرھال ئەخمەق بېگىمگە ئەلچى چىقىرىپ ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئى، ئەخمەق بېگىم، ئەسكەرلىرىڭنى توختاتقىن، شاھىمىز قىزىنى ساڭا قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ نىكاھلاپ بەرمەكچى بولدى،— دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەخمەق بېگىم بىكاردىن قان تۆكمەي دەپ كانايىنى ئىچىگە تارتقانىكەن، غازات توختاپتۇ. پادىشاھ ئەخمەق بېگىمنى ئوردىغا تەكلىپ قىپتۇ. تولىمۇ ياخشى مېھمان قىپتۇ. ئۇنىڭ سىرىنى بىلمەك بولغان شاھ:

— ئى ئەخمەق بېگىم، بۇنچە كۆپ دىۋىنى قانداق گەپكە

كىرگۈزدۈڭ ؟ـ دەپ سورىغانىكەن، ئەخمەق بېگىم:
— ھوي شاھىم، بۇ قانچىلىك ئىشتى؟ مېنىڭدە بىر كا-
ناي بار، ئۇنى شۇنداق بىر پۈدەيدىغان بولسام، مىڭ دۆھا-
زىر بولىدۇ. قانچىنى پۈدىسەم شۇنچە مىڭ دۆھازىر بولى-
دۇ،ـ دەپ ماختىنىپتۇ. بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىۋالغان شاھ
بىر ئىشارەت بىلەنلا ئەخمەق بېگىمنى باغلىۋېلىپ، كانايىنى
تارتىۋېلىپ، قىرىق تىللىق قامچا بىلەن راسا ئۇرۇپ، ئۇنىڭ-
غا مېنىڭ تەۋەيىمدىن كىمىكى نان بېرىدىكەن، ئۆلۈمگە مەھكۇم
بولىدۇ دەپ پەرمان چىقىرىپتۇ ۋە ئەخمەق بېگىمنى قوغلاپ چى-
قىرىپتۇ. ئەخمەق بېگىم ئوت ـ چۆپ يىلتىزىنى، ياغاچ سۇ-
لىرىنى ئىچىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە يەنە ئۆز شەھىرىگە
قايتىپ كەپتۇ ـ دە، ئانىسىغا يەنە ئۆيگە بىر قاراپ باققىن
دەپ، بىر نانغا يارىغىدەك بىر نەرسە تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈ-
نۈپتۇ، ئانىسى ئۆينى ئاختۇرۇپ بىر كونا ئاچقۇچنى تېپچى-
قىپ بېرىپتۇ. بۇ ئاچقۇچنى بازارغا ئېلىپ چىققان بولسىمۇ،
يەنە ساتالماي، ئاچ قورساق يەنە ھېلىقى مۇنارنىڭ قېشىغا
كەلسە، ھېلىقى تالىپ چىقىپ كەپتۇ. ئۇ ئەخمەق بېگىم بىلەن
كۆرۈشۈپ بولۇنغان ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئاشخانىغا
باشلاپ بىر قاسقان مانتىغا تويغۇزۇپ، ئۇنى شەھەر سىرتى-
غا باشلاپ چىقىپ:
— ھە، ئەخمەق بېگىم، ئاۋۇ دۆڭنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئاشۇ
دۆڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يەتتە كەتمەن كولىسىڭىز، بىر ئىشىك
كۆرۈنىدۇ، تېخىمۇ كولىسىڭىز قۇلۇپ كۆرۈنىدۇ، قۇلۇپنى ئاچ-
سىڭىز يەر ئاستى شەھەرگە كىرىسىز، بۇ شەھەرنى داددىڭىز
سىزگە ئاتاپ سېلىپ قويغان، شۇ يەردە خالىغانچە ياشاڭ؟ـ دەپتۇ.

ئەخمەق بېگىم ئاچقۇچنىڭ ھېكمەتىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆيگە كىرىپ، بىر ئەسكى كەتمەن تېپىپ شۇ دۆڭنى كولاپتۇ، دېگەندەك، ئاتىنىڭ كاللىسىدەك بىر يوغان قۇلۇپ كۆرۈنۈپتۇ. قۇلۇپنى ئېچىپ ئىشىكتىن قارىغىدەك بولسا، شۇنداق باغ-ۋارانلىق گۈزەل بىر شەھەر تۇرغىدەك، ئەخمەق بېگىم بۇشە-ھەرگە كىرىپ، بىر يەرگە بېرىپ قارىسا، ئەنجۈر دېگەن پە-شىپ مەي بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ، قىش ۋاقتىدا ئەنجۈرنىڭ پىش-قانلىقىغا ھەيران قاپتۇ (ئەسلىدە باشقا يەردەھازىر قىش پەس-لى بولۇۋاتقانىكەن) ۋە بۇ ئەنجۈرنى راسا يەپتۇ. ئۇزۇنغا بارمايلا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئويغىنىپ قارىغىدەك بولسا، ئۆزى ئاپئاق ساقاللىق، بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىگە سەكسەن پۇتتەك مۈڭگۈز چىقىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئاغرىقىدا ماڭالمايدىغان، يەر-گىنىشلىك بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇلاردىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىپتۇ. ئۇ، مىڭ بىر جاپادا ئۆمىلەپ-دومىلاپ يۈ-رۈپ خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن، ھارغىنلىق-قىزىلچىلىق ئىچىدە كۆزى يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ يەنە بىر چۈش كۆ-رۈپتۇ. چۈشىدە بىر قېرى بوۋاي: «ئوغلۇم، ئەنجۈرنىڭ تۈ-ۋىگە چۈشۈپ قالغان قېقىنى يېسەڭ ساقىيىسەن» دەپتۇ-دە، يوقاپ كېتىپتۇ.

ئەخمەق بېگىم ئويغىنىپ يەنە يۈمىلاپ-دومىلاپ كەي-نىگە يېنىپتۇ، يەنە ئەنجۈرنىڭ قېشىغا كېلىپ، تۈۋىگە چۈ-شۈپ قالغان قاقلارنى تېپىپ يېگەنىكەن، دېگەندەك، ساقىيىپ قاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ تالدىن يوغان ئىككى سېۋەت توقۇپ، بىر سېۋەتكە ئەنجۈرنى قاچىلاپتۇ. يەنە بىر سېۋەتكە قاقلى-رىنى قاچىلاپتۇ ۋە ئۇنى يۈدۈپ شەھەردىن چىقىپ مەلىكىنىڭ

شەھەرىگە يول ئاپتۇ. شەھەرگە يېتىپ بېرىپ ئارام ئېلىپ ئولتۇرسا، بىر كېنىزەك ئالدىراپ كېتىۋاتقىدەك، ئەخمەق بېگىمگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم ئۇچرىماپتۇ. ئۇ كېنىزەكتىن نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، مەلىكىنىڭ كېنىزىكى ئىكەنلىكىنى دەپتۇ. شەھەردە نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى سورىغانىكەن:

— بۈگۈن مەلىكىنىڭ تويى بولىۋاتىدۇ. جىمى خەلق شۇ تويدا، — دەپتۇ كېنىزەك.

— ئۇنداقتا، — دەپتۇ ئەخمەق بېگىم، — مېنىڭ مۇشۇ يەردە بىر سوۋغات ئەنجۈرۈم بار ئىدى. بۇنى مەلىكىنىڭ تويىغا سوۋغات قىلاي، خاپا بولماي پادىشاھقا: مۇشۇنداق بىر باغۇەن باغدا بىر سوۋغات ئەنجۈر پىشۇرۇپتىكەن. تويغا سوۋغا قىلدى دەپ بېرىپ قويسىڭىز — قانداق؟

كېنىزەك بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، ئەنجۈرنى پادىشاھقا ئەكىرىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ باشقا شەھەردىن كەلگەن پادىشاھ، شاھزادە ۋە مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ماختىنىپ:

— بىزنىڭ شەھەردە مۇشۇنداق قىشىۋاقتىدىمۇ ئەنجۈر پىشۇرىدىغان باغۇەنلىرىمىز بار، — دەپ كەلگەن ھەممە مېھمانغا بىر چىشلەمدىن ئەنجۈر بېرىپتۇ. ئۇلار ئەنجۈرنى يەپ ئېغىزىغا بارمايلا ئۇخلاپ قېلىشىپتۇ. ئويغىنىپ قارىسا، ھەممىسى قېرى بوۋايغا ئايلىنىپ، ئاق ساقاللىق، ھەممە ئەزايىدا سەكسەن پۇتتەك مۈڭگۈزى بار ئاجايىپ بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قاپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ. ۋەزىرلىرىدىن

ئېيە، ئەھۋال ئىنكە نىلىكىسنى سورىغانىكەن . ئۇ دىك ئوك قول ۋەزىرى يەنە:

— بۇيەنىلا ئەخمەق بېگىمنىڭ ئىشى، ئۇ نى نەدە بولسا شۇ يەردىن تېپىپ كېلەيلى!-دەپ ئەخمەق بېگىمنى چاقىرىپتۇ ۋە ساقايتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

— ئۇ ندا قتا، — دەپتۇ ئەخمەق بېگىم، — قىلانىدان، كۆينەك ۋە كانايلار نەدە بولسا، دەرھال ھازىر قىلىڭلار!— دەپتۇ. پادىشاھ خەزىنىچىگە ئۇلارنى ئىچىقتۇرۇپ بېرىپتۇ، ئاندىن ئەخمەق بېگىم:

— سىلەرنى ساقايتسام، ماڭا نېمە بېرىسىلە ؟— دەپتۇ. پادىشاھ:

— پادىشاھلىقىمنى، قىزىمنى بېرىمەن،— دەپتۇ.

— ئەمىسە دەرھال تىل خەت بېرىڭ؟ — دەپتۇ ئەخمەق بېگىم ۋە پادىشاھتىن تىلخەت ئېلىۋاپتۇ. ئاندىن ئەنجۇر قېقىنى بېرىپ ئۇلارنى ساقايتىپتۇ.

پادىشاھ كۆپ كىشىلەر ئالدىدا تىلخەت بەرگەنلىكىدىن يانالماي، ئەخمەق بېگىمگە شاھلىقىنى، ئاندىن قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ قىزىنى بېرىپتۇ. ئەخمەق بېگىم پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، ئادىللىق بىلەن شەھەر سوراپ، ئانىسى بىلەن بەختلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزگەنىكەن.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمەتتۇرسۇن مامۇتزۇنۇن — 2 نەشر — 7 يېزا شامال بەرگۈچى: ئېيتىپ

رەتلىگۈچى: ئەخەت داۋۇت



ۋاسىل موللام: دېھ-
قان، پارتىيە ئەزاسى بو-
لۇپ، 1900- يىلى ئالاغىر
يېزا 16- كەنتتە دۇنياغا
كەلگەن. ئۇ ساۋاتىنى دى-
نىي مەكتەپتە ئوقۇپ چى-
قارغان بولۇپ، ئوقۇۋات-
قان چاغلىرىدىن باشلاپلا،
ئۇيغۇر خەلق بېيىت-قو-
شاق، چۆچەك - رىۋايەت-
لىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ھا-
زىرغىچە خاتىرىسىدە ساقلاپ ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدا
دېھقانلارغا ئوقۇپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە
«ھاماقەت ئوغۇل»- ئۇ ئوقۇپ كېلىۋاتقان چۆچەكلەر-
نىڭ بىرى.

مۇھەررىردىن

## 3405 ھاماقەت ئوغۇل

ئۆتكەن زاماندا بىر تۇل خوتۇننىڭ ھاشىم دېگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ زاماندا ئۇنىڭ كۈنى ناھايىتى قاتتىق ئىكەن. ھاشىم 15 ياشقا كىرگەندە ئانىسىغا:

— ئانا ماڭا بىر خوتۇن ئېلىپ بەرسىڭىز، سىز قېرىپ قالدىڭىز، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە سېلىپ بەرسەم، — دەپتۇ. ئانىسى:

— ھەي بالام، بىز بولساق كەمبەغەل. تويلۇققا بىر نەرسىمىز يوق. داداڭمۇ مېنى ئالغاندا، بىر بايدىن بەش يىللىق ئىشلەپ بېرىشكە پۇل قەرز ئېلىپ ئاپتىكەن تاكى داداڭ ۋاپات بولغانغا قەدەر شۇ قەرزنى تۈگىتەلمەي دۇنيادىن ئۆتكەن، — دەپ يىغلاپتۇ. ھاشىممۇ يىغلاپتۇ. ئاخىرى ھاشىم يەنە سوراپ:

— ئانا، دادام كىمدىن بەش يىللىققا پۇل قەرز ئالغان، — دەپتۇ. ئانىسى:

— نەزەر بايدىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھاشىم نەزەر باينىڭ ئۆيىگە بارسا، نەزەر باي ئۆلۈپ كېتىپ، بىر نەچچە يىل ئىلگىرى نەزەر بايدىن قالغان ياقۇپ بەگ دېگەن بىر ئوغلى قالغان ئىكەن. ھاشىم ياقۇپ بەگكە قاراپ 100 دىنار پۇل سوراپتۇ ھەم بۇ پۇلغا بىر يىلدا 50 دىنار قوشۇپ بېرەي دەپتۇ. ياقۇپ:

— بىر يىلدا 50 دىنار قوشۇپ، 150 دىنارنى بېرەلمە-
سەڭ، يوتاڭدىن ئىككى جىڭ گۆشۈڭنى كېسىپ ئالىمەن. شۇن-
داق ھۆججەت قىلىپ، قازىنىڭ موھۇرىنى باستۇرۇپ كەلگىن،-
دەپتۇ. ھاشىم ئىلاجسىز خەت يازغانغا بىر كۈن، موھۇر باس-
قانغا ئىككى كۈن ئىشلەپ، خەتنى تەييارلاپ كەلدىپتۇ. ياقۇپ
بەگ خەتنى ئېلىپ، 100 دىنار پۇل بېرىپتۇ. ئانىسى بۇ پۇلغا
تويلۇق ئېلىپ، ئوغلىغا ناھايىتى ياماق، ھەييار خوتۇننىڭ قىز-
زىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. ھاشىم بىلەن بۇ خوتۇن ئۆي تۇتۇپتۇ.
لېكىن بۇ خوتۇننىڭ بىر كۈنى ئەتكەن تامىقى تۇزلۇق، بىر كۈنى
ئەتكەن تامىقى تۇزسىز ئىكەن، ئاقىۋەت ھاشىم بۇنى خوتۇ-
نىنىڭ يۈزىگە ساپتۇ، خوتۇنى:
— تۇزنىڭ چېنى ئانامنىڭ ئۆيىدە قاپتىكەن، ئېلىپ
كەلگىن، — دەپ مازاق قىپتۇ. ھاماقەت ھاشىم:
— نېمە دەپ بارىمەن؟ — دېگەنىكەن. خوتۇنى:
— تۇزنىڭ چېنى، تۇزنىڭ چېنى، دەپ بارغىن، — دەپ-
تۇ. ھاشىم «تۇزنىڭ چېنى، تۇزنىڭ چېنى» دەپ كېتىپ بې-
رىپ، بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتىمەن دەپ يىقىلىپ چۈشۈپ ئورنىدىن
قوپسا «تۇزنىڭ چېنى» دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. بىر
كۈن كەچكىچە ئاختۇرۇپ تاپالماپتۇ. يولۇچىلار كەلسە ئۆت-
كىلى قويماي كۆۋرۈكنى چۇۋۇپتۇ. ئاخىرى كۆۋرۈكتىن ئۆتەل-
مىگەن بىر ئادەم:
— ھەي ئۇكام، ئىزدىگەن نەرسەڭنىڭ ھېچقانداق چېنى يوق-
مىدى؟ — دېگەنىكەن، ھاشىم: «ھە تاپتىم — تۇزنىڭ چېنى» دەپ تەك-
رارلاپ بېرىپ، قېيىنئانىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ: «تۇزنىڭ چېنى،
تۇزنىڭ چېنى» دەپتۇ. قېيىنئانىسى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلسىمۇ

ئۇنىماي يەنە «تۇزنىڭ چىنى» دەپتۇ. ئاخىرى قېيىنئانىسى:

— بالام بۇ نېمە گەپ، — دېگەنىكەن. ھاشىم:

— خوتۇنۇم تاماقنى تۇزلۇق، تۇزسىز ئېتىپ خاپا قىلدى، نېمە سەۋەبتىن تاماقنى مۇنداق ئېتىسەن دېسەم، تۇزنىڭ چىنى ئانامنىڭ ئۆيىدە قاپتۇ، ئېلىپ كەلگىن دېگەنىدى. يولدا كەلگىچە يۇتتۇرۇپ قويۇپ ئاران تاپتىم، — دەپتۇ. قېيىنئانىسى كۈلۈپ كېتىپ كۈيئوغلىنىڭ ھاماقەتلىكىگە ئىشىنىپ:

— بالام، بىر چارەككە ئىككى جىڭدىن قۇيسۇن، — دەپتۇ.

— قېيىنئانا نېمە دەپ ماڭاي؟ — دەپ سوراپتۇ ھاشىم.

— بالام بىر چارەككە ئىككى جىڭ دەپ ماڭغىن.

ھاشىم قېيىنئانىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ: «بىر چارەككە ئىككى جىڭ» دەپ كېتىۋېتىپ يولدىن ئادىشىپ بىر بەخمىل باينىڭ خامانلىقىغا بېرىپ قاپتۇ. بايىقى باي:

— ھەي ئادەم، نېمە دەۋاتىسەن، بىر يىلنىڭ بۇ تەرىپىدە دېققانچىلىق قىلسام، بىر چارەككە ئىككى جىڭدىن ئالامتىمىك؟ — دەپ ھاشىمنى ئارا — گۈرجەك بىلەن بىر قانچىنى ئۇرۇپ ھەيدەپ ساپتۇ. ھاشىم قېچىپ بېرىپ:

— ھەي باي ئاكا، نېمە دەپ ماڭاي، — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى باي:

— بىر بولسىمۇ مىڭ بولسۇن، ئىككى بولسىمۇ مىڭ بولسۇن دەپ ماڭ. — دەپتۇ.

ھاشىم: «بىر بولسىمۇ مىڭ بولسۇن، ئىككى بولسىمۇ مىڭ بولسۇن: » دەپ تەكرارلاپ كېتىۋاتسا بىر پادىچى ئىشتانلىرىنى بېقىپ پىتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەلمەي يىغلاپ ئولتۇرغىدەك. ھاشىم يەنە سۆزىنى تەكرارلىغانىكەن، پادىچى:

— مەن پەت بالاسىدىن قۇتۇلالمايۋاتسام، مۇشۇنداق دەمسەن؟— دەپ ھاسا بىلەن بىر قانچىنى ئۇرۇپ ھەيدەپ ساپتۇ. ھاشىم قېچىپ كېتىۋېتىپ:

— ھەي، پادىچى ئاكا، نېمە دەپ ماڭسام بولار؟— دەپتۇ. پادىچى:

— ھەي ئادەم، بىر بولسىمۇ ئۆلسۇن، ئىككى بولسىمۇ ئۆلسۇن دەپ ماڭغىن،— دەپتۇ. ھاشىم پادىچىنىڭ دېگىنى بويىچە تەكرارلاپ مېڭىپ، ئىككى ئوغلى بار بىر ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ ھازا ئېچىپ يىغلاۋاتقان يەرگە بېرىپ قاپتۇ. «بىر بولسىمۇ ئۆلسۇن، ئىككى بولسىمۇ ئۆلسۇن» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ھېلىقى ئادەم ھاشىمنى ئۇرۇپ باش - كۆزلىرىنى يېرىۋېتىپتۇ. ھاشىم بىچارە ھېلىقى ئادەمدىن:

— نېمە دەپ ماڭسام بولار؟ — دېگەنىكەن، ھېلىقى ئادەم:

— ھەي ھاماقەت، سەنمۇ ئادەم بولغاندىكىن بىزگە ئوخشاش يىغلاپ ماڭغىن،— دەپتۇ. ھاشىم:

— ۋاي قېرىندىشىم، جان قېرىندىشىم، سەن ئۆلسەڭ مېنىڭ نېمە ئىشىم،— دەپ يىغلاپ مېڭىپ بىر باينىڭ قىزىنى ياتلىق قىلىپ توي ئۈچۈن داقا - دۇمباق، ناغرا - كاناي چالدۇرۇپ توي تازا قىزىۋاتقان، ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئويناۋاتقان يەرگە بېرىپ، «ۋاي قېرىندىشىم» دەپ بىر يىغلاپتىكەن. توينىڭ كەيپىياتى بۇزۇلۇپ، توي ئىگىسى ھاشىمنى ئۇرۇپ ھەيدەپتۇ. ھاشىم:

— ئۇنداق بولسا مەن نېمە دەپ ماڭاي؟— دەپ سوراپتۇ.

— ھەي ھاماقەت، — دەپتۇ ئۇلار، — ئۇسسۇل ئويناپ ماڭغىن، تويىنىڭ قائىدىسى شۇ.

ھاشىم شۇ ماڭغانچە ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، «ئا يارەي، سەنەم» دەپ بىر كەينىگە، بىر ئالدىغا دەسسەپ جاڭگاللىغا بېرىپ بىر پاۋانغا يولۇقۇپتۇ. پاۋان بىر جەرەننى ئاتاي دەپ قارىغا ئېلىپ تۇرسا، ھاشىم: «ئا يارەي، سەنەم» دەپ قولىنى بىر پۇلاڭشىتىپ جەرەننى قاچۇرۇۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پاۋان ھاشىمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى قانغا بوياپتۇ. ھاشىم بۇنىڭدىن ئاجراپ:

— ھەي پاۋان ئاكا، مەن قانداق ماڭىمەن، — دېگەنىكەن، پاۋان:

— ھەي ھاماقەت، سەن قايەر چوڭقۇر بولسا، شۇ يەر بىلەن ماڭغىن. ئەگەر ئېگىز يەردە مېڭىپ جەرەننى قاچۇرۇۋەتسەڭ، كاللاڭنى ئالىمەن ياكى سېنى ئاتىمەن، — دەپتۇ.

ھاشىم بىچارە چوڭقۇر يەرنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، ئۇنجاردىگە يەر ئېلىپ قوغۇن تېرىغان بىر كىشىنىڭ قوغۇنلىقىغا كىرىپ، چۆنەكنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپتۇ. قوغۇنچىنىڭ بالىلىرى «ئوغرى، ئەمدىغۇ تۇتۇلدۇق» دەپ قوغلاپتۇ. ھاشىم ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قېچىپ كېتىپ بارسا، بىر كىچىك بالىنىڭ ئېشىكى لايغا پېتىپ قالغانىكەن. بۇ بالا:

— ھەي ئاكا، ماۋۇ ئېشەكنى يۆلەپ بەرسىڭىز! — دەپتۇ.

ھاشىم ئالدىراپ بېرىپ ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ بىرلا تارتقانىكەن، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى قولىغا چىقىپتۇ. ھېلىقى بالا «ئېشىكىمنى تۆلەپ بەر» دەپ قوغلاپتۇ. ھاشىم بۇنىڭدىنمۇ قورقۇپ قېچىپ كېتىۋاتسا، بىر يانتاقچى بوۋاي يانتاقنى

يۈدەلمەي ئۆلتۈرغانىكەن، ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ كېتىۋاتقان ھاشىم بوۋاينىڭ قورسىقىغا بىرنى دەسسەپتىكەن، بوۋاي بىرنى ئوسۈرۈپلا جان ئۈزۈپتۇ. بوۋاينىڭ بالىسى «دادامنى تۆلەپ بەر» دەپ قوغلاپتۇ. ھاشىم ئۆلۈپ كېتىشكە كۆزى يېتىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا خۇددى توشقاندا ئوخشاش قېچىپ، پادىشاھ مەخمۇتخاننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ يېقىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ ئادەمنىڭ غەرق قان بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. مەخمۇتخان ھاشىمنىڭ يۈز ـ كۆزىگە قاراپ ناھايىتى ئىچ ئاغرىتىپ رەھىم قىلىپ:

— مېنىڭ ۋاقتىمدا بىر ئادەمنى يەنە بىر ئادەم شۇنداق ئازابلىسا، مەن دادىغا يەتمىسەم، ئۇۋالى ماڭا بولمامدۇ، ـ دەپ يىغلاپتۇ ھەم ھاشىمنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى پاكىز يۇدۇرۇپ تائام بېرىپتۇ. ھال ـ ئەھۋال سوراپتۇ. ھاشىم باشتىن ـ ئاياغ بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇلار ئۈچ كىشىنىڭ دەۋاگەر بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ: بىرسى تويلۇققا 100 دىنار پۇل قەرز بەرگەن ياقۇپ بولۇپ، ئۇ «ھاشىمنىڭ ئىككى جىڭ گۆشىنى كېسىمەن» دەپتۇ. ئىككىنچىسى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بالا بولۇپ، ئۇ «قۇيرۇقنى تۆلىتىمەن» دەپتۇ. ئۈچىنچىسى ھاشىم قورسىقىغا دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بوۋاينىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ «دادامنىڭ خۇنىنى ئالىمەن» دەپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ 360 ئەمەلدارىنى يىغىپ ناھايىتى چوڭ كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، بۇ دەۋانى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ، ئەمەلدارلار بىر پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ 150 دىنارنى بېرەلمىسە، ئىككى جىڭ گۆشنى كېسىۋالىدىغان كىشىگە:

— ھەي بىھا يا باي، مەن ھاشىمنى يالىڭاچ قىلىپ باغلايمەن، —
دەپتۇ ۋە: — ساڭا بىر دانە جىڭلىك، بىر پىچاق بېرىمەن، سەن
بىرلا كېسىپ ھاشىمنىڭ ئىككى جىڭلىك گۆشىنى ئالىسەن، جىڭغا
سالىمەن، ياكەم، يا جىق بولۇپ قالسا، كاللاڭنى ئالىمەن، —
دەپتۇ. باي بىر نۆۋەت پىچاقنى قولىغا ئېلىپ بولۇپ ئويـ
لاپتۇ. يا ئاز، يا كۆپرەك كېسىپ سېلىشىدىن قورقۇپ:
— ھەي پادىشاھ، مەن داۋايىمدىن ئۆتتۈم، — دەپ ھۆججەتـ
نى يىرتىپ تاشلاپتۇ. پادىشاھ ياناتاقچى بوۋاينىڭ بالىسىغا:
— ھاشىمنى ياناتاق يۇتتۇرۇپ ياتقۇزۇپ بېرىمەن، سەنمۇ
بىرنى دەسسەپ ئۆلتۈر، ئەگەر بىرنى دەسسەپ ئۆلتۈرەلمىـ
سەڭ، كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ. بۇ بالىمۇ بىر قېتىمدا ئۆلـ
تۈرۈشكە كۆزى يەتمەي داۋايىمدىن ئۆتتۈم دەپتۇ. پادىشاھ
ئېشەكنى تۆلىتىمەن دېگەن كىشىگە:
— ئېشەكتىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ لايغا پاتۇرۇپ قويىمەن،
سەنمۇ ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ بىرلام تارتىپ قۇيرۇـ
قىنى يۇلۇپ ئالىسەن، بىر قېتىمدا يۇلالمىساڭ، جازاغا تارتىـ
مەن ھەم كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ. بۇ كىشىمۇ داۋايىمدىن ئۆتتىم
دەپتۇ.

بىچارە ھاشىم بالايى — قازادىن قۇتۇلۇپ، پادىشاھقا
قۇل بولۇشنى ئىلتىماس قىلغانىكەن، پادىشاھ «بۇ ئەقىلـ
پاراسەتسىز، ئىلىم ئوقۇمىغان، بىلىمسىز ئادەم ئىكەن، شۇـ
ڭا مەككار خوتۇنىنىڭ قولىدا ئازاب چېكىپتۇ، ئوقۇش، ئۆگىـ
نىش بىلەن مەشغۇل بولماي ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەن
كىشىنىڭ ئاقىۋىتى ھەقىقەتەن ئېغىر بولىدىكەن» دېگەنلەرـ
نى ئويلاپ سەگەكلىشىپ قاپتۇ ۋە ئىلىم — پەن ئىشلىرىغا كۆـ
ڭۈل بۆلۈپ ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپتۇ، ھاشىمنىڭ
خوتۇنىنى چاقىرتىپ كېلىپ نەسىھەت قىپتۇ ۋە پادىشاھلىقتىن
ئۆي-سەرەمجان بېرىپ يولغا ساپتۇ.

## 3413 زالىم پادىشاھ ۋە ئاللاۋەداخۇن

بۇرۇنقى زاماندا زوھاك ئاتلىق بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئىنتايىن زالىم بولۇپ، پۇقرالارغا بەكمۇ زۇلۇم سالىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىغا بىر تىلەمچى كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرگە تىلەمچىگە خەزىنىدىن تىللا ئەپچىقىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ، لېكىن، تىلەمچى تىللانى ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. تىلەمچى دەپتۇكى:

— ئېھ پادىشاھى ئالەم، مېنىڭ بىرلا تىلىكىم بار ئىدى، شۇنى ئىجرا قىلسىلا باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ھاجىتىم يوق.

پادىشاھ:

— ئەي دىۋانە، ھاجىتىڭنى ئېيتقىن، قولۇمدىن كېلىدىغانلا بولسا ئورۇنلايمەن، — دەپتۇ.

— مېنىڭ سىلىدىن سورايدىغىنىم باشقا نەرسە ئەمەس، سىلىنىڭ مۇبارەك مۈرىلىرىگە بىردىن ئىككىنى سۆيۈۋالسام بولدى، — دەپتۇ دىۋانە.

پادىشاھ ئىچىدە ئىككى مۈرەمگە سۆيۈۋالغاننىڭ نېمە زىيىنى، دەپ ئويلاپ:

— ئەي دىۋانە تىلىكىڭنى ئورۇنلايمەن. دېگىنىڭنى قىلاي، — دەپتۇ. تىلەمچى پادىشاھنىڭ ئىككى مۈرىسىنى يالىڭاچلاپ، بىردىن ئىككىنى سۆيۈۋاپتۇدە، پادىشاھقا رەھمەت ئېيتىپ

ھوزۇرىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ پادىشاھنىڭ ئىككى مۇرىسى قىچىشىشقا باشلاپتۇ. ئۆزى قاشلاپ ئۇلگۈرەلمەي ئىككى ۋەزىرىنى قاشلاشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇلارمۇ قاشلاپ ھېرىپ قاپتۇ. ئاخىرى ئاتىنىڭ ئۇچىسىنى قاشلايدىغان تاماق تېپىپ كېلىپ، تۆت ئادەم نۆۋەتلىشىپ قاشلاپتۇ. نەتىجىدە، پادىشاھنىڭ ئىككى مۇرىسى قاناپ يېرىلىداپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككى نەرسە ئۈنۈپ چىقىپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ئۈنۈپ چىققان نەرسىگە قاش، كۆز، ئېغىز، بۇرۇن پەيدا بولۇپ ئىككى دانە يىلانغا ئايلىنىپتۇ. يىلانلار پادىشاھنىڭ قۇلىقىدىن ھەر كۈنى ئىككى قېتىم كىرىپ پادىشاھنىڭ مېڭىسىنى يېيىشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ ئاغرىققا چىدىماي مەملىكەت ئىچىدىكى بارلىق تېۋىپلەرنى يىغىپتۇ. ئۇلارمۇ بارلىق ئاماللارنى قىلىپ پادىشاھدىن بۇ يىلانلارنى دەپئى قىلالماپتۇ. پادىشاھ بۇ يىلانلارنىڭ ئازابىدىن قىينىلىپ ئۆلۈشكە ئازلا قالغاندا، بىر كىشى كىرىپكەپتۇ. بۇ كىشى بېشىغا سەللە ئورىغان، ئۇچىسىغا ئاق رەختتىن كىيىم كەيگەن بولۇپ، كۆرگەن كىشى ئۇنى ئىنتايىن ئۇستا تېۋىپ ئىكەن، دەپ قالىدىكەن. بۇ كىشى كىرىش بىلەنلا پادىشاھنىڭ كېسەللىنى ساقايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە پادىشاھنى خاس ئۆيگە ئەكىرىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپتۇ، پادىشاھ ۋەزىرىنى قىچقارتىپ ئىككى نەپەر گۇناھكارنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. گۇناھكار كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ مېڭىسىنى يىلانلارنىڭ ئاغزىغا سېلىپ يېگۈزۈپتۇ. يىلان پادىشاھنىڭ قۇلىقىدىن كىرىپ مېڭىسىنى يېيىشنى توختىتىپتۇ. پادىشاھ بىر ئاز ئارام ئاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەر كۈنلۈكى

ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ يىلانغا مىڭگىسىنى يېگۈزۈپتۇ. بارا-
بارا يىلان چوڭايغانسېرى، ئىككى ئادەمگە قانائەت قىلماپتۇ.
هەر كۈنى بەشتىن ئونغىچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ مىڭگىسىنى يې-
گۈزۈپتۇ. ئاخىرى يىلانغا ئۆلتۈرۈپ بېرىدىغان گۇناھكارمۇ
تۈگەپتۇ، شۇڭا ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ قالغان بولسا، هەر ئىك-
كىسىنى تۇتۇپ يىلانغا يېگۈزۈپتۇ. كىشىلەر قورقۇپ ئۆزئارا
ئۇرۇشمايدىغان بوپتۇ. ئامالسىز قالغان پادىشاھ ئىككى كى-
شى ماڭغاندا بىر - بىرىگە پەشى تېگىپ كەتسە شۇنىمۇ گۇ-
ناھكار هېسابلاپ تۇتۇپ يىلانغا يېگۈزۈپتۇ. يىلانغا ئادەم
مىڭگىسى يېگۈزمىگەن كۈنى پادىشاھنىڭ مىڭگىسىنى يېيىشكە توغ-
را كەلگەچكە پادىشاھ بىئارام بولىدىكەن. پادىشاھ ئاخىرى
ئىلاج قىلالماي خەلققە ئادەم ئالۋىڭى قويۇپتۇ. ئىككى ئوغ-
لى بولسا بىرىنى، ئۈچ ئوغلى ياكى تۆت ئوغلى بولسا ئىك-
كىسىنى، بەش ئوغلى ياكى ئالتە ئوغلى بولسا ئۈچتىن ئال-
ۋاڭ قويۇپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ مىڭگىسىنى يىلانغا يېگۈزۈپ-
تۇ... بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرسۇن.

بۇ شەھەردە بىر تۆمۈرچى بولۇپ، داۋاملىق ئۇستىرا سو-
قىدىكەن. ئىسمى ئاللاۋەدىخۇن بولۇپ، هەر كۈنى ئون دانە
ئۇستىرا سوقۇپ، ئون تەڭگىگە ساتىدىكەن. ئۈچ تەڭگىگە كۆ-
مۈش ئالىدىكەن. قالغان تۆت تەڭگىگە ئۇن ئالىدىكەن. بۇ
ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ئوزۇقى بولىدىكەن. بەش بالىسى كى-
بىسىم - كېچىكى يوق ئاچ قورساق هالدا ئورا كولاپ، شۇ ئو-
رۇندا ياتىدىكەن.

بىر كۈنى ئاللاۋەدىخۇن بازارغا ئون دانە ئۇستىرا
ئاپىرىپ ئون تەڭگىگە سېتىپتۇ. ئەمدى سودا قىلىپ قايتاي

دەپ تۇرۇشىغا، بىر مەدداھنىڭ سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. مەدداھنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالسا، مۇنداق دەۋاتقىدەك: «ھەر كىم ماڭا مۇشۇ مەيداندا ئون تەڭگە پۇل بەرسە يەتتە قەدەم ماڭماي تۇرۇپ‌خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇچرىغاي».

ئاللاۋەداخۇن بۇنى ئاڭلاپ، «ئون تەڭگىنى بەرسەم خىزىرنى ئۇچراپ قالسا، جىق دۇنيا تىلەۋالسام، كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلارمەن» دەپ ئويلاپ، مەدداھقا شۇ كۈنى تاپقان ئون تەڭگىنى بېرىپتۇ. خىزىرنى ئۇچرىتىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە مېڭىپ بېقىپتۇ، لېكىن، خىزىر ئۇچرىماپتۇ. ئاخىرى مەدداھ يالغانچى ئىكەن دەپ پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن، ھېلىقى ئورۇنغا كەلسە مەدداھ يوق تۇرغىدەك، ئاللاۋەداخۇن ئۆز ئىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، غەمكىن‌ھالدا ئۆيگە قايتىپتۇ، ئۆيىگە كەلسە باللىرى دادام بازاردىن نان ئالغاچ كېلىدۇ، دەپ ئولتۇرغان ئىكەن. دادىسىنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، باللىرى نان دەپ يىغلىشىپتۇ، بوۋاينىڭ خوتۇنى تاپا ـ تەنە قىلىشقا باشلاپتۇ، بىۋۋاي، نۇرغۇن تاپا ـ تەنە ھەم باللارنىڭ يىغا ـ زارى بىلەن ئۇخلىيالماي ئولتۇرسا، بىركىشى ئىشىكنى قېقىپتۇ، ئاللاۋەداخۇن ئىشىكنى ئاچماپتۇ، ھېلىقى كىشى ئىشىكنى مۇشلاۋېرىپتۇ، ئاللاۋەداخۇن ئىشىكنى ئاچسا ھېلىقى مەدداھ ئىكەن. مەدداھنى كۆرگەن ئاللاۋەداخۇن مەددانىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ ۋە «پۇلۇمنى بەر، ئالدامچى» دېگەن پېتى ئۆيگە سۆرەپ كىرىپتۇ، ھېلىقى ئادەم خاپا بولماستىن:

— سىز خىزىرنى تونۇماپسىز ـ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاللاۋەداخۇننىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ:

— خىزىرنى سەن گاداي بىلگەن يەردە، مەن بىلمەي قالىمەنمۇ؟ — دەپتۇ، لېكىن ھېلىقى ئادەم ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:

— خىزىرنىڭ باشمالتاق قىلىنىڭ سۆڭىكى يوق، ماڭسا ھوشۇقىغىچە پېتىپ ماڭىدۇ، — دەپتۇ ۋە، — بۇ ياققا قاراڭ، — دېگىنىچە ئورنىدىن قوپۇپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. مەدداھنىڭ پۇتى ئوشۇقىغىچە پېتىپ كېتىپتۇ. ئاللاۋەداخۇن بۇنى كۆرۈپ يەنىلا ئىشەنمەپتۇ ۋە:

— سىز نەپسى يامان ئادەم ئوخشايسىز. تاماقنى جىق يېگەنلىكىڭىز ئۈچۈن يەر سىزنى كۆتۈرەلمەي پۇتىڭىز يەرگە پېتىپ قالىدىكەن، — دەپتۇ. مەدداھ باشمالتاق قولىنى ئاللاۋەداخۇنغا تۇتقۇزۇپتۇ. مەدداھنىڭ باشمالتاق قولىنىڭ سۆڭىكى يوق ئىكەن. ئاللاۋەداخۇن يەنىلا كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ ۋە:

— سىز كىچىكىڭىزدە ئىشقا ئامراق ئىكەنسىز، قولىڭىزنىڭ سۆڭىكىنى ئىت چىشلىۋالغانىكەن، — دەپتۇ. مەدداھ ئېيتىپتۇكى:

— سىز ناھايىتى نادان ئادەم ئىكەنسىز، خىزىر دېگەن مەن. ھەر قانداق ھاجىتىڭىز بولسا ئېيتىڭ، — دەپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئاللاۋەداخۇن خىزىرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ قوپاللىق قىلىپ قويغىنىدىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئاندىن خىزىرغا:

— سىز ئاللاتائالادىن بىر ئۆيدە كۆمۈر، بىر ئۆيدە تۆمۈر بېرىشنى تىلەپ بېرىڭ، — دەپ سوراپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— ئى ئەخمەق، دۇنيا دېگەن تېپىلىدۇ، ئاۋۋال خۇدادىن
ئىمان تىلە، ئاندىن ئۆمۈر تىلە، قالغىنىنى ئۆزەڭ بىل،
ساڭا ئاللاتائالا ئىمان بەرسۇن، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن، ساڭا
مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھلىقىنى بەرسۇن، ئامىن ئاللاھۇ ئەك-
بەر، — دەپ دۇئا قىلىپ غايىپ بوپتۇ. ئاللاۋەداخۇن كۆڭلىدە
خۇدا يىتا ئالاماڭا قانداقمۇ بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھلىقىنى بەرسۇن،
دەپ، ئىشىنە — ئىشەنمەي تۇرغاندا پادىشاھنىڭ ياساۋۇل-
لىرى ئىشىك قېقىپتۇ:
— ھەي گاداي! ئىشىكنى ئاچ! سېنىڭ ئىككى ئوغلۇڭغا پا-
دىشاھنىڭ مۆرىسىدىكى يىلانغا يەم بولۇش نۆۋىتى كەلدى،
ھازىرلا ئىككى بالاڭنى بىزگە چىقار، — دەپتۇ. ئاللاۋەدا-
خۇن كېچىكىدىن بېرى ئاچ باققان بالىلىرىنىڭ بۈگۈن
يىلانغا يەم بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلەپ-
تۇ. بالىلىرى بىلەن بىللە قوشۇلۇپ ئۆلۈش ياكى پادىشاھ-
نى ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن خەلقنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش نىيىت-
تىگە كەپتۇ، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، بىر ئەپچىل چا-
رە تېپىپتۇ ۋە پادىشاھ ياساۋۇللىرىغا:
— مەن بۇرۇن ئىشتايىن ئۇستا تېۋىپ ئىدىم، شۇڭا،
پادىشاھنى ئۆزەم داۋالاپ باقسام قانداق؟ — دەپتۇ.
بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ياساۋۇللار پادىشاھنىڭ قېشىغا
بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە
ئاللاۋەداخۇن ئىككى بالىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئوردىغا
كەلتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھنى داۋالاش ئۈچۈن خاس ئۆيگە ئەكى-
رىپتۇ. پادىشاھ ساقايغىچە ھېچقانداق كىشىنىڭ كىرمەسلىكى
بەلگىلىنىپتۇ، ئاللاۋەداخۇن ئىككى ئوغلى بىلەن پادى-

شاھنى داۋالاشقا كىرىشىپتۇ. ئاللاۋەداخۇن «كەم» دېگە-
نىكەن، چوڭ ئوغلى توقماق بىلەن پادىشاھنىڭ بېشىغا بىر-
نى ئۇرۇپتۇ. «نەم» دېگەنىكەن، كىچىك ئوغلى ئۇرۇپتۇ.
ئاللاۋەداخۇن ئارقا-ئارقىدىن «كەم»، «نەم»، «كەم»،
«نەم» دەۋېرىپتۇ. بالىلىرى توقماق بىلەن ئۇرۇۋېرىپتۇ.
ئاخىرى پادىشاھ ئۆلۈپتۇ. ۋەزىرلەر: «شاھىمىز نېمىشقا
چىقمايدىغاندۇ» دەپ كىرسە، پادىشاھ ئۆلۈك ياتقان.

پادىشاھ ئەسلىدە زالىم بولغاچقا، ۋەزىرلەردىن تارتىپ
ھەممىسى ئۇنىڭدىن نارازى ئىكەن، شۇڭا، ۋەزىرلەر پادى-
شاھنىڭ ئۆلگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ، ئاللاۋەداخۇننى قول-
دىن قولغا كۆتۈرۈپ، خەلقنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرغان كىشىنى
پادىشاھلىققا تەيىنلەش كېرەك دەپ، ئاللاۋەداخۇننى پادى-
شاھلىققا سايلاپتۇ. ئاللاۋەداخۇن خەلقنىڭ دەرد-ئەھۋا-
لىغا يېتىپ يۇرتنى ناھايىتى ياخشى سوراپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چوگقۇرچاق يېزا غىشلىق مەكتەپتىن بەكرى ئوسمان،
رەتلىگۈچى: ئەخمەت داۋۇت

# 3203 ئاخماق شىر پادىشاھ بىلەن تەدبىرلىك ئۆچكە

قەدىمكى زاماندا، چوڭ بىر ئورماندا نۇرغۇنلىغان ھايۋانات توپلىشىپ ياشايدىكەن. ھايۋانلارغا شىر پادىشاھ ئىكەن، يولۋاس ۋەزىر ئىكەن، ئېيىق ياساۋۇل ئىكەن، تۈلكە باقاۋۇل ئىكەن، بۆرە جاللات ئىكەن، قاغا چېقىمچى ئىكەن.

شىر پادىشاھ بىلەن يولۋاس ۋەزىر ھەر كۈنى بىر ۋاخىتلىق تاماقى ئۈچۈن بىر چوڭ، بىر كىچىك ھايۋاننى ئوزۇقلۇق قىلىدىكەن، ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ، شىر پادىشاھنىڭ ئەتراپىدىكى ھايۋانلار ئازىيىشقا باشلاپتۇ. باشقا جاندارلار بىرەر چارە-ئامال تېپىپ شىرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدىكەن، شۇ ئەتراپتا بىر تاغ بولۇپ شىر پادىشاھدىن خېلىلا خالىجاي ئىكەن. سۈلىرى ئەلۋەك، ئوت چۆپلىرى مول ئىكەن، تاغ ئاستىدا بىر كۆل بولۇپ، تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدىكەن، ھەر قانداق بىر جاندار بۇ كۆلگە چۈشۈپ كەتسە تىرىك چىقالمايدىكەن. شۇڭا ھېلىگەر ئۆچكە بۇ جاينى دائىملىق ماكان تۇتۇپ، بىر جۈپ ئوغلىقى بىلەن خاتىرجەم ياشايدىكەن. بىر كۈنى ئۆچكە ئوغلاقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، تاغ ئارىسىدىن سىرتقا چىقىپتۇ، ئۆچكە ئوتلا- ئوتلا بىر توپ ئات-ئېشەك، كالا- قويغا ئۇچراپ قاپتۇ، ئۇلار شىرنىڭ ۋەھىمىسىدىن قانداق قۇتۇلۇش ئۈچۈن بېشى قاتقان، ئاران ماڭ-

دىغان، ئورۇق، قوتۇر بېسىپ كەتكەن ھايۋانلار ئىكەن. ئۆچكىنىڭ ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ سوراپتۇ:

— ھەي، جانىۋارلار، سىلەر نېمىشقا مۇنچىلا بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدىڭلار؟

كالا جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئى ئۆچكىخان، سەن بىلمەيسەن، سەن غەم- قايغۇسىز ياشايسەن. شىر پادىشاھنىڭ ۋەھىمىسى سېنى قورقۇتالمايدۇ. بىز بولساق، جان ۋەھىمىسىدە غەم - قايغۇدا تۇرۇۋاتىمىز. ئورۇق ئەجدادىمىز شىر، بۆرە، يولۋاسلارغا يەم بولۇپ كەتتى، ئەمدى ئۇلارنىڭ يېيىش نۆۋىتى بىزگە كەلدى. شۇڭا قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپالمايۋاتىمىز...

ئۆچكىخان بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن:

— بۇنىڭ ئامالىنى مەن قىلىپ باقاي، سىلەر كەينىمدىن مېڭىڭلار، — دەپتۇ. ھايۋانلار ئۆچكىخانغا ئەگىشىپ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ئۆچكىخان ھايۋانلارنى تاغ ئارىسىدىكى كۆل ئۈستىگە ئەپچىقىپ مۈكتۈرۈپ كۆلگە قارىتىپ قويۇپتۇ. ئۆزى بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، شىر پادىشاھنىڭ مەنزىلىگە قاراپ مېڭىپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا شىر پادىشاھنىڭ كەچلىك تامىقى ئۈچۈن كېلىدىغان ھايۋانلار كەلمەي تىت - تىت بولۇپ تۇرغانىكەن، شۇڭا ئۆچكىخاننى كۆرۈپلا ۋارقىراپتۇ.

— ھەي ئاۋاق، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نەلەردە يۈرگەننىدىڭ؟ مېنىڭ پادىشاھلىقىمدا، سېنىڭدەك باشپاشتاق قىلىق قىلغانلارنىڭ قانداق جازالىنىدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق شاھىم، — دەپتۇ ئۆچكىخان، — مەن نەچچە ۋاقىت

تەن بېرى ئۆزلىرىگە ئوخشاش شىر پادىشاھ ھوزۇرىدا ئىدىم.
بىر گەپنى ئاڭلاپ قېلىشىغا ئىشەنمىگەن شىر پادىشاھ غەزەپلىنىپ سوراپتۇ:

— نېمە دەۋاتىسەن؟! مېنىڭ تەۋەلىكىمدە ماڭا شېرىك شاھلىق قىلىدىغان قانداق شىر ئىكەن ئۇ؟!

ئۆچكىخان پۇرسەت كەلگەنلىكىنى سېزىپ ئالدىرىماي جاۋاب بېرىپتۇ:

— مۇشۇ ئەتراپتا بىر تاغ بار، شاھىم، تاغنىڭ پەس تەرىپىدە بىر كۆل بار، كۆل ئىچىدە بىر شىر پادىشاھ ياشايدۇ. تاغ ئالدىغا پاسىبان قويغان بولۇپ، ھېچ بىر جانىدارنى بىر تەرەپكە ئۆتكۈزمەيدۇ. مەن بىر سېمىز ئۆچكۈزنى باشلاپ كېلىۋاتقىنىدىم، كۆلدىكى شىر پادىشاھ ئۇقۇپ قېلىپ، ئۆچكۈزنى ئېلىپ كەتتى. مەن سىلىگە بۇنى خەۋەر قىلىشقا ئالايىتەن كەلدىم.

ئۆچكىخانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان شىر پادىشاھنىڭ ھەر بىر تال مويى نەشتەردەك تىك تۇرۇپتۇ ۋە دەرھال ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كۆلدىكى شىر پادىشاھ بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىپ يولغا چىقىپتۇ، ئۆچكىخان ئالدىدا يول باشلاپ مېڭىپتۇ، تاغ ئارقىسىدىكى كۆل ئۈستىگە باشلاپ كەپتۇ. شىر پادىشاھ تەختىنى كۆل ئۈستىگە قۇرۇپتۇ ۋە غەزەپ بىلەن كۆلگە قاراپتۇ، دېگەندەك، كۆلدىكى شىر پادىشاھمۇ غەزەپلىنىپ ھومىيىپ قاراپتۇ. شىر پادىشاھ غەزەپلىنىپ يەرگە تەپكەنىكەن، كۆلدىكى شىر پادىشاھمۇ غەزەپلىنىپ يەرگە تېپىپتۇ، بۇ پادىشاھ قانداق ھەرىكەت قىلسا، كۆلدىكى شىر پادىشاھمۇ شۇنداق ھەرىكەت قىپتۇ. قارىسا ئۆچكىخان ئېيتقان ئات- ئېشەك، ئۆچكۈز، توپ- توپ قوي، بېلىقلار كۆل-

ـدىكى شىر پادىشاھنىڭ چوڭ ئىسىدە تۇرغىنىدەك. كۆلدىكى شىر پادىشاھ بۇ پادىشاھدىن كەم- كۈتسىز كۆرۈنۈپتۇ، بۇنى كۆرگەن شىر پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپ لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، يولۋاس ۋەزىر ھەمراھلىقىدا كۆلدىكى شىر پادىشاھقا ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزلىرىنى بىراقلا كۆلگە ئېتىشىپتۇ ۋە ھەممىسى ئۆلۈپتۇ، ئۆچكىنىڭ تەدبىرى بىلەن تىرىك قالغان ھايۋانلار ئامان - ئېسەن تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىمىر گۈسۈن قوربان.



## 3413 ئادىل ۋەزىرنىڭ ئەقىللىق قىزى

ئۆتكەن زاماندا، مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ بىرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ، ئۆز ئىسمىنى ئادىل سوراپ، نامى جاھانغا تارقالغانىكەن، دەرۋەقە، ئۇ، يېتىم - يېسىر، يوقسۇللارغا باش پاناھ بولۇپ، خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، كىشىلەرنى پېقىرچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كويىدىلا بولىدىكەن. قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلاردىن ھەرقانداق خەلققە زۇلۇم-كۈلپەت سالسا، ئۇنى قاتتىق جازالايدىكەن. شۇڭا بۇ ئەلدىكى پۇقرالار ئۆز پادىشاھىدىن تولىمۇ شادىمان بولۇشىدىكەن. پادىشاھ بىركۈنى ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپتۇ ۋە ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

ئەي، ۋەزىر - ئەمىرلىرىم، ئەلنى ئادىل باشقۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، يۇرتىمىز مەمۇرچىلىققا تولدى، خەلقىمىز بەخت-سائادەتكە ئىگە بولدى، ئويلايمەنكى، پۇقرالارنىڭ ھەممىسى پولۇ لەغمەن بىلەن غىزالىنىپ ھوزۇر سۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك.

ۋەزىر، ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىشىپ:

شۇنداق بولمامدىغان، ھەممە كىشى سىلە ئېيتقاندەك بەختىيار تۇرمۇشقا ئىگە بولدى، بۇنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ ئادىللىقلىرىدىن بولدى، — دېيىشىپتۇ.

پادىشاھنىڭ سالى ئىسىملىك، ئەقىل-پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن بىر ئوڭ قول ۋەزىرى بولۇپ، ئۇ، پادىشاھقا تولىمۇ سادىق ۋە ئىشەنچلىك ئىكەن، پادىشاھقا ھەر دائىم ئەقىل كۆرسىتىپ مەسلىھەت بېرىپ تۇرىدىكەن. پادىشاھمۇ ئۇنىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھەتلىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىدىكەن. لېكىن شۇ كۈنىدىكى ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە پادىشاھقا تىكىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— تېخى، ھازىرچە ئېلىمىزنىڭ بەزى بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا، تاغ باغرىدىغا جايلاشقان سەھرالىرىدا ھېلىمۇ گادايلىقتا ئۆتۈۋاتقانلار، ھەتتا پولۇ، لەغمەن دېگەن تاماقلارنى تېخىچە بىلمەيدىغانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن.

كۈتۈلمىگەندە، ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، چىرايلىرى ئۆڭۈپ، ساقاللىرى تال-تال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ، — دۆلەتنى شۇنچە ئادىل سورىغانلىقىمنى كۆرەلمەي، ئىشىمدىن پۇتاق چىقىرىپ، مەن بىلەن قارشىلاشقان بۇ تۈزكور سۈيىقەستچىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار!

ئوردا ئەمەلدارلىرى بۇ ئىشتىن ھاڭ-تاڭ بولۇپ، لام-جىم دېيەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. ئىككى جاللات قىلىچلىرىنى غىلاپىدىن سۇغۇرۇپ، سالى ۋەزىرنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىپتۇ. شۇ ئەسنادا پادىشاھنىڭ سول قول ۋەزىرى پادىشاھنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— قىزدەرەقلىك شاھىم! سالى ۋەزىر ئۆزى ئاقتىن بىر يان سىزگە سادىق بولۇپ كەلگەن، سىزنىڭ سىنىقىڭىزدىن ئۆتكەن ئاقىل ۋەزىر ئىدى، ئۇ سۇيىقەست قىلىشنى بىلمەيدىغان ئاقكۆڭۈل ئادەم. مانا ھازىر ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرىدىڭىز، ئۆلتۈرۈلىشىمۇ كارى چاغلىق. لېكىن ئېلىمىزنىڭ بۆلۈك-پارچىلىرىدا، چەت جايلىرىدا ئۇ ئېيتقاندەك، تېخىچە پولۇ، لەغمەن دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان پۇقرالار بار بولۇپ چىقسا، ئۇ، ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن بولىدۇ-دە، ھەممە ئادىللىقىڭىز بىكار بولۇپ كېتىدۇ. مېنىڭچە ئۇنىڭغا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىڭ، پولۇ، لەغمەن دېگەنلەرنى بىلمەيدىغانلار چىقماي قالسا، ئۇنىڭ گۇناھىدىن كەچسىڭىز، ئەگەر ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولماي قالسا، ئاندىن ئۆلتۈرسەڭىز كېچىكمەيمىز، — دەپتۇ.

— بوپتۇ! ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرەي، — دەپتۇ پادىشاھ يارلىقىنى ئۆزگەرتىپ.

سالى ۋەزىر ئاخشىمى چىرايى سۇلغۇن، كۆڭلى پەرىشان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. سالى ۋەزىرنىڭ تېخى ئەمدىلا بالاغەتكە يەتكەن ئەقىللىق بىر قىزى بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىنلا ئىلىم-ھېكمەتكە دائىر كىتابلارنى دائىم ئوقۇشنى ئادىتىگە ئايلاندۇرغان زېرەك قىز ئىكەن. قىز دادىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ سوراپتۇ:

— دادا، بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى؟ باشقىچە كۆرۈنىسىزغۇ؟ بېشىڭىزغا قانداق كۈن كەلگەن بولسا ئېيتىڭ، ئامالىنى قىلايلى.

سالى ۋەزىر ئوردىدا بولغان سۆز ھەم ۋەقەلەرنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ دادا، ئۇنىڭ ئامالىنى ئۆزەم قى-

لىمەن، ھەرگىز قايغۇرماڭ - دەپتۇ قىز ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئەرەنچە كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ چاپتۇنۇپتۇ. ئۇ شەھەردىن ئەڭ يىراقتىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان سەھرا تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. قىز چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، يېرىم كۈندىن كۆپرەك ماڭغاندا، شەھەر تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئىككى سەھرا يىگىتكە ئۇچراپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ 20 نەچچە قەدەم باسقاندىن كېيىن، قىز دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ، يىگىتلەرگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ پاراڭ - چۇرۇڭىنى زەڭ سېلىپ ئاڭلاپتۇ.

— ئاداش، شەھەرگە بارساق سىپىل بارمىش، سىپىل دېگەن قانداق نېمىدۇ - ھە؟

— شەھەردە دۇكانلارمۇ بارمىش، بۇ قېتىم شەھەرگە كىرىپلا سىپىل، دۇكانلار دېگەنلەرنى ئىزدەپ تېپىپ كۆرەيلى چۇمۇ؟!

— ئەستا! شەھەر دېگەندە ئادەم كۆپمىش، بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىپ، ئېزىقىپ قالساق قانداق قىلارمىز...

— مۇنداق قىلايلى، مەن ئۆيگە بىر چۆمۈچ سېتىۋالماقچى ئىدىم، شەھەرگە كىرىپلا ئاۋۋال چۆمۈچ سېتىۋالاي، ئاندىن مەن چۆمۈچنى بەلبېغىمنىڭ ئارقا تەرىپىگە قىسىپ ئالدىمدا ماڭاي، سەن چۆمۈچنى بەلگە قىلىپ، مەن قاياققا ماڭسام، سەنمۇ شۇ تەرەپكە ماڭغىن.

قىز يىگىتلەرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. يىگىتلەردىن بىرسى شەھەرگە كىرىپلا بىر چۆمۈچ سېتىۋېلىپ، بەلبېغىنىڭ ئارقا تەرىپىگە قىسىپ ئالدىدا مېڭىپتۇ.

ھەنە بىر يىگىت چۆمۈچنى بەلگە قىلىپ ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. قىزمۇ بىر چۆمۈچ سېتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئايرىلماي مېڭىپتۇ. ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن قىستىلىپ ماڭالمايدىغان بىر تار كوچىغا كەلگەندە، قىز پەم-پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ چاققانلىق بىلەن تۈيدۇرماي، بېلىگە چۆمۈچ قىسقان يىگىتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋاپتۇ، كەينىدىن مېڭىۋاتقان يىگىت ئالدىدىكى چۆمۈچ قاياققا ماڭسا چۆمۈچكە ئەگىشىپ شۇ تەرەپكە مېڭىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، قىز ھېلىقى يىگىتنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، پادىشاھ ئوردىسى ئالدىغا كېلىپ، ئارقىغا قاراپ توختاپتۇ. يىگىت قورققىنىدىن يىغلىۋېتىپتۇ.

— يىگىت، نېمە يىغلايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ قىز.

— بېلىگە چۆمۈچ قىسىپ ئالدىمدا ماڭغان بىر دوستۇم بار ئىدى، سىزدىكى چۆمۈچكە ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپ دوستۇم بىلەن ئازغىشىپ كېتىپتىمەن.

— قورقماڭ، يىگىت، چۆمۈچ قىسقان دوستىڭىزنى مەن ھازىرلا تېپىپ كېلەي، — قىز كوچىغا چىقىپ چۆمۈچ قىسقان ھېلىقى سەھرالىق يىگىتنى تېپىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئوردا ئاشخانىسىغا باشلاپتۇ ۋە قىز دەرھال پادىشاھنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ:

— شاھىم! سەھرالىق ئىككى يىگىتنى ئاشخانىغا باشلاپ قويدۇم، ئۇلاردىن پولۇ بىلەن لەغمەندىن ئىمتىھان ئېلىپ كۆرسىڭىز، — دەپتۇ پادىشاھقا تىكىلىپ. پادىشاھ ئاشپەزلەرگە بۇيرۇپ پولۇ، لەغمەن تەييارلىتىپتۇ. لەغمەن، پولۇنى ئىككى يىگىتنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ پولۇنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ:

— يىگىتلەر، بۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلار ھودۇقۇپ جاۋاب بېرەلمەپتۇ، — قورقماي جاۋاب بېرىڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ قايتىدىن.

— بۇ··· بۇ سېپىل دېگەن شۇمىكى؟ — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى.

— بۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ لەغمەننى كۆرسىتىپ.

— بۇ··· بۇ دۇكاندار دېگەن شۇمىكى؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىتلەردىن بىرى.

پادىشاھ يىگىتلەرنى تاماققا تەكلىپ قىلغانىكەن، ئۇلار قورقۇپ ئارقىغا داجىپتۇ. پادىشاھ تاماقنى ئالدى بىلەن ئۆزى يەپ ئاندىن يىگىتلەرنى تەكلىپ قىلغانىكەن، يىگىتلەر تاماققا ئېغىز تېگىپ، تولىمۇ خوشال بولۇشۇپتۇ ۋە:

— ئېسىت، مۇشۇنداق ئالىي تاماق بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدىمۇ بولسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى-ھە؟! — دېيىشىپتۇ.

— سىلەرنىڭ يۇرتتا بۇنداق غىزالار يوقمۇ؟ سىلەر بۇرۇن بۇخىل غىزالارنى بىرەر قېتىم يەپ باقمىغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

يىگىتلەر باشلىرىنى چايقىشىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشتىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپتۇ ھەمدە:

— پەرۋەردىگارىم، غاپىللىقتا ئۆتكۈزگەن گۇناھىمنى كەچۈرگەيسەن، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگىلى تاسلا قاپتىمەن، — دەپتۇ ۋە شۇ ھامان ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، سالى ۋەزىردىن ئېگىلىپ تۇرۇپ ئەپۇ سوراپتۇ. پادىشاھنىڭ قايتىدىن چىقارغان پەرمانى بويىچە، ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى پۇقرالارنى مىسكىنلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا جان پىدا قىلىشقا قەسەم ئىچىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەل خەلقى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بەخت-سائادەتكە نائىل بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىدىن ئەيسا سايىم

## 3408 چوغۇل (چېقىمچى)

بۇرۇنقىسىدا بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدىغان بىر چوغۇل ئادەم بارىكەن. بىر كۈنى باي بىر يەرگە كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چوغۇل باينىڭ خوتۇنىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ۋاي يەڭگەم، ئېسىت سىلىگە، مېنىڭ سىلىگە بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ، سىلىنى مەن ئۆز ئاچامدەك بەك ياخشى كۆرىمەن. باي ئاكام يېقىندىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ تۆپىگە بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئاز كۈندىن كېيىن ئۆيگە ئەكېلىشى مۇمكىن. مەن بۇ ئەھۋالنى بىلەتتىم، ئۆزلىرىگە ئېيتىمىغانىدىم، بۈگۈن ئۆزلىرىگە دېدىم، شۇڭا ھۇشيارراق بولۇپ، ئۆيدىكى پۇلغا يارىغىدەك بىر نەرسىلەرنى باشقا جايغا يۆتكىۋېتىپ، يانلىرىنى چىڭىتىپراق تۇرسىلا. ئۆگۈنلۈككە باي ئاكام ئۆزلىرىنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ. ئۇچاغدا ئۆزلىرىگە پۇل لازىم بولىدۇ، — دەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى:

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، بىز ئەر-خوتۇن ناھايىتى ئامراق، ئېرىمنىڭ ئىچىدە يامانلىق يوق، سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان چوغۇل:

— باي ئاكام تويلۇقنى ئېلىپ بولدى، ئۆزلىرى بىلمەيلا، مېنىڭ گېپىمگە كىرمىسىلە، كېيىن پۇشايمانغا قالىلار،

ئۆزلىرىڭگە كۆيۈنۈپ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئەھۋالى پەس، كاللىسى مەس، قايىنىغا باردۇ، قايىنىغا ئەمەس، ئىچى پۇشۇپ، قولى ئىشقا بارماي، كېلىدىن غىزا ئۆتمەي، غەم قايغۇدا جىدلى بولۇپ:

— مەن قولۇمنى كۆسەي، چېچىمنى سۈپۈرگە قىلىپ، بىر قانچە يىل ئۆي تۇتۇپتىمەن. ئەمدى بۇ يۈزسىز تۆپەمگە خوتۇن ئالسا، مەن قانداقمۇ چىداي؟ — دەپ غەمدە قاپتۇ. ئاردىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە باي باشقا بىر يەرگە كېتىپتۇ، چوغۇل يەنە ھېلىقى خوتۇننىڭ قېشىغا بېرىپ:

— يەڭگەم، سىلە غەم قىلمىسىلا، بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى ئۆزەم قىلىمەن، مولامغا ئايەت ئوقۇتۇپ، باي ئاكامنى ئالىدىغان قىزدىن ياندۇرىمەن، باي ئاكامنى يەنىلا ئۆزلىرىگە ئاشىق قىلدۇرۇپ قويىمەن، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ خوتۇننىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ:

— ئەمدى سەن ماڭا قانداق ئەقىل كۆرسەتمەكچى دەپتۇ. چوغۇل:

— باي ئاكام ئۇخلاپ ياتقاندا، ئىتتىك پىچاقنى قوللىرىغا ئېلىپ، باي ئاكامنىڭ ساقىلىدىن يەتتە تال كېسىۋېلىپ ماڭا بەرسىلە، مەن ئۇنىڭغا ئايەت ئوقۇتۇپ، باي ئاكام سىلىنى بىردەم كۆرمىسە يىغلايدىغان قىلىۋېتىمەن، — دەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى خۇشال بولۇپ، بىردانە ئىتتىك پىچاقنى تەييارلاپ قويۇپتۇ.

گەپنى يەنە چوغۇلدىن ئاڭلايلى. بىر كۈنى چوغۇل باينىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ۋاي باي ئاكا، يەڭگەمنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ، ئۆز-

ئېرىدىن يۈز ئۆرۈپ باشقا بىرسى بىلەن قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۆزلىرى بىرجايغا كەتسىلە، ئۆيگە باشقا بىر ئادەم كېلىدۇ، يەنگەم ئۇ ئادەمنى ياخشى غىزا، تۇخۇم بىلەن كۈتىدۇ، يەنە تېخى ئۇ ئادەم بىلەن بىللە يېتىپ قوپىدۇ. بىركۈنى يەنگەم ئۇ ئادەم بىلەن مۇڭدۇشۇپ ئۆلتۈرىدىكەن، قۇلاق سالسام، يەنگەم: مەن ئېرىم ئۇخلاپ قالغاندا ئۇنى ئېتتىك پىچاق بىلەن بوغۇزلاپ تاشلايمەن، دەۋاتىدۇ. ئۇلار مېنى كۆرمىدى، بۇ گەپنى ئۆزلىرىگە دېمەي دېسەم، ئىچىم پۇشتى. دەي دېسەم، ئىشەنمەي تىلىم كۆيەرمۇ دەپ ئويلىدىم، سىلە ھوشيار بولمىسىلا ناھەق ئۆلۈپ كېتىلا، — دەپتۇ. باي:

— قوي بۇنداق قۇرۇق گەپنى، بىزنىڭ خوتۇن مۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ دەپتۇ. چوغۇل:

— باي ئاكا، مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىسىلە بىركۈنى قاتتىق ئۇخلىغان ئادەمدەك راسا خورەك تارتىپ يېتىپ باقسىلا، شۇندىلا تاماشانى كۆرىلا، — دەپتۇ. بىر كۈنى باي شۇ يوسۇندا ياتسا، خوتۇنى چوغۇل دېگەندەك ئېتتىك پىچاقنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ. باي: «ھە راستىنلا ئۇ مېنى ئۆلتۈرمەكچى ئىكەن — دە، چوغۇلنىڭ گېپى راست ئىكەن» دەپ ئويلاپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قولىغا بىر كەتمەننى ئېلىپ، خوتۇنىنى كەتمەن بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئەتىسى خوتۇنىنىڭ ئۇرۇق — تۇغقانلىرى قوزغىلىپ كەپتۇ، باينىڭ تۇغقانلىرىمۇ قوزغىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭگە — جېدەل بوپتۇ — دە، ھەر ئىككى تەرەپتىن 20 دىن ئادەم ئۆلۈپتۇ.

رەتلىگۈچى: ئەخمەت داۋۇت

## 3408 نىيىتى ياماننىڭ قازىنى تۆشۈك

بۇرۇنقى زاماندا، يەمەن شەھىرى ئەتراپىغا جايلاشقان بىر يېزىدا بىر بېلىقچى بوۋاي بىلەن موماي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئىككى قىزى بار ئىكەن. ئۇلار بېلىقچىلىق بىلەن تۇرمۇش كۆچۈرىدىكەن، ھەر كۈنلىكى دەرياغا بىر قېتىم تور سالىدىكەن، ھەر كۈنى تۆت جانغا تۆت بېلىق چىقىدىكەن، ئۇلارنىڭ قورسىقى بىردىن بېلىققا تويمايدىكەن. بوۋاي بىلەن موماي ئىككىسىلەن ئولتۇرۇپ:

— بىز بالىنىڭ بىرسىنى چۆلگە ئاپىرىپ تاشلىۋەتسەك كۈنىدە چىققان تۆت بېلىقنى ئەر — خوتۇن ۋە چوڭ قىز دېمىز يېسەك، قورسىقىمىز تويىدىكەن، — دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئەتىسى بوۋاي بىلەن موماي جاڭگالغا توققۇز ياشلىق قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. دادىسى:

— بالام سىز ئوتۇن يىغىپ تۇرۇڭ، مەن بېلىق تۇتۇپ كېلەي، — دەپ قىزچاقنى ئازدۇرۇپ قويۇپ، قېچىپ كېتىپتۇ. قىزچاق دادام ھازىر كېلىدىغۇ دەپ ئوتۇن يىغىپ ئولتۇرۇپتۇ. سا قلاۋەرسە دادىسى كەلمەپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە قىزچاق قورقۇپ توغراققا يامىشىپ ئۇچىغا چىقىپتۇ ۋە تاڭنى توغراق ئۈستىدە ئۆتكۈزۈپتۇ. كۈن نەيزە بويى چىققاندا غەرب تەرەپكە ئورۇنلاشقان بىرشەھەرنىڭ پادىشاھى 15 ئاتلىق ۋەزىرنى ئېلىپ ئوۋغا چىققانىكەن. قىزچاق پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئۇچراپ قاپتۇ. پادىشاھ قىزچاقتىن:

— ھەي قىز، سەن ئادەممۇ ياكى جىنمۇ؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. قىزچاق:

— مەن ئادەم ئەۋلادىدىن، مېنى ئاتام بىلەن ئانام ئوتۇن تىر دېتۇر دەپ قويۇپ قايتىپ كەلمىدى، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— قىزچاق بىز سېنى ئېلىپ كېتەيلى، — دەپ ئۆز شەھىرىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. قىز پادىشاھنىڭ ئۆيىدە بىر يىل خىزمەت قىپتۇ. ئاخىرى پادىشاھ قىزنى ئالتىنچى خوتۇنلۇققا ئاپتۇ. كۈنلەردىن — كۈن ئۆتۈپتۇ. يىللار ئۆتۈپتۇ، بېلىقچىنىڭ قىزى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. پادىشاھ بالىغا ئىسىم قويۇش ئۈچۈن، ئوردا ئۆلىمالىرىنى يىغىپ قانداق ئىسىم قويۇش مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە مەسلىھەت سوراپتۇ. ئۇلار تالاش-تارتىش قىلىپ بالىغا غولام ئېلى دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. پادىشاھ بالىنى ياخشى تەربىيىلەش مەقسىتىدە ئوردىدىكى مەدرىستە ئوقۇتۇپتۇ. بالا ئىلىم — مەرىپەت بېغىدا ئېچىلىپ يايراپ قۇرئاننى پۈتۈنلەي يادا سۆزلەيدىغان، ئوقيا ئاتالايدىغان، ئات مىنەلەيدىغان چەۋەنداز بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ.

ئەمدى گەپنى قىزچاقنىڭ ئاتا — ئانىسىدىن ئاڭلايلى.

بېلىقچى بوۋاي بىلەن موماي كىچىك قىزىدىن ئايرىلغىنىغا خوش بولۇپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپتۇ. ئەتىسى بوۋاي سەھەر تۇرۇپ تۆت بېلىق تۇتسا ئائىلىدىكى ئۈچ كىشىنىڭ قورسىقى تويىدىغانلىقىنى ئويلاپ نىسىپتىنى يامان قىلىپ دەرياغا تورسالىغانىكەن، ئارانلا ئۈچ بېلىق چىقىپتۇ. بۇ ئىشقا ھەيران قالغان بېلىقچى ئۆيىگە غەمكىن قايتىپ كېلىپ خوتۇنىغا ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي مەسلىھەتلىشىپ قىزىنى

تېپىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇلار چوڭ قىزنى ئۆيىدە قالدۇرۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ماڭا - ماڭا چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ ئىككى ئاي يول يۈرۈپتۇ. ئاخىرى شۇ مېڭىشىدا قىزى تۇرغان پادىشاھنىڭ شەھرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي شاھ ئوردىسىغا بېرىپ ئۇچرىشىشنى تەلەپ قىپتۇ. دەرۋازىۋەن ئۇلارنى بىر ئۆيگە باشلاپ قويۇپ پادىشاھقا ئەھۋالنى دوكلات قىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلار بىلەن قىزغىن سالام - سۆھبەت قىلىشىپتۇ. پادىشاھ ئۇلاردىن:

— سىلەر قايسى شەھەردىن كەلدىڭلار، نېمە تەلەپ - ئىسجاۋىتىڭلار بار؟ - دەپ سورىغانىكەن، ئۇلار ئۆزىنىڭ مىسىردىن ئىكەنلىكىنى، ئوتۇنغا بېرىپ قىزىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ، پادىشاھنى تەسىرلەندۈرۈپ مۇڭلىنىپ يىغلاپتۇ. پادىشاھ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ، خوتۇنىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى يادىغا ئېلىپ خانىشنى چاقىرتىپتۇ. بېلىقچىنىڭ قىزى ئاتىسى بىلەن ئانىسىنى كۆرۈپلا تونۇپتۇ، بوۋاي بىلەن موماي ئۆز قىزىنى تونۇماي بىر ھازاغىچە تۇرۇپ قاپتۇ. قىزچاق ئاتا - ئانىسىغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. باشتىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ شەرىپى ئۈچۈن، كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي كۈنلۈكى بېلىق يەپ باشقا ھېچقانداق تاماقنى يەپ باقمىغانلىقتىن، ھەر خىل نازۇ - نېمەتلەرنى كۆپ يەپ ئېچىپ، ئىچى سۈرۈپ ياتقان ئۆيلىرىنى چېچىپ رەسۋا قىلىۋېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ خوتۇنى ئېرىگە تۈيدۈرماي مەدىكارلارنى ئەكىرىپ تازىلىتىپتۇ. قىز دادىسىدىن:

— دادا، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار، — دەپ سورىغانىكەن، بوۋاي:
— قىزىم، بىز بۇنداق تائاملارنى ئۆمرىمىزدە كۆرمىگەن، شۇڭا كۆتۈرەلمىگەن ئوخشايمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ قىزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى بەش-ئالتە ئايغىچە راسا مېھمان قىلىپ، ئۆز يۇرتىغا قىرىق خېچىر ئاتقا ھەر خىل ئالتۇن-كۈمۈش، تاۋا-دۇردۇنلارنى ھەدىيە قىلىپ يولغا سالىپتۇ. ئۇلار ماڭا-ماڭا، يېرىم يولغا بارغاندا پۇل-پۈچەكلىرىنى تېجەپ خەجلىمەي بۇزۇپ تۈگىتىپ بوپتۇ، — ئۆيىگە بارسا، ئۆيلىرى جىمجىت تۇرغىدەك، بوۋاي بىلەن موماي ماڭغار چېغىدا قازانغا ئۈچ دانە بېلىق سېلىپ قويۇپ كەتكەنىكەن. قازاننى ئېچىپ قارىسا يوق تۇرغىدەك. ئەقىلسىز بوۋاي قازانغا قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن قازاننىڭ ئىچىدە بىر چىۋىن ئۆمىلەپ يۈرگىدەك، بوۋاي ئاچچىقلىنىپ قازاندىكى بېلىقنى چىۋىن يەپ بوپتۇ دەپ ئويلاپ، چىۋىننى كالتەك بىلەن ئۇرغانىكەن، قازان چېقىلىپ ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. چىۋىن ئۇچۇپ ئۆينىڭ تۆت تەرىپىدە چۆرگىلەپ يۈرۈپتۇ. ئاچچىقىغا پايلىمىغان بوۋاي ئوتتا كۆيدۈرىمەن دەپ ئۆيگە ئوت ياققانىكەن، ئىشىك تاقاغلىق بولغاچقا، بوۋاي بىلەن موماي ئۆينىڭ ئىچىدە كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: دۆلەتباغ يېزا 11-كەنتتىن تۇرسۇن ھېزىم.

# 3419 مۆمىننىڭ پاراسىتى

بۇرۇنقى زاماندا، بىر ياۋۇز، زالىم پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھ ئەلدە ناھەقچىلىقنى كۆپ قىپتۇ. خەلق پېقىر، نامراتچىلىقتا ئۆتۈپتۇ. ئۈستى - ئۈستىلەپ قاتتىق زۇلۇم تارتىپتۇ، پادىشاھنىڭ زۇلۇمى، ياۋۇزلۇقى ھەققىدە ھېچكىممۇ بىرەر ئېغىز گەپ - سۆز قىلالمايدىكەن. ئەگەر پادىشاھ بىرەر ئېغىز گەپ - سۆز ئاڭلاپ قالسا، شۇ گەپنى قىلغان ئادەمنى ئۆلۈمگە، مال - مۈلكىنى تالاڭغا بېرىۋېتىدىكەن. پادىشاھنىڭ زۇلۇمى ۋە ۋەھشىلىكىدىن خەلق قورقۇپ، كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ قارىغۇ، تىلى تۇرۇپ گاچا، ئەقلى - ھۇشى تۇرۇپ دۆت بوپتۇ.

بۇ ئەلدە مۆمىن ئىسىملىك ئاق كۆڭۈل، ساپ دىل، ئادىل بىر كىشى بار ئىكەن، ھەر دائىم ئەل ئارىسىدا يۈرۈيدىكەن، قولىدىن كېلىشىچە كىشىلەرگە ياردەم قىلىپ ئۆتىدىكەن. ھاجەتمەنلەرنىڭ قانداق ھاجىتى بولسا ئېغىر كۆرمەي ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىدىكەن. خەلق مۆمىننى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. بىر كۈنى بىر كىشى كېلىپ مۆمىنگە پادىشاھتىن تارتقان دەرت - ئەلەملىرىنى ئېيتىپتۇ. مۆمىن ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ:

— ئاغامچىنى تولغاۋەرسە ئۈزۈلىدۇ. زۇلۇم كۈچەيگەنسېرى قارشىلىق شۇنچە ئۆرلەيدۇ. يۈك كۆتەرگەن ئادەم يۈك

ئېغىرلىشىپ كۆتۈرەلمىگەندە، ئۈستىدىكى يۈكنى ئىرغىتىپ تاشلايدۇ. زۇلۇم چېكىگە يەتتى، پادىشاھنىڭ زالىملىقىدىن قۇتۇلىدىغان كۈنمۇ يېتىپ كېلىدۇ، - دەپ ھېلىقى كىشىگە تەسەللى بېرىپ يولغا ساپتۇ. مۆمىننىڭ بۇ سۆزلىرى بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا، ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا ئاڭلىنىپ ئاخىرى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ قاپتۇ. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، مۆمىننى تۇتۇپ كېلىشكە يارلىق چۈشۈرۈپ، كىمكى مۆمىننى تۇتۇپ ئەكېلىپ بەرسە ئۇنىڭغا زور ئىنئام قىلىدىغانلىقىنى، كىمكى ئۇنى ئۆيىدە يوشۇرۇپ ساقلاپ خەۋەر قىلمىسا، ئۇنى قاتتىق جازالاپ، مال - مۈلكىنى مۇسادىر قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ ۋە تەرەپ - تەرەپلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆي - ئۆيلەرنى ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ زۇلۇمىدىن قورقۇپ، مۆمىننى ھېچكىم ئۆيىگە كىرگۈزمەپتۇ. مۆمىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇلارمۇ مۆمىننى ئۆيىگە كىرگۈزسە خاپىلىق يېتىدىغانلىقىنى بىلىپ ئۆيىگە كىرگۈزمەپتۇ. ئاش، نان بېرىپ ئۆزرە ئېيتىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ئاخىرى مۆمىننى تۇتۇۋاپتۇ. پادىشاھ ئۇنى دارغا ئاسماقچى، ئۆلۈم جازاسى بەرمەكچى بوپتۇ ۋە:

— مۆمىن دارغا ئېسىلىدۇ، ئاۋۋال ھەممە ئادەم جازا مەيدانىغا توپلىنىپ، بۇ گۇناھكارنى بىردىن ئۇرۇشى كېرەك، كىمكى پادىشاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، بۇ گۇناھكارغا ئىچ ئاغرىتىدىكەن، جازاغا تارتىلىدۇ، - دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. زالىم پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى بويىچە بەلگىلەنگەن كۈنى پۈتۈن خەلق جازا مەيدانىغا توپلىنىپتۇ. جاللاتلار مۆمىن-

نى باغلاپ جازا مەيدانىغا كەلتۈرۈپتۇ. دارنىڭ سىرتمىقى
ئۇنىڭ گېلىغا سېلىنغاندىن كېيىن، ھەممە كىشىگە ئۇنى بىر-
دىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇلۇپتۇ. پادىشاھ تەخت ئۈستىدە
ھەممە كىشىنىڭ مۆمىننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشىگە سەپسېلىپ ئولتۇ-
رۇپتۇ، ھەممە كىشى مۆمىننى بىردىن ئۇرۇپ ئۆتۈپتۇ: بەزى-
لىرى مۇش بىلەن، بەزىلىرى كاچات بىلەن، بەزىلىرى كال-
تەك بىلەن ئۇرۇپتۇ. ئىش قىلىپ، قولىدا نېمە بولسا شۇ-
نىڭ بىلەن ئۇرۇپتۇ. مۆمىن داد-پەرياد كۆتەرمەي مەر-
دانە قىياپەتتە تىك تۇرۇپتۇ.

مۆمىننىڭ سالى ئىسىملىك بىر
نەۋرە قېرىندىشى بار ئىكەن، مۆمىننى ئۇرۇشقا
قولى بارماي، نائىلاجلىقتا قولىدىكى ئەتىرگۈلنى مۆمىننىڭ
بۇرنىغا تەگكۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. گۈل مۆمىننىڭ بۇرنىغا تېگىشى
بىلەن مۆمىن «ۋايجان!» دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادى-
شاھ جاللاتلارغا:

— مۆمىننىڭ بويىندىكى سىرتماقنى يېشىپ، ئۇنى ھازىر
ئالدىمغا كەلتۈر. ئۇنى گۈل بىلەن ئۇرغىنىمۇ كەلتۈر، —
دەپ ئەمىر قىپتۇ. جاللاتلار مۆمىننىڭ بويىندىكى سىرتماقنى
يېشىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ مۆمىندىن:

— شۇنچىلىغان ئادەم ئۇرۇپ ئۆتسە، ھەتتا كالتەك بىلە-
لەن ئۇرسىمۇ «ۋاي» دېمەي، بىرىنىڭغا گۈلنى پۇرۇتۇپ ئۆتسە،
«ۋايجان» دەپ توۋلايسەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ — دەپ
سوراپتۇ. مۆمىن جاۋاب بېرىپ:

— مەن گۇناھسىز بىر ئادەم. ناھەقتىن- ناھەق دارغا
ئېسىلدىم. خالايىقلار بىلمىگەندىن، مېنىڭ نېمە سەۋەبتىن

دارغا ئېسىلغانلىقىمنى بىلمىگەنلىكى، ئىككىنچىدىن، ماڭا يات بولغانلىقى ئۈچۈن، مېنى ئۇردى. شۇڭا ئۇلاردىن خاپا بولمىدىم. ئەمما مېنى گۈل بىلەن ئۇرۇپ ئۆتكىنى مېنىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشىم ۋە ئەڭ يېقىن قىيامەتلىك ئاغىنەم ئىدى. ئۇنىڭ مېنى ئۇرغىنى جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. تاقەت قىلالـمايى «ۋايجان» دەپ توۋلاپ سالدىم، — دەپتۇ.

بۇ سۆز پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىپتۇ، شۇڭا پادىشاھ مۆمىننىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چاھارباغ يېزا 16-كەنتتىن مەھەممەت ئىمىن



## 3501 كىشىنى قەستلىگەن ئۆزىنى قەستلەپتۇ

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر ياغچى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ياغ بىلەن تەمىنلەيدىكەن. ياغچى بىر كۈنى 41 قاپاقتا ياغ قاچىلاپ، ئېشەككە ئارتىپ بازارغا كېتىپ بارسا، بىر دۆڭنىڭ تۈۋىدە 41 ئاغىنىسى ئۇچراپ بىر دەم ئارام ئېلىپ مېڭىشقا دەۋەت قىپتۇ. ياغچى ماقۇل بولۇپ بىر دەم ئولتۇرۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. 41 ئاغىنىسى 41 قاپاقتىكى ياغنى ئۆزلىرىنىڭ قاچىلىرىغا تۆكۈۋېلىپ، قاپاقلارغا سۇ قاچىلاپ قويۇپتۇ. ياغچى ئۇيقىدىن ئويغىنىپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. بازاردا ئۇنىڭ يېغىغا قاراپ تۇرغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ياغچى دەسلەپ قىلىپ بىر قاپاقنى «يا بىسمىللاھىر راھمانىر رەھىم» دەپ ئاچقانىكەن، ھەممە قاپاقلاردىن سۇ چىقىپتۇ. ياغچى 41 ئاغىنىسىنىڭ ئۆزىنى باپلىغانلىقىنى بىلىپ:

— خەپ توختاپ تۇرۇش، سەنلەرنىمۇ بىر باپلىسام، — دەپ، ئېشىكىنىڭ قوڭىغا بەش دانە تەڭگىنى تىقىپ، ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ. يول ئۈستىدە يەنە ھېلىقى 41 ئاغىنىسى ئۇچراپتۇ. ياغچى ئاغىنىلىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئېشەكنى قاتتىق بىر ئۇرۇپتىكەن، ئېشەكنىڭ قوڭىدىن تورۇكلاپ ئىككى دانە تەڭگە چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاغىنىلىرى ياغچىدىن:

— ھوي ئاغىنە، سېنىڭ ئېشىكىڭ تەڭگە چىچىدىكەن-ھە؟ بىزگە سېتىپ بەرسەڭچۇ؟ دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ياغاچچى سېتىپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئېشەكنى يەنە قاتتىق بىر ئۇرۇپتىكەن، قالغان ئۈچ دانە تەڭگىمۇ تورۇكلاپ يەرگە چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاغىنىلىرى ئېشەكنى قەتئىي سېتىۋېلىش قارارىغا كېلىپ، ياغاچچىغا يالۋۇرۇپتۇ. ئاغىنىلىرىنىڭ چىڭ تۇرۇۋالىشى بىلەن ياغاچچى ئېشەكنى سېتىپ بېرىپتۇ. ئاغىنىلىرى ياغاچچىدىن ئېشەكنى قانداق باققاندا تەڭگە چىچىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ياغاچچى ئاغىنىلىرىگە:

ئېشەككە ئاخشىمى بىر ئوقۇرغا بېدە، بىر ئوقۇرغا سامان، بىر ئوقۇرغا قوناق، بىر ئوقۇرغا كۆك تىكەن، بىر ئوقۇرغا سۇ بېرىپ باقسا، ئېشەك كېچىچە تەڭگە چىچىدۇ، ئېشەكنىڭ ئايىغىغا گىلەم سېلىپ بېرىش لازىم، — دەپتۇ. ياغاچچىنىڭ بۇنىڭغا قىزىقىپ قالغان قىرىق بىر ئاغىنىسى بىردىن قىرىق بىر ئېشەك سېتىۋاپتۇ — دە، ئاخشىمى ياغاچچىنىڭ دېگىنىدەك ئېشەكنىڭ ئاستىغا گىلەملەرنى سېلىپ بېقىپتۇ، ئۇلار ئەتىسى سەھەردە قوپۇپ قارىغىدەك بولسا، ھەممىسىنىڭ ئېشىكى گىلەملەرنى رەسۋا قىلىۋېتىپتۇ. تۆتىنچى ئاغىنىسى گۇمان قىلىپ: «باشقىلار تەڭگىلەرنى ئۇغرىلىۋالغانمىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن، قارىغۇدەك بولسا، ھەممىسىنىڭ ئۆيلىرىدە ئەھۋال ئوخشاش تۇرغىدەك. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ياغاچچىنى يەنە بىر قېتىم باپلىماقچى بولۇشۇپتۇ — دە، ياغاچچىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ياغاچچى ئۇلارنىڭ بىر مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلىپ خوتۇنىغا:

— خوتۇن، قوتاندىكى قىرغىزەك قوينى ئېلىپ چىققى-

سىنا، — دەپتۇ. لېكىن، خوتۇنى گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بالىسىغا:

— بالام، خوتۇننى چاققان قىلىدىغان چوماقنى ئېلىپ چىق — دەپ بۇيرۇپتۇ. بالىسى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر دانە كالتەكنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. ئايالى كالتەكنى كۆرۈپلا چېپىپ كىرىپ قىرغىزەك قويىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاغىنىلىرى ياغىچىغا يالۋۇرۇپ:

— ئاغىنە، سەن بۇ كالتەكنى بىزگە سېتىپ بەرسەڭ، بىزنىڭ ئاياللىرىمىز ئىنتايىن كەپسىز، ھەم تاماكا، نەشە چېكىدۇ، نېمە دېسەڭ شۇنى بېرەيلى، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ياغىچى:

— بۇ كالتەكنى ساتمايمەن، ئەگەر مەن بۇنى سېتىۋەتسەم، خوتۇنۇمنى باشقۇرالمايمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاغىنىلىرى قاتتىق يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىرى ئۇلار خوتۇنلىرىدىن باشقا ھەممە ۋەجلىرىنى بېرىشكە پۈتۈشۈپ كالتەكنى سېتىۋاپتۇ. ياغىچىنىڭ ئاغىنىلىرى كالتەكنى ئېلىپ ئۆيلىرىگە بېرىپ، قىرىق بىر خوتۇننى قىرىق بىر ئۆيگە سولاپ، كالتەك بىلەن ئۇرۇۋېرىپتىكەن، قىرىق بىر خوتۇننىڭ ھەممىسى ئۆلۈپتۇ. ياغىچىنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇلار بۇ نۆۋەت ياغىچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. ياغىچىمۇ ئىشنى ئالدىن پەملەپ، بالىسىنى ئۆگزىگە چىقىرىپ قويۇپ:

— قىرىق بىر ئاغىنەم كېلىپ قالسا، ماڭا تېزدىن خەۋەر قىل، — دەپتۇ. بالىسى ئۆگزىدە ئولتۇرسا ھېلىقى قىرىق بىر ئاغىنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بوپتۇ. بالا دادىسىغا خەۋەر قىپتۇ، ياغىچى خوتۇنىغا:

— خوتۇن، سەن ئۇلارغا مېنى ئۆلۈپ كەتتى، دېگىن، — دەپ قويۇپ بىر كۆرەكنى كۆتۈرۈپ، شام گۆرگە كىرىۋېلىپ، بىر چوڭ تۆمۈرنى قىزىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاغىنىلىرى ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا ياغچىنىڭ ئايالى:

— ۋاي مۇرەببىيىم — مۇرەببىيىم، ئۆتكەن ھەپتە كۆرەپتىم، ئۆلەپ قالار دېمەپتىم، قانداق قىلاي مۇرەببىيىم؟ — دەپ ھازا باشلاپتۇ. ئاغىنىلىرى ھاڭ — تاڭ قاپتۇ. ئۇلار ياغچىنىڭ ئايالىدىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. ياغچىنىڭ خوتۇنى:

— ئۇ ئاخشام بازاردىن كەپتىكەن، بازاردىن ئېلىپ كەلگەن يەتتە، سەككىز مانتىدىن بىرنى يەپلا، سۇ ئىچەي دېۋىدى، سۇ ئەكېلىپ بەرسەم، سۇنى ئىچىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغانىدى، ئەتىگەن قوپمايدۇ، — قوپمايدۇ، بالىلارنى داداڭنى ئويغىتىپ چىق دېسەم، دادىسى ئاللىبۇرۇن ئۆتۈ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ، يەرلىكىدە قويۇۋەتتۇق، ۋاي مۇرەببىيىم — مۇرەببىيىم، ئۆتكەن ھەپتە كۆرەپتىم، ئۆلەپ قالار دېمەپتىم. قانداق قىلاي مۇرەببىيىم؟ — دەپ ھازىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئاغىنىلىرى:

— سەۋرى قىلىڭ، بىزنى قەبرىسىگە باشلاپ بېرىڭ، ئاغىنىمىزنىڭ تۇپراق بېشىدا دۇئا — تىلاۋەت قىلىپ قويۇپ كېلەيلى، — دەپتۇ. ئايال ئۇلارنى قەبرە يېنىغا باشلاپ بېرىپتۇ. ئاغىنىلىرى ئايالغا:

— سىز كېتىپ تۇرۇڭ، بىز دۇئا — تىلاۋەت قىلىشىپ كەينىڭىزدىن يېتىپ بارىمىز، — دەپتۇ. ياغچىنىڭ خوتۇنى قەۋرىستانلىقتىن كەتكەندىن كېيىن، قىرىق بىر كىشى مەسلىھەتلىشىپ:

— بىز گۈيىنىڭ بىزگە سالغان زىيىنى ئاز ئەمەس، ئۇ-نىڭ بېشىغا ھەممىمىز سىيىۋېتىپ كېتەيلى، — دەپتۇ — دە، قىرىق بىرسى نۆۋەت بىلەن سىيەكچى بوپتۇ. ئۇلاردىن بىرىنچىسى:

— مېنىڭ ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەكرەك ئاچچىقىم بار، — دەپ قەبرە بېشىغا بېرىپ سىيەكچى بولغاندا ياغچى قىزىق تۆمۈرنى ئۇنىڭ كاسىكىگە «ۋاشىشىدە» يېقىپ قويۇپتۇ، ئۇ، ئۈن — تىنسىز سىيىپ بولدۇم دەپ يېنىپ كەپتۇ. ئىككىنچىسىمۇ شۇنداق قىپتۇ. بۇ ئىش ئوخشاش تەكرارلىنىپ ياغچى ھەممىسىنىڭ كاسىكىگە قىزىق تۆمۈرنى يېقىۋېتىپتۇ. ئۇلار كاسەكلىرىنى سىلىشىپ سولاشقان پېتى ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. ئاڭغىچە ياغچى بىر ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن قازىنىڭ ھوزۇرىغا ئەرزگە بېرىپتۇ — دە، قازىغا:

— مېنىڭ دادامدىن قالغان 41 قۇل — قوشنىلىرىم بار ئىدى، ئۇلار دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ماڭا بويسۇنغىلى ئۇنىمىدى، — دەپ دادلاپتۇ. قازى ياغچىدىن:

— دادىڭ بۇ ھەقتە ساڭا تامغۇلۇق خەت قالدۇرۇپ كەتكەنمۇ يوق؟ — دەپ سوراپتۇ. ياغچى:

— دادام ماڭا خەت — موھۇر بەرسەم، يىرتىلىپ كەتمىسۇن دەپ، ھەممىسىنىڭ كاسىكىگە تامغا بېسىپ قويغانىدى، — دەپتۇ. قازى دەرھال ئۇلارنى كەلتۈرۈپ قارىغىدەك بولسا، ھەممىسىنىڭ كاسىكىدا راست تامغىنىڭ ئىزى تۇرغىدەك. قازى ياغچىنىڭ 41 ئاغىنىسىگە:

— سەنلەر بۈگۈندىن باشلاپ ياغچىنىڭ قۇلى، — دەپ بۇيرۇپتۇ. ياغچى 41 كىشىنى ئۆز ئىشىغا سېلىپ، ئارام — بەخىش تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چوڭقۇرچاق يېزا 27 — كەنتتىن كامىلجان

رەتلىگۈچى: ئەخەت داۋۇت

## 3503 ئىككى ۋەزىرنىڭ سەرگۈزەشتىسى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئەلقۇش ئىسىملىك ئۇلۇغ قول ۋەزىرى، خوجا بەختى جامال ئىسىملىك سول قول ۋەزىرى بار ئىكەن. بۇ ئىككى ۋەزىر ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بىر-بىرىگە ھەمنەپەس بولۇپ ئىناق ئۆتۈپتۇ. ئەلقۇش ۋەزىرنىڭ قۇرئانداز لىقتىن خەۋىرى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئەلقۇش ۋەزىر خوجا بەختى جامالغا:

— ئەي، دوستۇم، مەن قۇرئى كۆرۈپ باقسام، سىزگە چوڭ بىر بالايى-قازا يۈزلىنىپ تۇرۇپتۇ، — دەپتۇ.

— خوجا بەختى جامال بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلى بىئارام بوپتۇ. ئۇ ئەلقۇش ۋەزىرگە:

— ھەي، دوستۇم، يەنە بىر قېتىم قۇرئى كۆرۈپ باقسىڭىز، بۇ بالايى-قازادىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلسام، سىزمۇ بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ياردەم قىلسىڭىز، — دەپ كۆز يېشى قىپتۇ. ئەلقۇش ۋەزىر يەنە قۇرئى سېلىپ:

— سىز 40 كېچە-كۈندۈز تالاغا چىقمىسىڭىز، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ شولىسىنى كۆرمىسىڭىز، بۇ بالايى-قازادىن ئۆتۈپ كېتەلەيدىكەن، — دەپتۇ.

خوجا بەختى جامال ئەلقۇش ۋەزىرنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئۆيگە كىرىپ، قاراڭغۇ ئۆيدە يېتىپتۇ، كۈن، ئاي، يۇل-

تىزلارنىڭ شولىسىنىمۇ كۆرمەپتۇ، 39 كۈن بولغاندا ئەلقۇش ۋەزىر خوجا بەختى جامالنىڭ ئۆيىگە ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ. ئەلقۇش ۋەزىر خوجا بەختى جامالغا:

— دوستۇم، ئۇزاق بولدى كۆرۈشمىدۇق، بىئالدۇراق يوقلاپ كېلەلمىدىم، سىز بىلەن مۇڭدىشاي دەپ كەلدىم، — دەپتۇ.

بۇ ئىككى قەدىناس دوست ئۆز ئارا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ مۇڭدىشىپتۇ. ئەلقۇش ۋەزىر خوجا بەختى جامالغا دېدىكى:

— ھەي دوستۇم، بىز بىللە چىقىپ شەھەردا باغ سەيلىسى قىلىپ كەلسەك؟

بىزرادىردىم، بىر كۈنلۈك ۋاقتىم قاپتۇ، ئەتە قىرىق كۈن توشىدىكەن، ئەتە چىقساق؟ — دەپتۇ خوجا بەختى جامال.

— يۇرۇڭلار! چىقايلى، بالايى — قازا دېگەن تۇرۇۋېرىدى-غان نەرسە ئەمەس، ھەر قانچە بالا — قازا بولسىمۇ ئۆتۈپ كەتكەندۇ — دەپتۇ ئەلقۇش ۋەزىر خوجا بەختى جامالغا.

خوجا بەختى جامال ئەلقۇشنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئەلقۇش ئۇنىڭ بىلەن بىللە شەھەرگا سەيلى — تاماشا قىلا-غىلى مېڭىپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋاتسا، يول بويىدا ۋەيران بولغان بىر باغ ئۇچراپتۇ. باغنىڭ يېنىغا يېقىن كەلگەندە خوجا بەختى جامالنىڭ تەرەت قىلغۇسى كەپتۇ. ئۇ ھېلىقى باغ ئىچىگە تەرەت قىلغىلى مېڭىپتۇ. ئەلقۇش بولسا يولدا خوجا بەختى جامالنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. خوجا بەختى جامال تەرەت قىلىپ بولۇپ، تەرىتىگە تۇتۇش ئۈچۈن بىر چالما ئېلىپ قا-رىسا، چالما ئالغان كامارنىڭ ئىچكىرى تەرىپىدە بىر ئۆي، ئۆي ئىچىدە ھېلەددى — ھېيسابسىز ئالتۇن — كۈمۈش، دەپى — دۇنيا تۇرغىدەك. «بۇ ئوگۇممۇ — يا

چۈش كۆرۈۋاتامسەن؟» دەپ خوجا بەختى جامال ھەيران بولۇپ-
تۇ ۋە بۇ ئىشنى ئەلقۇشقا ئېيتىپ، ئۇنى ھېلىقى مال - دۇنيا
بار جايغا باشلاپ كەپتۇ. ئەلقۇش بۇ ھېسابسىز مال - دۇن-
يانى كۆرگەندىن كېيىن، بىردىنلا ئۇنىڭ نىيىتى بۇ-
زۇلۇپتۇ.

— ھەي، خوجا بەختى جامال، سەن بۇنى ماڭا كۆرسە-
تىپ يامان قىلدىڭ، بۇ مال - دۇنيانى ماڭا كۆرسەتمەي ئۆ-
زۈڭ ئىگىلىسەڭ بولاتتى. ئىككى ئادەم بۆلۈشۈپ قىلغان
ئىش ھامان پاش بولماي قالمايدۇ، ئەمدى ئەجەلىڭ توش-
تى، مەن سېنى ئۆلتۈرۈپ مال - دۇنيانى ئۆزۈم ئىگىلەيمەن،
دەپتۇ ئەلقۇش ۋەزىر خوجا بەختى جامالغا. خوجا بەختى
جامال ئەلقۇشقا يالۋۇرۇپ:

— بۇ ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنيانىڭ ھەممىسى
سىز ئېلىڭ، مەن ھەرگىزمۇ تاما قىلمايمەن، ھېچكىمگە ئېيت-
مايمەن، - دەپتۇ. لېكىن ئەلقۇش ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن
يانماپتۇ. ئۇ قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، خوجا بەختى جا-
مالنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىپتۇ. خوجا بەختى جامال
ئەلقۇشقا:

— بۇرادىرىم، ئۆلتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن ئۈچ تۈرلۈك تە-
لىپىم بار ئىدى، شۇنى سىزگە دەۋالسام، - دەپتۇ. ئەلقۇش
ئۇنىڭ ئۈچ تۈرلۈك تەلىپىنى قويۇشقا ۋاقىت بېرىپتۇ. خوجا
بەختى ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— بىرىنچى تەلىپىم، ھازىر خوتۇنۇم ھامىلدار ئىدى.
ئۇ بالا ئەگەر ئوغۇل تۇغۇلۇپ قالسا ئىسمىنى خوجا بەختى جا-
مال قويۇپ قويسۇن. ئىككىنچى تەلىپىم، خوتۇنۇمغا مۇشۇ

ۇلدىن مىلك تىللا بەرسەڭلار، شۇ بالىنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇۋالسا. ئۈچىنچى تەلىپىم، مېنى سورىغان ۋە سۈرۈشتۈرگەنلەرگە «ئۇنىڭ كەتكەن يېرىنى بىلەلمىدۇق» دەپ ئۆگىتىۋەتسىڭىز.

ئەلقۇش ئۇنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ئاندىن كېيىن باغنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ، باغنى سېتىۋاپتۇ، ھېلىقى خەزىنە ئەلقۇشنىڭ بولۇپ قاپتۇ. ئەلقۇش بۇ باغنى كېڭەيتىپ، يېڭىدىن چاھارباغ سالدۇرۇپتۇ.

ئايلار، كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، باشقا بىر دۆلەت پادىشاھىنىڭ ئوغلى بىر چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ كۆرگەن چۈشىدە، ئەلقۇش ۋەزىرنىڭ قىزىغا ئاشىق بىقارار بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۆز دۆلىتىدىن چىقىپ سەرگەردان بولۇپ، ئىزدە - ئىزدە ئاخىرى ئەلقۇشنىڭ دۆلىتىگە يېتىپ كەپتۇ، ئۇ چۈشىدە ئاشىق بولغان قىزنىڭ مۇشۇ شەھەردە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۈمىد بىلەن بىر نەچچە كۈن تۇرۇپتۇ، ئەمما چۈشىدە كۆرگەن مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە ئامال قىلالماپتۇ. ئاخىرى ئۇ ئىلاجىسىزلىقتىن ئەلقۇش ۋەزىرگە قۇل بولۇپ سېتىلغىنىچە يەتتە يىل ئىشلەپ قاپتۇ.

ئەمدى خوجا بەختى جامالنىڭ ئائىلىسىدىن سۆز ئېچىتەيلى. خوجا بەختى جامالنىڭ خوتۇنى ۋاقتى سائىتى كەلگەندە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، خوجا بەختى جامالنىڭ ئەلقۇش ۋەزىرگە تاپىلىغان ۋەسىيىتى بويىچە بالىنىڭ ئىسمىنى خوجا بەختى جامال قويۇپتۇ، ئەلقۇش ۋەزىر خوجا بەختى جامالنىڭ خوتۇنىغا مىلك تىللا بېرىپتۇ، ئەلقۇش ۋەزىر خوجا بەختى جامالنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكىنى چا-

دۇرماي، ئۇنىڭ پاجىئەسىنى ئىنىسى ـ جىنىغا ئۇقتۇرماي يو-
قىتىۋېتىپتۇ. خوجا بەختى جامالنىڭ ئوغلى يەتتە ياشقا كىر-
گەندە مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك بىر
ئالىم بولۇپ يېتىشىپتۇ. ئۇستازى بالىغا دەپتۇكى:

— ئوغلۇم خوجا بەختى جامال، سەن ئەمدى ئىلىم ـ بى-
لىمدە خېلى كامالەتكە يېتىپ قالدىڭ، سەن ئەمدى ئو-
قۇشنى داۋاملاشتۇرماقچى بولساڭ، مەن ئىجازەت بېرەي، مە-
ندىن يۇقىرىراق بىلىمى بار ئۇستازدىن بىردە ئوقۇغىن.

— ياق، ئۇستازىم! ئۇنداق دېمەي ماڭا تېخىمۇ كۆپ-
رەك بىلىم بەرسىڭىز، مەن تېخى مىڭ يىل ئوقۇسامۇ سىز-
دىكى بىلىمنىڭ مىڭدىن بىرىنى ئىگىلەپ بولالمايمەن، ـ
دەپتۇ خوجا بەختى جامال ئۇستازىغا:

— بالام نېمىگە مۇشۇنداق دەيسەن؟ ـ دەپتۇ ئۇس-
تازى.

— ئۇستازىم، ئۆيلىرىدە بىر كىتاب بار ئىكەن، ماڭا
شۇ كىتابتىن تېخى دەرس بەرمەپلا، مەن ئۆتۈنۈپ قالاي، شۇ
كىتابتىنمۇ بىلىم بەرگەيلا! ـ دەپ تىزلىنىپ يىغلاپتۇ بالا.

— خەير... بوپتۇ، ئۆيدىكى كىتابنى ئۆزۈڭ قانائەت-
قىلغانغا قەدەر ئوقۇغىن، ـ دەپتۇ ئۇستاز.

خوجا بەختى جامال ئۇستازىنىڭ ئۆيدىكى ئىلىم ـ ھېك-
مەت كىتابىنى تەكرار ئوقۇپ يادلىۋاپتۇ. ئۇ كىتاب شۇنداق
خاسىيەتكە ئىگە ئىكەنكى، دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەن
ۋە بۇندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى، ھەر قانداق مەخپىي
سىرلارنى مۇشۇ كىتابنى ئوقۇغان كىشى بىلىۋالالايدىكەن.
خوجا بەختى جامال ئۇستازىنىڭ ئىجازەت بېرىشى بىلەن ئوقۇشنى

تۇختىتىپ ئۆز ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۆيىگە بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، دادىسىدىن قالغان مال - مۈلۈك، دەپى - دۇنيا تۇگەپ، ئانىسى سېرىقتال كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. خوجا بەختى جامال پايى - پىتەك بولۇپ ئانىسىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپتۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە خوجا بەختى جامالنىڭ ئانىسى دەپتۇكى:

— ئوغلۇم، سامسا يېگىم كېلىۋاتىدۇ، شەھەرگە كىرىپ سامسا ئەكېلىپ بەرسەڭ.

خوجا بەختى جامال سامسا ئالغىدەك پۇلى بولمىسىمۇ، نائىلاج شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇ شەھەردىكى داڭلىق بىر سامساپەزنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ:

— ئاكا، مۇشۇ ئىككى سامسىنى ماڭا بەرسىلە، — دەپتۇ.

— پۇلۇڭ بارمۇ؟ — دەپتۇ سامساپەز.

— پۇلۇم يوق، — دەپتۇ بالا. سامساپەز بالىغا كايىپ:

— پۇلۇڭ بولمىسا سامسىنى قوي، سامسا دېگەن گۆش بىلەن ئۇندا بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پۇلغا ئېلىپ ئېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— شۇنداق، سىلە پادىشاھنىڭ پوستەكچىسى بىلەن شېرىك، پوستەكچى كېچىسى ئۇنى ئوغرىلاپ سىلىگە ئەكېلىپ بېرىدۇ، سىلە سامسا ئېتىپ ساتىلا، بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا دەپ قويسامغۇ تويالا، — دەپتۇ خوجا بەختى جامال.

— ئوكام، ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ، بۇ گەپنى ھېچكىمگە دېگۈچى بولماڭ — دەپتۇ سامساپەز ۋە بىر نەچچە سامسىنى بالىغا پۇلسىز بېرىپتۇ. خوجا بەختى جامال بۇ سامسىنى ئانىسىغا ئەكېلىپ بېرىپتۇ. يەنە بىر كۈنى ئانىسى ئوغلىغا:

— بالام، كاۋاپ يېگىم كېلىۋاتىدۇ، بىر ـ ئىككى زىخ كاۋاپ ئەكېلىپ بەرسەڭ، ـ دەپتۇ. بالا شەھەرگە كىرىپ، كاۋاپچىنىڭ ئالدىدىن ئىككى زىخ كاۋاپنى قولىغا ئېلىپ:

— ئۇستام بۇ كاۋاپنى ماڭا بەرسىلە، ـ دەپتىكەن. كاۋاپچى:

— پۇلۇڭ بارمۇ؟ دەپ سوراپتۇ. «ياق» دەپتۇ بالا.

— پۇلۇڭ بولمىسا كاۋاپنى قوي، مەن قوينى پۇلغا ئېلىپ ئېتىۋاتىمەن بۇ كاۋاپنى، ـ دەپ ئاچچىقلاپتۇ كاۋاپچى. خاپا بولمىسلا ئۇستام، سىلە پادىشاھنىڭ پادىچىسى بىلەن شېرىك، پادىچى كېچىسى قوينى ئوغرىلۇقچە ئەكېلىپ بېرىدۇ، سىلە كاۋاپ ئېتىپ ساتىلا، بۇ ئىشنى پادىشاھقا ئېيتىپ قويسام پۇلغا توياللامسىكى؟ ـ دەپتۇ بالا كاۋاپچىغا.

— بۇ ئىشنى ئىنسان بىلىپ قالمىسۇن، ئۇكام، مۇنۇ كاۋاپنى يېگىن، ـ دەپ كاۋاپچى پۇل ئالماي بالىغا ئىككى زىخ كاۋاپ بېرىپتۇ. بالا كاۋاپنى ئانىسىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. يەنە بىر كۈنى بالا ئانىسىدىن قانداق تاماق يېيىشنى سوراپتۇ. ئانىسى يېغى سەۋزىنىڭ پولۇرىنى يېگىلىسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. بالا شەھەرنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىنى ئىزدەپ يېغى سەۋزە تاپالماي ئاخىرى سەۋزە ئىزدەپ ئەلقوش ۋەزىرنىڭ بېغىغا كەپتۇ. باغدا ھېلىقى ئەلقۇش ۋەزىرنىڭ قىزىغا چۈشىدە ئاشىق بولۇپ، شۇ قىزنىڭ پىراقىدا ئەلقۇشقا قول بولۇپ ئىشلەۋاتقان يىگىت جۇل ـ جۇل كىيىم-كېچەكلەر بىلەن ئىشلەۋاتقانىكەن. خوجا بەختى جامال بۇ يىگىتكە دەپتۇكى:

— ھەي يىگىت، بىر قېرى ئانام بار ئىدى، ئانام

يېڭى سەۋزىنىڭ پولۇرىنى يەپ باقسام دېگەنتى، شەھەر-
نىڭ ھەممە يېرىنى ئىزدەپ يېڭى سەۋزە تاپالمىدىم، مۇشۇ
باغدا يېڭى سەۋزە باردەك تۇردۇ، ئازراق بەرسىڭىز، شۇ
ئانامنىڭ خىزمىتىنى بىجا كەلتۈرسەم.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ قۇل يىگىت، بالا
ئىسمىنى دەپ بېرىپتۇ. يىگىت:

— ھەي خوجا بەختى جامال، مەن بولسام بىر قۇل،
ۋەزىردىن سورىماي سەۋزە بېرەلمەيمەن، ۋەزىردىن سوراپ
چىقاي، سىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ — دەپ ۋەزىرنىڭ قې-
شىغا مېڭىپتۇ. ئۇ ۋەزىرنىڭ قېشىغا كىرىپ دەپتۇ:

— بىر بالا كەپتۇ، ئىسمى خوجا بەختى جامال ئىكەن،
ئانام يېڭى سەۋزىنىڭ پولۇرىنى يەپ باقسام دەپتى، ھېچ-
قانداق يەردىن يېڭى سەۋزە تاپالمىدىم، باغدا يېڭى سەۋزە
بولسا ئازراق بېرىڭ دەيدۇ، قانداق قىلىمىز؟

ئەلقۇش ۋەزىر بالىنىڭ ئۆزى ئۆلتۈرگەن خوجا بەختى
جامال ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

— بالىغا سەۋزە يۇلۇپ بەرگىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ئەلقۇش ۋەزىر ئانىسىنىڭ قارىنىدا قېلىپ، دادىسى
ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن تۇغۇلغان بۇ بالىنىڭ ھازىر قان-
چىلىك چوڭ بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن
راۋاقتىن پەسكە چۈشۈپ، كىچىك بىر كاماردىن قاراپ تۇ-
رۇپتۇ. شۇ ئەسنادا قۇل يىگىت سەۋزە يۇلغىلى تۇرۇپتۇ،
باغدا بىر قوي باغلاقلىق ئىكەن، خوجا بەختى قوينى يېشى-
ۋەتكەنىكەن، قوي سەۋزىنى بۇزغىلى تۇرۇپتۇ. قۇل يىگىت
بۇنى كۆرۈپ، قوينى باغلاپ قويۇپ يەنە سەۋزە يۇلغىلى تۇر-

غاندا، خوجا بەختى قوينى يەنە يېشىۋەتكەنىكەن، قوي يەنە سەۋزىنى بۇزغىلى تۇرۇپتۇ. قىزىل يىگىتنىڭ غەزىپى كېلىپ قويغا بىر چالما ئاتقانىكەن، چالما قوينىڭ ئاچ بېقىنىغا تېگىپ قوي جان تالىشىشقا باشلاپتۇ. خوجا بەختى جامال قويغا پىچاق سۇرۇپ بولۇپ، قىزىل يىگىتكە دەپتۇ:

— ھەي يىگىت، سىز ئۈچ جانىنىڭ جېنىغا زامىن بولدىڭىز، قوينىڭ قورسىقىدا ئىككى بالىسى بار: بىرسى ئەركەك، بىرسى چىشى، بىرسى سېرىق ئالا، بىرسى قارا ئالا.

ئەلقۇش ۋەزىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرھال باغقا كىرىپتۇ، قوينىڭ قارنىنى يېرىپ قارىسا، دېگەنىدەك، ئىككى كېزەك قوزا بولۇپ، بىرسى سېرىق ئالا، بىرسى قارا ئالا، بىرسى ئەركەك، بىرسى چىشى ئىكەن. بۇنى كۆرگەن ئەلقۇش ۋەزىر ئەندىشىگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە: «مەن بۇنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى مۇشۇ باغقا كۆمگەن ئىدىم، قوينىڭ قارنىدىكى قوزىلارنىڭ قانداقلىقىنى بىلىۋالالايدىغان. بۇ يىگىت ئوغلاق دادىسىنىڭ مېنىڭ قولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى چوقۇم بىلىدىكەن. ئاخىرى مېنىڭ جېنىمغا زامىن بولىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا كۆزۈمگە قادالغان بۇ مىخنى چوقۇم ئۇجۇقتۇراي» دەپ ئويلاپتۇ-دە، قىزىل يىگىتنى راۋاققا چاقىرىپ دەپتۇ:

— ھەي يىگىت، سەن ئاشۇ بالىنى دەرھال ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ يۈرىكىدە سەي قورۇپ، ئالدىمغا كەلتۈر، ئەگەر بۇ ئىشنى قىلالمىساڭ، سېنى ئۆلتۈرۈپ يۈرىكىڭدە سەي قىلىپ يەيمەن.

ئەلقۇش ۋەزىر شۇنداق دەپتۇ-دە، يىگىتنى باغقا

چىقىرىپتۇ. خوجا بەختى جامال باغدا تۇرغانىكەن، قۇل يىگىت ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كېتىپتۇ.

— نېمىگە يىغلايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ بالا. قۇل يىگىت ئەلقۇشنىڭ سۇيىقەستىنى بالىغا بىر — بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. خوجا بەختى جامال قۇل يىگىتكە قاراپ:

— ئەي يىگىت، سىز مېنى ئۆلتۈرمەڭ، سىزمۇ بىز يۇرتقا بىر مەقسەت بىلەن كەلگەن، مېنى ئۆلتۈرسىڭىز، مەنمۇ مۇرادىمغا يېتەلمەيمەن. شەھەر سىرتىغا چىقىپ قارىسىڭىز، باغلاغلىق تۇرغان بىر پاقلان بار، ئۇ پاقلاننىڭ ئانىسى ئۆلۈپ بىر ئىتنى ئېمىپ چوڭ بولغاچقا، ئۇ پاقلاننىڭ گۆشىدە ئىت گۆشىنىڭ تەمى بار، ئىت گۆشىنىڭ تەمى بىلەن ئادەم گۆشىنىڭ تەمى ئوخشاش، شۇ پاقلاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ گۆشىدە سەي قىلىپ ئەكىرىپ بەرسىڭىز، ئەلقۇش ئۇنى يەپ، تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن گۇمانلانمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىلىمىز ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، ئامان — ئېسەن قالىمىز، كۆزلىگەن مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز، — دەپتۇ. قۇل يىگىت شەھەر سىرتىغا چىقىپ، ھېلىقى باغلاغلىق پاقلاننى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئۇنىڭ يۈرىكىدە سەي قورۇپ، ئەلقۇشنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ۋە:

— ھېلىقى خوجا بەختى جامال دېگەن شۇمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆلىكىنى چوڭقۇر كۆمۈپ يوشۇرۇۋەتتىم، مانا بۇ ئۇنىڭ يۈرىكىدە قورۇلغان سەي، — دەپتۇ. ئەلقۇش ۋەزىر بۇ سەينى يېگەندىن كېيىن كۆڭلى ئەمىن تېپىپ خاتىرجەم بولۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى بۇ شە-

ھەرنىڭ پادىشاھسى بىر يامان چۈش كۆرۈپ، قورقۇپ ئويـ
غىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە بىر تەشۋىش، قورقۇنچ كىرىۋاپتۇ.
پادىشاھ بىر كۈنى ئوردىدىكى ۋەزىر- ۋۇزرالارنى، قۇرئانـ
دازلارنى يىغىپ ئۇلارغا:

— مەن بىر چۈش كۆردۈم، مېنىڭ قانداق چۈش كۆرـ
گەنلىكىمنى تېپىڭلار! شۇ چۈشكە تەبىر بېرىڭلار! ئەگەر ئۇچ
كۈنگىچە مەن كۆرگەن چۈشنى ۋە بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى تاپـ
مىساڭلار، ھەممىڭلارنىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلايمەن، — دەپ
جاكارلاپتۇ. ھەممىسى ئۇياق - بۇياققا چېپىشىپ بۇ چۈشنىڭ
قانداق چۈش ئىكەنلىكىنى تاپالماي، ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ئاـ
ران بىر كۈنلا ۋاقىت قاپتۇ، ھەممەيلەن ئىلاجىسىزلىقتىن
ئۆلۈمگە تەن بېرىپ، يىغا - زارە قىلىشىپتۇ، ئەلقۇش ۋەزىر
ئويلاپ ئۆز - ئۆزىگە: «ئېسىت! ئۆز ۋاقتىدا ھېلىقى بالـ
نى ئۆلتۈرمىگەن بولسام، پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەبىر تاـ
پالايتتى، شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالاتـ
تۇق» دېگەن خىياللارنى سۈرۈپتۇ. ھېلىقى قىزلانى چاقىرىپ:

— سەن ھېلىقى چاغدا خوجا بەختى جامال دېگەن بالـ
نى قانداق قىلغانىتىڭ، — دەپ سوراپتۇ.

— سىلىنىڭ پەرمانلىرى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، يۈرىـ
كىدە سەي قورۇپ بەردىم، ئۇنى يېگەندىن كېيىن كۆڭۈللىرى
ئەمىن تاپتى، — دەپتۇ قۇل ئەلقۇش ۋەزىرگە.

— ئۇنداق بولسا، ئۆلۈكىنى قانداق جىسىقتۇرغانىتىڭ؟ —
دەپ يەنە سوراپتۇ ۋەزىر.

— باغقا كۆمۈۋەتكەنىتىم، — دەپتۇ قۇل.

— ئۆلۈكىنى كۆمگەن يەردىن ئاچ، — دەپتۇ ۋەزىر.

قۇل يىگىت ئۇ يەر ـ بۇ يەرنى كولاپ بېقىپتۇ. ئەلقۇش گۇمان قىلىپ:

ـ سەن مۇشۇ ئىشتا راست گەپ قىلساڭ، ھەر قانچە گۇناھىڭ بولسا كەچۈرىمەن، ـ دەپتۇ. قۇل يىگىت خوجا بەختى جامالنى ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ـ ئۇ بالىنىڭ ھازىر بار يېرىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سوراپتۇ ۋەزىر. «ياق بىلمەيمەن» دەپتۇ قۇل يىگىت، ئەلقۇش ۋەزىر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ:

ـ شاھىم، تەۋەيىمىزدە خوجا بەختى جامال ئىسىملىك بىر بالا بار، ئۇ چوقۇم چۈشلىرىڭىزنىڭ تەبىرىنى تاپالايدۇ، ـ دەپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولۇپ دەرھال ئۇ بالىنى تېپىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇنى ئىزدەپ ئادەم ماڭغۇزۇپتۇ، ئىزدەپ، ئىزدەپ، ئاخىرى خوجا بەختى جامالنى يىراق بىر يېزىدىن تېپىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئىگەر، يۈگەنلىك ئاتتىن ئىككىنى تەييارلاپ، بىرىنى بىر ئادەمگە مىندۈرۈپ، يەنە بىرىنى خوجا بەختى جامالنىڭ مىنىشى ئۈچۈن يېتىلەپ ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ قېشىدىن كەلگەن كىشى خوجا بەختى جامالغا:

ـ سىلىنى پادىشاھ ئوردىغا تەكلىپ قىلدى، مۇشۇ ئاتقا مىنىپ مەن بىلەن مەرھەمەت قىلسىلا، ـ دەپتۇ.

ـ پادىشاھقا نېمە لازىم بولۇپ قاپتۇ؟ ـ دەپتۇ خوجا بەختى جامال.

ـ پادىشاھنىڭ يامان چۈشىگە تەبىر ئېيتىپ بەرسىكەنلا، ـ دەپتۇ پادىشاھ قېشىدىن كەلگەن كىشى. خوجا بەختى جامال ئۇ كىشىگە:

ـ مېنىڭ پادىشاھقا ھاجىتىم چۈشسە، مەن پادىشاھنىڭ

ئالدىغا بارالىتتىم، پادىشاھنىڭ ھاجىتى ماڭا چۈشكەن بولسا، پادىشاھ مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن، — دەپتۇ. خەۋەرچى بۇ گەپنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ دەپتۇكى:

— راست، ئۇ يىگىتكە مېنىڭ ھاجىتىم چۈشتى. ئۇ يىگىتنىڭ قانداق تەلىپى بولسا بىجا كەلتۈرىمەن، قانداق مۇرادى-مەقسىتى بولسا يەتكۈزىمەن، يىگىت قېشىغا بىرىپ بۇ گەپنى يەتكۈزۈڭلار.

پادىشاھنىڭ ئادەملىرى خوجا بەختى جامالنىڭ قېشىغا بىرىپ، ئۇنى يەتكۈزۈپتۇ. خوجا بەختى جامال ئۇلارغا:

— ئۇنداق بولسا، پادىشاھ ئۆز ئىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ئەلقۇشنى ئات قىلىپ توقۇسۇن، ئىگەرنىڭ ئىچى بۇ دۇشقاق-تەك شىرخۇلۇق بولسۇن، قوشقۇن ۋە ئاغزىغا سالىدىغان يۈگەن-مۇ يىگنە ئۇچىدەك ئۈشلۈق ۋە مىخلىق بولسۇن، ئىككى بىس-لىق سىم قامچا ئىگەرنىڭ قۇش بېشىغا ئېلىنسۇن، مەن ئاندىن شۇ ۋەزىرنىڭ ئۈستىگە مىنىپ باراي، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئادەملىرى قايتىپ بىرىپ، خوجا بەختى جامال-نىڭ بۇ تەلىپىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئىگەرچى ئۇستىلارغا بۇيرۇق قىلىپ، خوجا بەختى جامالنىڭ دېگىنىدەك ئىگەر، يۈگەن - جابدۇقلارنى تەييارلاپتۇ. ئەلقۇش ۋەزىرنى يالىڭاچلاپ، بۇ جابدۇقلارنى ئۇنىڭغا توقۇپ، ئىككى پۇتى، ئىككى قولىغا تاقا قېقىپ، خوجا بەختى جامالنىڭ قېشىغا ئە-ۋەتىپتۇ. خوجا بەختى جامال بۇنى كۆرۈپ، پادىشاھدىن خۇر-سەن بوپتۇ، ئاتىنى سىم قامچا بىلەن بىر-نەچچىنى ئۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئاتقا مىنىپتۇ. بارغىچە ئات ئاستا ماڭسا، سىم قامچا بىلەن قاتتىق ئۇرۇپتۇ، تېز مېڭىپ

كەتسە، ئاغزىدا سىپالىغان شوخلۇق يۈگەننى تارتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ئوردىسى ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپلا ئات باغلاش ئۈچۈن چىققانلارغا:

— بەك تېز كەلدىم، بۇ ئاتنىڭ پۇتىغا سۇ چۈشۈپ قالمىسۇن، پۇتىنى ئېگىز قىلىپ ئېسىپ قويۇڭلار، — دەپتۇ. ئات باغلىغۇچى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئەلقۇشتى پۇتىدىن ئېسىپ قويۇپتۇ. ئاندىن كېيىن خوجا بەختى جامال پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شاھىم، — دەپتۇ خوجا بەختى جامال.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ بالىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ.

— شاھىم، مېنىڭ سىزگە ھاجىتىم چۈشمىدى، سىزنىڭ ھاجىتىڭىز ماڭا چۈشكەن بولسا، تەختتىن چۈشۈپ، پەستە ئولتۇرۇڭ، تەختتە مەن ئولتۇرىمەن، — دەپتۇ بالا. پادىشاھ نائىلاج تەختتىن چۈشۈپ ئولتۇرۇپتۇ. خوجا بەختى جامال تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ:

— ھە! نېمە گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— مەن بىر چۈش كۆردۈم، بۇ قانداق چۈش؟ ئۇنىڭ تەبىرى نېمە؟ — دەپتۇ. خوجا بەختى جامال جاۋاب بېرىشكە باشلاپتۇ:

— سىز بىر ئالتۇن لىگەندە ھالۋا يەۋاتاتتىڭىز، بىر قارا ئىت كېلىپ بۇ ھالۋىنى يېۋالدى، مۇشۇ ئىتتىن قورقۇپ ئويقىڭىزدىن ئويغىنىپ كەتتىڭىز، — دەپتۇ. پادىشاھ ھەيرانلىق بىلەن دەپتۇ:

— راست، مەن كۆرگەن چۈش شۇ، ئەمدى شۇ چۈشۈمگە تەبىر ئېيتىڭىز.

خوجا بەختى جامال مۇنداق تەبىر بېرىپتۇ:

— سىزنىڭ بىر خوتۇنىڭىز بار، بۇ خوتۇنىڭىزنىڭ بەدىنىگە قولۇم يىرىك تەگمىسۇن دەپ، قولىڭىزغا يۇمشاق نەرسىلەرنى يۆگەپ بەدىنىنى تۇتىسىز، بۇ خوتۇنىنى شۇنچە ئاسرايسىز. شۇ تۈزكور خوتۇنىڭىز، بىر زەڭگى بىلەن ئاشنا ئىكەن. ئالتۇن لىگەن ئۆزىڭىز، ھالۋا بولسا خوتۇنىڭىز، قارا ئىت بولسا، خوتۇنىڭىزنىڭ ئاشنىسى!

پادىشاھنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ شۇ زەڭگى نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— سىزنىڭ قاتىمۇ — قات سېلىنغان ئۆيىڭىزنىڭ ئىچكىرى قەۋىتىدىكى بىر ئۆيدە، ساندۇق ئىچىدە بار،— دەپتۇ خوجا بەختى جامال. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، قولىغا شەمشەرنى ئېلىپ، ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ قارىسا، چوڭلۇقى ئۆيدەك كېلىدىغان بىر ساندۇق تۇرۇپتۇ، بۇ ساندۇق ئىچىگە 40 قەۋەت كۆپە ۋە ئېسىل يوتقان سېلىنغان، ھەر خىل يېمەك — ئىچمەكلىكنىڭ ھەممىسى تىزىلغان. بۇ زەڭگى ئويغانغان چاغدا پادىشاھنىڭ خوتۇنى بۇ يەرگە كىرىپ زەڭگى بىلەن ئەيش — ئىشرەت قىلىپ چىقىپ كېتىدىكەن. ئۇخلاۋاتقان بۇ زەڭگىنىڭ بىر مۇرىسى بىر تەرەپتە، بىر ئاغزى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە بولۇپ، ھەر قانداق كىشى، ھەتتا جىنمۇ ئۇنىڭدىن قورققىدەك سەت، كۆرۈمسىز ئىكەن. پادىشاھ دەرھال بۇ زەڭگىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. خوتۇنىنىڭمۇ كاللىسىنى ئاپتۇ. پادىشاھ ئۆيدىن چىقىپ، ئوردا تەرەپكە كېتىۋاتسا، ئەلقىش ۋە-

زدرنىڭ ئېسىغلىق تۈرغا ئىلىنغىنى كۆزى چۈشۈپتۇ. پادىشاھ ئوردىغا كىرىپ خوجا بەختى جامالدىن سوراپتۇ:

— ھەي بالام، سىزگە ئەلقۇش ۋەزىر نېمە قىلغان؟

— سىز خوجا بەختى جامال دېگەن ۋەزىرنى تونۇمسىز، — دەپتۇ بالا.

— تونۇيمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— مېنىڭ دادام سىزگە نېمە قىلغان؟ — دەپ سوراپتۇ بالا.

— دادىڭىز ماڭا سادىق بولۇپ ياخشى خىزمەت قىلغان، — دەپتۇ پادىشاھ.

— دادام قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ بالا.

— دادىڭىز ئىز - دېرەكسىز يوق بولۇپ كەتكەن، — دەپتۇ شاھ.

— يوق بولۇپ كەتسە، سىز ئىزدىمىگەنمۇ؟ — دەپتۇ بالا.

— كۆپ ئىزدەپ تاپالمىغان، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئەي شاھىم! دادامنى ئۆلتۈرگەن مۇنا پىسىق مۇشۇ ئەلقۇش ۋەزىر شۇ! — دەپتۇ بالا ۋە بۇ جەرياننى بىر - بىرلەپ بايان قىپتۇ. پادىشاھ ئەلقۇشنىڭ سۆيىقەستچى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ قاتىلغا تېخىمۇ غەزەپلىنىپتۇ ۋە:

— بۇ قاتىلدىن ئىنتىقام ئېلىڭ! — دەپتۇ. خوجا بەختى جامال ئەلقۇشنى قىرما چانىغاندەك ئۇششاق شىلىپ تۇغراپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بالىنى پادىشاھ ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىرلىككە بېكىتىپتۇ، ئەلقۇش ۋەزىرنىڭ خوجا بەختى جامالنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى ئىگىلىۋالغان ھېلىقى مەخپى خەزىنىنى ئاشكارىلاپ، پادىشاھنىڭ غەزىنىسىگە قوشۇۋېتىپتۇ. ئاندىن ئەلقۇش ۋەزىرنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ، ئەلقۇشقا يەتتە يىل قۇل بو-

لۇپ ئىشەنگەن ھېلىقى شاھزادىغا قىزىنى نىكاھ قىلىپ، كاتتا توي ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپتۇ ھەمدە شاھزادىنى ئۆز دۆلىتىگە ئامان - ئېسەن ئاپىرىپ قويۇپتۇ. شاھزادىنىڭ دادىسى خۇشال بولۇپ، بۇ پادىشاھنىڭ ئادەملىرىگە نۇرغۇن مال - دۇنيالارنى ئىنئام قىلىپ، ئۇلارنى مېھمان قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خوجا بەختى جامال پادىشاھقا، خەلققە سادىق بولۇپ، پادىشاھقا ئاقىلانە مەسلىھەت كۆرسىتىپ، يۇرتنى ئادىل سوراپ، پۇقرالارغا بەخت - سائادەت كەلتۈرۈپ، نام - شۆھرىتى پۈتۈن جاھانغا تارقىلىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: سېرىقبۇيا بازارلىق ئاشلىق پونكىتىدىن ھەشۇرھېلىم.
خاتىرىلىگۈچى: ئەيسا سايىم.



## 3419 مېھرىگىياھ①

ئۆتكەن زاماندا، چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرىدە، رەھىمشاھ ئىسىملىك ئەقىللىق، دانىشمەن بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ، گەپكە ئۇستا، چېچەن، ئىشچان ئىكەن. ئەل-يۇرت ئۇچۇن خالىسانە ياردىمىنى ئايىمايدىكەن. بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. لېكىن ئۇلار بىرەر كەسىپنى ئىگىلەشنى خالىمايدىكەن، بالىلارنىڭ كەنجىسى بەكمۇ ئەقىللىق، ھۇشيار، ئاتا-ئانىسىغا چەكسىز مېھرىبان ھەم ساداقەتمەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى مەسۇم، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئىسمى ئاسىم، چوڭىنىڭ ئىسمى قاسىم ئىكەن.

رەھىم شاھ قېرىپ قاپتۇ، بىر كۈنى خوتۇنى بالىلارنى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ.

— مېنىڭچە ھازىرلا ئۆيلەپ قويساق بولماس، — دەپتۇ بوۋاي موماينغا، — ئۇلارنىڭ بىرەر ھۈنەر-كەسپى يوق، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ قالسا، كۈن كۆچۈرۈشى تەس بولىدۇ...

موماي، جاھانكەزسە، بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتسە، مۇساپىرچىلىق دەردىنى تارتسا، ياخشى ئادەم بولۇپ چىقىدۇ دەپ قاراپ، بالىلارنى سودىگەرلەرگە قوشۇپ قويۇشنى تەۋسىيە قىپتۇ. رەھىم شاھ بوۋاي:

— سودىگەرچىلىكمۇ بولىدىغانكەسىپ، بىراق بۇ كەسىپ

① بۇ چۆچەكنىڭ ئايرىم جايلىرى قىسقارتىلدى — مۇھەررىردىن.

چىلەن شۇغۇللانغۇچىلار پۇل تېپىشىنىلا بىلىپ، باشقا ئىشلار بىلەن كارى بولمايدۇ، مال ـ دۇنيا قوغلاشقۇچىلار رەھىمسىز كېلىدۇ، ئەل ـ يۇرت، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى ئۇنتۇيدۇ. مېنىڭچە، ئىلىم ـ بىلىم بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇنى ئىگىلىسە ئوبدان بولاتتى: شۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولىدۇ، ئابرۇيى ئاشىدۇ، ـ دەپتۇ.

ئۇلار شۇنداق تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن، ئوغۇللىرىنىڭ ئىلىم ـ بىلىم ئىگىلىشىنىڭ لازىملىقىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن بىر چارە تېپىپ، بالىلارنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ.

— ئەي، بالىلىرىم، مەن كېچە بىر چۈش كۆردۈم، ـ دەپتۇ بوۋاي، ـ چۈشۈمدە ناھايىتى ئېگىز بىر تاغ چوققىسىدا بىر مېھرىگىياھ تۇرغىدەك، تاغقا چىققاي دېسەم، چىقالمىدىم، مېھرىگىياھنى ئالاي دېسەم، ئالالمىدىم... ئاخىرى ئويغىنىپ كەتتىم، مەن چۈشۈمدە كۆرگەن ئاشۇ مېھرىگىياھقا ئاشىقمەن. بالىلىرىم، ئەگەر سىلەر ھەقىقىي پەرزەنتلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ، ئاتا ـ ئانىمىزنى بىر ئالەم، ئۇ ئالەملىك رازى قىلاي دېسەڭلار، شۇ مېھرىگىياھنى تېپىپ كېلىڭلار، قايسىڭلار تېپىپ كەلسەڭلار، شۇنى ھەقىقىي ئوغلۇم دەيمەن.

مەسۇم دادىسىدىن:

— دادا مېھرىگىياھ قانداق نەرسە؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

— مېھرىگىياھ دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ئەڭ قىممەتلىك، خاسىيەتلىك، شىپالىق، ئەڭ ئەتىۋار گىياھدۇر، ـ دەپتۇ بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، ـ ئۇ ئەڭ ئېگىز جايلاردا، تىلسىملىق، خەتەرلىك ئېگىز تاغلاردا بولىدۇ، ئۇ ئەڭ ئېغىر بولغان، شىپا تاپالمىغان كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ. بالىلىـ

رىم، ئۇ ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ئادەم ھەر ئىككى ئالەمدە خارۇ-زار بولمايدۇ، ئەڭ زور شان-شەرەپ ۋە بەختكە سازاۋەر بولالايدۇ. بالىلىرىم، ئۇنى تېپىش ئۈچۈن، ئېغىر جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئاتا-ئانىسىغا، ئەل-يۇرتىغا، خەلققە سادىق ئوغلانلارلا بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

ئوغۇللار قايسىسى بېرىش ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىپ بىر قارارغا كېلەلمىگەندىن كېيىن، رەھىم شاھ بوۋاي:

— سىلەر مېنىڭ جىگەر-پارىلىرىم، بىرىڭلار قوزىلىرىم، بىرىڭلار، سىلەرنى ياراتقان ئاللاغا تاپشۇردۇم. بىر-بىرىڭلار بىلەن ئىجىل-ئىناق، بىر-بىرىڭلارغا راستچىل بولۇڭلار، تاكى مېھرىگىياھ قولۇڭلارغا تەگمىگىچە چوڭ شەھەرلەردە تۇرماڭلار، چۈنكى بىلىمسىز نادان ئادەملەر ئۈچۈن، ئۇ يەر بەجايىكى زىنداندۇر. ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، كازززاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ياخشى خۇلۇق بىلەن ياشىغانلار خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. پۇتۇڭلارنى ئېتىك قىلىڭلار، خارلانمايسىلەر، ئاغزىڭلارنى دەھكەم تۇتۇڭلار، بېشىڭلارنى ئامان ساقلايسىلەر! بۇ گەپلىرىمنى قۇلىقىڭلاردا مەھكەم تۇتۇڭلار ۋە ئەمەل قىلىڭلار،— دەپتۇ نەسىھەت قىلىپ ۋە ئۇلارنىڭ پېشانىلىرىگە ئاتىلىق مېھرى بىلەن سۆيۈپ، ئۇلارنى ياخشى سائەتتە يولغا ساپتۇ.

ئۈچ ئاكا-ئۇكا چۆل-جەزىرىلەرنى كېزىپ، ھارسا ئارام ئېلىپ، قورسىقى ئاچسا ياۋا توشقانلارنى ئوۋلاپ يەپ، ئۇسسىسا، يامغۇر سۇلىرىنى ئىچىپ، تۆت ئاي يول يۈرۈپتۇ.

ئاتا ـ ئانىسى، يول جاپاسىنى ئەسلەپ يىغلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار دادىسى دېگەن شەھەرگە يېتىپ كېلىپ ئارام ئېلىپ ھو- زۇرلىنىپتۇ ۋە بۇ يەردە بىر قانچە كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. مە- سىۇم ئاكىلىرىنى يولغا چىقىشقا دەۋەت قىلىپتۇ. قاسىم مە- خىرلىنىك كۈلۈپ:

— ھەي، ئەخمەق. مېھرىگىياھنى تاپىمىز دەپ شۇنچە جاپا چەكتۇق. ئۇنىڭ بارلىقىنى ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز، كىم بىلىدۇ، ئۇنى تاپىمىز دەپ ئۆلۈكىمىز يولدا قالامدۇ تېخى! ئەڭ ياخشىسى قولىمىزدا پۇلىمىزنىڭ بارىدا تىجارەت قىلىپ، پۇل تېپىپ كېتەۋالايلى، — دەپتۇ. مەسئۇمنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ، لېكىن، سەممىلىك بىلەن ئاكىلىرىغا يالۋۇرۇپتۇ. ئاكىلىرى:

— بارساڭ ئۆزەڭ بار، بىزنىڭ ئەمدى بېرىشقا رايىمىز يوق، — دەپ شەھەردە قاپتۇ.

مەسئۇم ئاتا ـ ئانىسىنى ئەسلەپ قاتتىق يىغلاپتۇ ۋە ئۆ- زى يالغۇز يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ، ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ غايەت چوڭ بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ ۋە دەريا بويىدا بىر كارۋانلار توپىغا قوشۇلۇپتۇ. كارۋان باشلىقى خوجا ھەسەن مەسئۇمنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ، ئۇلار ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى سۆز- لىشىپ، سىرداشلاردىن بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار دەريادا ئالتە ئاي يول يۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كارۋان باشلىقى مە- سئۇمغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، ئوغلۇم، مەن 18 يېشىمدىن تا ھازىرغىچە مۇ- شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدىم، دۇنيادا مەن بارمىغان يۇلۇك ـ پۇچقاق قالمىدى. سەن ئېيتقان مېھرىگىياھنى ئۈچـ

راتقىنىم يوق. لېكىن، شۇنى بىلىمەنكى، مېنىڭ دەريانىڭ
كۈن چىقىش تەرىپىدە بىر تاغ بار بولۇپ، ئۇ يەردە نەچچە
مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بىر تۇپ دەرەخ بار. دەرەختە
بىر سىمۇرۇغ قۇشىنىڭ ئۇۋىسى بار بولۇپ، ھەر يىلى بالا چى-
قىرىدۇ. لېكىن، سىمۇرۇغ بالىلىرىنى دەريادىن بىر ئەجدىھا
چىقىپ يەپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا ئەجدىھاغا خىلى - خىلى زەر-
بە تەسىر قىلالمايدۇ. سىمۇرۇغنىڭ قولىدا ئەڭگۈشتەر كىتابى
بار بولۇپ، كىمىكى ئەجدىھانى ئۆلتۈرسە، سىمۇرۇغنىڭ قو-
لىدىكى ئەڭگۈشتەر كىتاب شۇ كىشىگە تەئەللۇق بولىدۇ.
بەلكىم، مېھرىگىياھ دەل ئاشۇ ئەڭگۈشتەر كىتاب شۇ بولسا
كېرەك. لېكىن، تا ھازىرغىچە ھېچكىم ئەجدىھانى ئۆلتۈرەلمى-
دى، ئەڭگۈشتەر كىتابىنىمۇ ئېرىشەلمىدى، ئەكسىچە، ئەج-
دىھانى ئۆلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلغانلار ئۆزى ھالاك بول-
دى. ئەي، ئوغلۇم، ئەل - ۋەتەنگە، ئاتا - ئانىسىغا سادىق
ئوغلانلار ھامان مۇراد - مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، سېنىمۇ شۇ
جايغا بېرىپ بەختىڭنى سىناپ كۆرسەڭ...

مەسئۇم چەكسىز خۇشال بولۇپتۇ ۋە كارۋان باشلىقى بىلەن
خوشلىشىپ بىر قېيىققا ئولتۇرۇپ سىمۇرۇغ ئۇۋىسى بار تاغ
تەرەپكە قاراپ راۋان بولۇپتۇ. ئۇ دەريادا قىرىق كېچە-كۈن-
دۈز يول يۈرۈپتۇ، قاتتىق بوراندا قېيىق ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ،
مەسئۇم دەريادا ئېقىپ كەلگەن بىر تال ياغاچقا ئېسىلىۋېلىپ
ئامان قاپتۇ، لېكىن، قورسىقى ئېچىپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ.
بىر كەمدە ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ئۆزىنى ناھايىتى ئېگىز
بىر تاغ باغرىدا كۆرۈپتۇ. مەسئۇم ماغدۇرىغا كەلگەندىن كې-
يىن، ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپتۇ ۋە تاغ ئۈستىدە ئاسمان

بىلەن بوي تالاشقان ناھايىتى ئېگىز، چوققىسىدىن پۈتۈن
تاغ ئۈستىنى كۈن نۇرىدىن توساپ تۇرىدىغان بىر توپ چى-
نار دەرىخىنىڭ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقى-
نى كۆرۈپتۇ. مەسۇم خوجا ھەسەن دېگەن مەنزىلنىڭ دەل شۇ
ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ، بارلىق كۈچىنى يىغىپ يۇقى-
رىغا ياماشقا باشلاپتۇ، ئۈچىنچى كۈنى چاشكا ۋاقتىدا تاغ
ئۈستىگە يېتىپ بېرىپتۇ. تاغ ئۈستى
ئىنتايىن خوش ھاۋالىق بولۇپ، دۇنيادا
بۇنداق گۈزەل جايدىن يەنە بىرسىنى تېپىش ئەسلا مۇمكىن
ئەمەس ئىكەن: تاغدا ھەر خىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان،
مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان، خۇش ئاۋاز بۇلبۇللار، تۇتى
قۇشلار يېقىملىق ئاھاڭلاردا سايرىشىۋاتقان ئىكەن، مەسۇم بۇ
گۈزەل مەنزىرىلەرگە مەھلىيا بولۇپ، مېۋىلەردىن يەپ،
شېرىن - شەربەت شۇلاردىن قانغىچە ئىچىپ ھوزۇر ئاپتۇ
ۋە كۆزلىرى ئۇيقۇغا مايىل بوپتۇ. ئۇ قانچىلىك ئۇخلى-
غانلىقىنى بىلمەپتۇ، بىر چاغدا قاتتىق چىقىرىغان ئاۋاز
بىلەن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا، چىنار دەرىخىدىكى سۇمۇ-
رۇغنىڭ ئۈچ بالىسى دەريا تەرەپكە قاراپ چىقىراۋاتقا-
نىكەن، مەسۇم دەريا تەرەپكە قاراپ، كۆزلىرى بەقەمدەك
قىزارغان ناھايىتى چوڭ بىر ئەجدىھانىڭ تاغ ئۈستىگە
يامىشىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىگە قورقۇنچ كىرىپ،
بەدەنلىرىگە تىترەك ئولىشىپتۇ. ئۇ دەرھال ئۆزىنى تۇخ-
تىتىپ، بارلىق كۈچ - قۇدرىتىنى بىلىكىگە يىغىپ، ئۆي-
دەك - ئۆيدەك يوغان تاشلارنى پەسكە قارىتىپ دومىلىتىپ،
كەينى - كەينىدىن ئەجدىھانىڭ ئۈستىگە ياغدۇرۇۋېتىپتۇ،

ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا ئۈلگىرەلمىگەن ئەجدىھا بۇ تاشنىڭ
زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قاپتۇ ۋە مېڭىسى چۇۋۇلۇپ
ئۆلۈپتۇ. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان سۇمۇرۇغ بالىلىرى مە-
سۇمغا يۈزمىڭ تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، ئۇنى قاناتلىرى ئاس-
تىدا ياتقۇزۇپ، ئانىسى كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە قىل-
غان ياخشىلىقى ۋە ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ
بېرىپتۇ. سۇمۇرۇغ مەسۇمنى كۆرۈپ ئىنتايىن قەدىرلەپتۇ ۋە:

— ئەي، مەردانە يىگىت، سەن بالىلىرىمنى ئۆلۈمـ
دىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپسەن، بۇ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن قانداق
تەلىپىڭ بولسا بايان قىل، مەن ئورۇنلايمەن، — دەپتۇ.

مەسۇم مەقسىتىنى بايان قىپتۇ. سۇمۇرۇغ بىر ئاز ئويـ
لىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— مەن بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن مۇشۇ ئۇۋامدا ئولـ
تۇرغانىدىم. دەريا تەرەپتىن يېشىل كىيىملىك، نۇرانە
يۈزلۈك بىر ئېرىز چىقىپ يېنىمغا كەلدى-دە: «ئەي شاھ-
مۇرغىيان سۇمۇرۇغ، ئاللاتائالا ساڭا پەرمان قىلدى، دەرياغا
بىر بۆلۈك ئادەم غەرق بولدى، شۇ يەردە بىر تەختىرۋاندا
بىر دانە ساندۇقچە بار. سەن ئۇنى ئېلىپ ساقلاپ قوي، بىر
زامانلار كېلىدۇ، شۇ چاغدا بىر يىگىت كېلىپ، سېنىڭ ئەۋ-
لادىڭنى بالايى-قازادىن ساقلاپ قالىدۇ. يىگىت ساندۇقـ
چىنىڭ تەلىپىدە كېلىدۇ، سەن ساندۇقنى شۇ يىگىتكە بەر-
گىن، ساندۇقتا ئىلىم-ھېكمەت ئورۇقى بار. شۇ يىگىت
بۇ ئورۇقنى پۈتكۈل دۇنياغا چاچىدۇ، كىشىلەرنى ئىلىم-بىلىم
ئۆگىنىشكە باشلاپ ماڭىدۇ، ئۇ، بۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن پەقىر-
مىسكىنلەردىن خالىسانە ياردەمنى ئايىمايدىغان بولىدۇ-

كىشىلەرنى تۈرلۈك ئاپەتلەردىن خالاس قىلىدۇ» دې-
گەنىدى. بۇ ئالامەتلەرنى سەندىن كۆردۈم. مەن ھازىر
3000 ياشقا كىردىم، شۇنچە يىللاردىن بۇيان، بۇ ئامانەتنى
ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرالارمەنمۇ دەپ ئەندىشە ئىچىدە ئىدىم.
نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى قولىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن سۇيىقەستلەر-
نى قىلغان بولسىمۇ، ئىنشائاللا ئامان - ئېسەن قالغانىدى.
مانا ئەمدى ئۇنى ساڭا تاپشۇرۇپ ئامان تاپىدىغان بولدۇم.
سۇمرۇغ دەرەختىن پەسكە چۈشۈپ، دەرەخنىڭ تۈۋىگە
كۆمۈپ قويغان ساندۇقنى ئېچىپ، ئىككى كىتابنى ئېلىپ
مەسۇمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە:
— سېنىڭ داداڭ دانىشمەن كىشى ئىكەن، ئۇ سېنىڭ
ئىلمۇ - ھېكمەتنى كۆپلەپ ئۆگىنىپ، كىشىلەرگە كۆپرەك
مەنپەئەت يەتكۈزۈشىڭنى كۆزلەيدىكەن. قولۇڭدىكى كۆك تاش-
لىق لەھەل كىتاب مېدىتسىنا ئىلمىنى ئۆگىتىدۇ، قىزىل
ياقۇت تاشلىق كىتاب ئىلمۇ - ھېكمەت كىتابى بولۇپ، ئۇ
چۈنكۈل كائىناتنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ كىتابلارنى
تىرىشىپ ئۆگەنسەڭ، ئۇلۇغ كەشپىياتچى، ئۇلۇغ ئالىم بو-
لۇپ يېتىشىپ چىقالايسەن، - دەپتۇ چۈشەندۈرۈپ.
مەسۇم چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ، قولىدىكى گۆھەر
كىتابلارنى كېچە - كۈندۈز تەشنالىق بىلەن كۆرۈپ، گاھ
يىغلاپ، گاھ كۈلۈپ، ھاردىم - تالدىم دېمەي يەتتە يىل
ئۆگىنىپتۇ: ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن چوڭقۇر يەر قاتلاملى-
رىغىچە، ئۆسۈملۈكلەردىن ھاۋادا تالارغىچە تەتقىق قىلىپ،
كامالەتكە يېتىپتۇ ۋە ئۆگەنگەنلىرىدىن پايدىلىنىپ، شەك-
لىنى شاھ مۇرغىيان سۇمرۇغ شەكلىدە، قاناتلىرىنى زەبەر-

چەتتىن، تۇمشۇقلىرىنى قىزىل ياقۇتتىن، باشقا ئەزالىرى-
نى لەھەل پارلىرىدىن قىلىپ بىر تەخت ياساپ چىقىپتۇ.
ئۇنىڭ ئۈچ قانىتىنى باسسا ھاۋاغا كۆتۈرۈلىدىكەن، سول
قانىتىنى باسسا، يەرگە چۈشىدىكەن. بۇنى كۆرگەن شاھ مەر-
غىيان سۇمرۇغ چەكسىز خۇرسەن بوپتۇ ۋە مەسۇمگە بىر دانە
قۇتا بېرىپ:

— بۇ مېنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىم تۆككەن قانلارنى
يىققان قۇتا، ساڭا بېرەي، بۇ ئادىمىزاتلار ئۈچۈن كۆپ پاي-
دا يەتكۈزىدۇ. ساقايماس كېسەللەر مۇشۇنىڭ بىلەن سا-
قىيىدۇ، - دەپتۇ.

سۇمرۇغدىن كۆپ خۇرسەن بولغان مەسۇم رەھمەت - تە-
شەككۈر بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئاتا - ئانىسى، ئەل - يۇرتىنى سې-
غىنىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، سۇمرۇغ بىلەن خوشلىشىپ،
ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بوپتۇ. سۇمرۇغ قاناتلىرى ئاستى-
دىن بىر تۇتام پەيىنى يۇلۇپ مەسۇمغا تۇتقۇزۇپ:

— قاچانىكى مېنىڭ ياردىمىم لازىم بولسا،
بۇ پەيدىن بىر تالىنى ئوتقا تاشلا،
مەن شۇ ھامان يېنىڭدا ھازىر بولىمەن، - دەپتۇ. مەسۇم ئۇ-
نىڭغا قايتا - قايتا تەشەككۈر ياغدۇرۇپ خوشلىشىپتۇ. ئۇ،
ئۆزى ياسىغان تەختى شاھ مەرغىيانىغا ئولتۇرۇپ، ھاۋادا پەر-
ۋاز قىلىپ، ئۆز ئەجرىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ، ئۆزىنى چەكسىز
كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ، تۈگىمەس بايلىققا ئىگە بولۇپ قال-
غاندەك بەختىيار سېزىپتۇ، ئۇ ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، كۈن كەچ
بوپتۇ، ئۇ تەخت شاھ مەرغىيانىنىڭ سول قانىتىنى باسقانىكەن،
يەرگە چۈشۈپتۇ، قارىسا، بۇ يەر دۇنيادا تېپىلغۇسىز گۈل-

زەلەم ھاۋالىق بىرچارباغ ئىكەن. ئۇ كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپتۇ، ئەتىسى چارباغدىن چىقىپ قارىسا، بىر تەرەپتە ئاجايىپ پاكىز، ئادەم قارىسى يوق بىر شەھەر تۇرغىدەك. مەسئۇم شەھەرگە كىرىپ، ئۇ يەردىكى ئاجايىپ - غارايىپلار-نى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. ئۇ ماڭا - ماڭا بىر يەرگە بارسا، ئۇ يەردە بىر تەخت تۇرغانىكەن، تەخت ئۈستىگە قىرىق قەۋ-ۋەت تەتىللا تۆشەك سېلىنغان بولۇپ، زەمبۇردىن پەردە تار-تىلغانىكەن، تۆشەكتە جامالىدىن ئاي بىلەن كۈنمۇ خىجىل بولىدىغان بىر يىگىت ياتقۇزۇپ قويۇلغانىكەن. ئۇنىڭ قول-لىرىدا قۇرئان كەرىم بار ئىكەن. مەسئۇم ئۇنىڭ يېنىغا بې-رىپ سالام قىپتۇ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلالمىغان-لىقىغا ئۆزرە ئېيتىپتۇ. مەسئۇم ئۇنىڭدىن شەھەردە نېمىشقا ئادەم يوقلۇقىنى سوراپتۇ، يىگىت سۆزلەپ بېرىپتۇ: ئەسلىدە بۇ ناھايىتى ئاۋات، گۈزەل شەھەر ئىكەن. ھېلىقى يىگىت مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى ئىكەن، ئۇ چوڭ تاغىسىنىڭ قىزىغا ئاشىق ئىكەن، قىزمۇ ئۇنىڭ ئوت-يېرا-قىدا كۆيىدىكەن. ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئاتا - ئانىلار مەسلىھەت قىلىپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ مەرىكە ئۆتكۈزۈپتۇ. لېكىن، كىچىك تاغىسىنىڭ قىزى شاھزادىنى ئۆل-گىدەك ياخشى كۆرگەچكە، توينىڭ ئاخىرقى ئاخشىمى ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۆزىنىمۇ نىكاھىغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇ-رۇۋاپتۇ. شاھزادە قەتئىي رەت قىپتۇ، قىز ئىنىكئانىسىدىن ئۆگەنگەن جادىگەرلىك ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ قاتتىق بو-ران پەيدا قىپتۇ، ئارقىدىنلا مۆلدۈر ياغدۇرۇپ، مۆلدۈرتەگ-كەنلىكى كىشىنى 72 خىل ھايۋانغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ، ئانـ

دىن يەنە تەلەپ قىپتۇ، شاھزادە يەنە رەت قىپتۇ، جادۇگەر
قىز شاھزادىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى كىيىككە ئايلاندۇرۇپ، تو-
يى بولغان قىزنى ئۆلتۈرۈپتۇ. شەھەرنى ۋەيران قىپتۇ،
شاھزادىنى نەزەربەنت قىلىپ قويۇپتۇ...

مەسۇم ۋەقەنى ئاڭلاپ غەزەپكە كەپتۇ، شۇ ئەسنادا، جا-
دۇگەر قىز بىلەن بىر قارا قۇل كىرىپ كەپتۇ، شاھزادە مە-
سۇمنى دەرھال تەخت ئاستىغا كىردۈرۈشقا بۇيرۇپتۇ، مەسۇم
تەخت ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. جادۇگەر قىز ئىنتايىن
زىبا، نازىنىن، چىرايلىق ئىكەن، قارا قۇل زەڭگە دىۋىدەك
قورقۇنچلۇق مەخلۇق ئىكەن. بۇ مەخلۇقنىڭ بېلىدىن قى-
چاقلاپ كەلگەن جادۇگەر قىز تەخت ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ
ئولتۇرۇپ:

— ئەي نامى يوق كەم ئەقىل، تەلەپىمنى قو-
بۇل قىلغىن، ئەسلىڭگە كەلتۈرەي، ئاۋۋالقى
دۆلىتىڭنى قولۇڭغا بېرەي، جاھىللىق قىلساڭ
بىر يولىلا تۈگەيسەن!— دەپتۇ. شاھزادە:

— قىيامەتكىچە قىينىساڭمۇ قوبۇل قىلماسمەن!— دەپتۇ.

جادۇگەر قىز ھېلىقى زەڭگىگە بۇيرۇق قىلىپ، يىلان تىللىق
سىم قامچا بىلەن شاھزادىنى ئۇرۇپ، بەدەنلىرىنى قانغا بو-
ياپتۇ. شاھزادە ھوشىدىن كېتىپتۇ. زەڭگە شاھزادىنى ئۇرۇش-
تىن توختاپ، شاراپ ئىچىپ، جادۇگەر قىز بىلەن بەتقىلىق
ئىشلارنى قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە يەپ ـ ئىچىپ، ئاشقان ـ تاشقان-
لىرىنى شاھزادىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە ئېتىپ مازاق قىپتۇ،
كېيىن جادۇگەر قىز شاھزادىنىڭ يۈز ـ كۆزىنى تازىلاپ، دەر-
يا ـ دەريا ياش تۆكۈپ يىغلاپ، بىر چىمدىم توپا ئېلىپ

چىچەپ شاھزادىنىڭ بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى ئاپئاق تاشقا ئايلاندۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

مەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ شاھزادىنى ھۇشىغا كەلتۈرۈپ-تۇ، يېنىدىن سىمورۇغ بەرگەن قۇتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى قاننى شاھزادىنىڭ جاراھەتلىرىگە سۈرتۈپ ساقايتىپتۇ. شاھزادە بۇ ئىشلاردىن چوڭقۇر سۆيۈنۈپتۇ. مەسىم ھېلىقى زەڭگىنىڭ كىملىكىنى سوراپتۇ. شاھزادە:

— ئۇ، دادامنىڭ لەشكەر بېشى ئىدى. ئۇ، مەھبۇبەمنى ياخشى كۆرەتتى، مەن كىچىك تاغامنىڭ قىزىنىڭ دېگىنىگە كۆنسەم، مەھبۇبەمنى زەڭگىگە خوتۇن قىلىپ بەرمەكچى ئىدى، شۇڭا ئۇ، ھايات قالغان،— دەپتۇ.

مەسىم شاھزادىنى قۇتقۇزىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شاھزادە خۇشال بولۇپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى تاغدا ياشايدىغان بىر ئاق توشقاننى تۇتۇپ، ئۇنىڭ قېنىنى شەھەرگە چېچىش لازىملىقىنى، بۇ توشقاننى شاھ مىرغىيان سىمورۇغدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە تۇتالمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

مەسىم تاغقا چىقىپتۇ ۋە شاھ مىرغىيان سىمورۇغنىڭ پېيىدىن بىر تالنى ئوتقا سالغانىكەن، سىمورۇغ ئۇنىڭ يېنىدا ھازىر بوپتۇ ۋە ئاق توشقاننى سۈرۈپ يۈرۈپ تۇتۇپ بېرىپتۇ. مەسىم ئاق توشقاننى ئۆلتۈرۈپ، قېنىنى تېمىتقۇەتمەي بىر ئايالغا ئېلىپ ئاپىرىپ پۈتۈن شەھەرگە چېچىپتۇ، بىر پەس-تىن كېيىن شەھەر ئۆز ھالىتىگە كەپتۇ. شاھزادە مەشۇقى بى-لەن دىدار كۆرۈشۈپ مۇرادىغا يېتىپتۇ، مەسىمگە شادلىق ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ چوڭقۇر مىننەتدارلىق ئىزھار قىپ-تۇ. پادىشاھ تەختكە ئولتۇرۇپ، مەسىمغا يېنىدىن ئورۇن

بېرىپ ھېلىقى زەڭگىنى ئۆلتۈرۈپ پارچىلاپ تۆت دەرۋازىغا ئېسىپ خەلقنى ئاپەتتىن خالاس قىپتۇ.

شاھ قىرىق كېچە - كۈندۈز بەزمە ئۆتكۈزۈپ، مەسۇمنى تەخت ۋارىسى ھەم شاھزادىغا ئاكا قىلىپ جاكارلاپتۇ. مەسۇم ئاكا بولۇشنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئاتا - ئانىسىنى يوقلىمىسا بولمايدىغانلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، شاھنى قايىل قىلىپ، ئۇنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىنى ئون باراۋەر ئاشۇرۇپتۇ، شاھ ئۇنىڭغا پۈتۈن شەھەرنى ساياھەت قىلدۇرۇپتۇ، مەسۇم ئاغرىقلارنى داۋالاپ، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ، بۇ ئىش شەھەردە چوڭ دەبدەبە قوزغاپتۇ. مەسۇم پادىشاھ ھەم شەھەر خەلقى بىلەن خوشلىشىپ ياخشى سائەتتە يولغا چىقىپ، ئۆز ئۆيىگە راۋان بوپتۇ. ئۇ، كېتىۋېتىپ ئاكىلىرى قالغان ھېلىقى شەھەرنى ئېسىگە ئاپتۇ. ئۇ بۇ شەھەرگە يېتىپ بېرىپ، ئۇدۇل شەھەر ئىچىگە كىرىپتۇ. شەھەرنىڭ بىر دوقمۇشىغا بېرىپ، بۇ يەردە ئولتۇرغان بىر ئايال بىلەن كۆزى ئويۇلغان بىر قىزنىڭ نىمجان ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچى ئاغرىپ، بىر سىقىم پۇل بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر سىپاھ ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغانلارنىڭ خانىغا قارشى تۇرغانلىقى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، مەسۇم سەۋەبىنى سورىغىنىكەن، سىپاھ:

— پادىشاھنىڭ ئارزۇلۇق يالغۇز ئوغلى كۆزى ئويۇلغان بۇ قىزغا ئاشىق ئىدى. قىزنىڭ مەيلى يوق بولسىمۇ، شاھنىڭ زورى بىلەن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بولدى، توي ئاخىرلاشقان ئاخشىمى شاھزادىگە خەۋپ يېتىپ، تىغ تېگىپسا-قايمىدى، شاھ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنى پالىدى، مال - مۈلكىنى غەزىنىگە ئۆتكۈزىۋالدى، قىز بىلەن ئۇنىڭ ئىنىكئانى-

سىنى بۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى، مەن ئۇلارغا پايلاقچىلىق قىلىۋاتىمەن،— دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەسۇم ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھقا ئە-دەپ بىلەن تازىم بىجا كەلتۈرۈپتۇ ۋە شاھزادىنى ساقايتىشقا كىرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ كىچىكلىكىنى كۆرۈپ مەنسىتمەپتۇ، مەسۇم شاھزادىنى ساقايتالمىسا، ئۆلۈمگە رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ ۋە مۇردىغا ئايلىنىپ قالاي دېگەن شاھ-زادىنى داۋالاشقا كىرىشىپتۇ. شاھزادە قىرىق كۈندە ساقىيىپ ئەسلىگە كەپتۇ. پادىشاھ ۋەدىسىگە ئاساسەن مەسۇمگە دۆلە-تىنىڭ يېرىمىنى بېرىپ، لەشكەرلىرىگە سەردار ھەم كۈيئو-غۇل قىلماقچى بوپتۇ. لېكىن، مەسۇم بۇنى قوبۇل كۆرمەي، قەتلى قىلىنغان ۋەزىرنىڭ كۆزى ئويۇلغان قىزى بىلەن ئىنىك-ئانىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى، ئۆي - ۋاراق-لىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشنى ئەلا بىلىپتۇ. قىزنىڭ كۆ-زىنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ. قىزنىڭ گۈزەللىكى ھۆر - پەرىلەر-نىمۇ خىجىل قىلىدىكەن، كېيىن ئۇلار بىر - بىرىگە ئاشىق - مەشۇق بولۇپ قاپتۇ ۋە توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەسۇم ئىككى ئاكىسىنى تېپىش قا-رارىغا كەپتۇ ۋە پادىشاھقا دەپتۇ. پادىشاھ ئادەم ئاجرىتىپ، پۈتۈن شەھەرنى يىگنە ئىزدىگەندەك ئىزدەپ، ھېچ يەردىن ئىز - دېرىكىنى ئالالماپتۇ. زىندان باشلىقى شەھەر سىرتىد-ىكى زىندانلارغا قاراۋاتقان ئىككى ئادەم بارلىقىنى مەلۇم قىپتۇ، مەسۇم بىر قانچە ئادەم بىلەن شۇ زىندانغا بارسا، ھې-لىقى ئىككى ئادەم ئۆز ئاكىلىرى ئىكەن، ئۇلار بىلەن قۇچاق-لىشىپ كۆرۈشۈپتۇ ۋە شەھەرگە قايتۇرۇپ كىرىپتۇ. ئۇلار بول-

غان ۋەقەنى سۆزلەپ، بىر - بىر دىگەھالىنى تۆكۈپتۇ.
مەسۇم ئاكىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ كەلمەكچى بولۇپ بىر قانچە كۈن تەييارلىق قىلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ناھايىتى تىز يول يۈرۈپ ئۈچ ئاچىماق يولغا بارغاندا كەچ بوپتۇ، قاسىم شۇ يەردە يىتىپ ئەتە مېڭىش تەلىپىنى قويۇپتۇ، بۇ يەر ئۆيدىن ئانچە يىراق بولمىسىمۇ، مەسۇم ئاكىسىنىڭ كۆڭلىنى دەپ قونۇشقا ماقۇل كەپتۇ.
ئاخشىمى قاسىم بىلەن ئاسىم ئىنىسى مەسۇمدىن يىراقراق بېرىپ يېتىپتۇ. بىر كەمدە قاسىم ئاسىمنى ئويغىتىپ:
— ئۇكام بىز نىمە ئىشلارنى قىلدۇق، مەسۇم نىمە ئىشلارنى قىلدى؟ سەنمۇ، مەنمۇ ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئالدىدىن مېھرىگىياھنى ئېلىپ كېلىشكە چىققان ئىدۇقۇ؟ مەسۇم بىزدىن كىچىك بولغاچقا، ئۇنى كۆزگە ئىلماپتۇق، ئەمدىلىكتە بىز قۇرۇق قول، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەس بولۇپ قالدۇق. شەھەر خەلقىگە، ئاتا - ئانىمىزغا نىمە دەيمىز؟ قايسى يۈز بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارىمىز؟ ئەڭ ياخشىسى مەسۇمنى قۇدۇققا تاشلىۋىتىپ مېھرىگىياھنى ئۆزىمىز ئېلىپ بارايلى، - دەپ نىيىتىنى يامان قىپتۇ. ئاسىم:
— ئاكا، ئۇ بىزنى تۇتقۇندىن ئاجراتتى، ھۇسا پەرچە - لىگەندىن قۇتۇلدۇردى، ياخشى قاردى، ئەمدى ياخشىلىققا يامانلىق قىلساق بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قىز ئەھۋالنى ئاتا - ئانىمىزغا دەپ قويسا، قانداق قىلىمىز، قويغىن ئاكا، ھەرگىز يامانلىق قىلمايلى، - دەپتۇ. لېكىن، قاسىم گېپىدە چىڭ تۇرۇپ ئاسىمغا بېسىم قىپتۇ. ئۇلار ئۇخلاپ قالغان مە-

سىنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ تاغ باغرىدىكى قۇدۇققا تاشلاپتۇ. مەسۇم قۇدۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، يوغان بىر تال يىلتىزغا ئىلىنىپ قاپتۇ، مەسۇم يىلتىزنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. قاسىم بىلەن ئاسىم قىزغا تۈيدۇرماي بېرىپ جايىدا يېتىۋاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا قىز مەسۇمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ، قاسىم ئەتراپنى بىر دەم ئىزدەپ بىر قانلىق كۆينەكنى تېپىپ بېرىپ دات سېلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ ۋە:

— مەسۇمنى يىرتقۇچ بۆرىلەر ھاجەتكە بارغاندا بىراقلا يەپ قويۇپتۇ، ئېسىت جان جىگەر ئىنىم، جايىڭ جەننەتتە بولغاي، رەھمەتلىك ئىنىم... — دەپ ئاھ ئۇرۇپ بۇ يەردىن تېزراق كېتىشنى تەۋسىيە قىلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىرەر سائەتلەردىن كېيىن ئۇلار شەھەرگە يېتىپ بېرىپ، ئاتا ـ ئانىسى، ئەل ـ جامائەت بىلەن دىدار كۆرۈشۈپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن ئىكەن. ئۇلار مەسۇمنى سوراپتۇ. قاسىم:

— ئەي، قەدىردان مېھرىبان ئانا، دادا، بىز ئۆيدىن چىقىپ ئۇزاق يوللارنى باستۇق، بىر چوڭ شەھەرگە بارغاندا، مەسۇم بىزدىن ئايرىلىپ باشقا بىر جايغا كەتتى، بىز قانچە توسساقمۇ ئۇنىمىغاندى... — دەپتۇ.

بۇ گەپلەردىن گۇمانلانغان مەسۇمنىڭ خوتۇنى بىئارام بولۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ مەسۇمنىڭ ساندۇقلىرىنى مەھكەم ساقلاپتۇ، بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنىڭ ھامىلدار بولغانلىقى مەلۇم بوپتۇ. لېكىن، مال ـ دۇنياسى كۆپ بۇ ئاي پەرىنى بارا ـ بارا ئۆزەمگە كۆندۈرۈۋالىمەن دەپ خىيال قىلغان قاسىم نەچچە قېتىم ئۇنىڭغا تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋاپتۇ، مەلىكە رەت قىپتۇ. قاسىم

ئاتا ـ ئانىسىغا ئۇنىڭ مەسىمنى سالاقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرىدىكەن.

ئاي ـ كۈنى توشقاندا، مەلىكە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، بۇ ئوـ غۇل مەسىمگە قىيىپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ ئىسـ مىنىمۇ مەسىم قويۇپتۇ، بالا بارا ـ بارا تېز چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ، بوۋاي بالىغا ھەددىدىن زىيادە ئامراق ئىكەن. قاـ سىم قىلغان ئىشلىرىغا بارا ـ بارا پۇشايمان قىپتۇ، موماي مەسىمنىڭ پىراقىدا يىغلاپ، كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قاپتۇ.

مەلىكە بىر كۈنى چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئون تۆت كۈنـ لۈك ئاي ئەتراپىدا تۇرغان يۇلتۇزلار ئايغا سالام قىلغۇدەك، شاھانە كىيىملەرنى، شاھلىق تاج قاتارلىقلارنى كەيگەن مەـ سىم ئاي ئىچىدە ئولتۇرۇپ مەلىكىنى تۇۋلاۋاتقۇدەك، ئۇ مەـ لىكىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئايدىن چۈشىۋاتقۇدەك، مەلىكە بىلەن ئوغلىنى سۆيۈپ «مېنى تاپاي دېسەڭلار، شەھرى راھامغا بېـ رىڭلار» دەپ ئايغا ئولتۇرۇپ كۆزدىن غايىپ بولغۇدەك...

مەلىكە چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسا چۈشى ئىكەن، ئېرىـ نىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، بوۋاي بىلەن موـ ماينىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ياخشى ئاتتىن بىرنى جابدۇپ ئوغلى بىلەن يولغا چىقىپتۇ.

قاسىم مەلىكە كەتكەندىن كېيىن قاتتىق پۇشايمان يەپ، مەسىمنى تاشلىۋەتكەن قۇدۇق ئاغزىغا بېرىپ ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي قايتىپ كەپتۇ.

مەسىم ئاكىلىرى تاشلىۋېتىپ كەتكەندىن كېيىن، ھېلىـ قى يىلانسىز ئۈستىدە ئۈچ ـ كېچە كۈندۈز ئولتۇرۇپتۇ، تۆتىنچى كۈنى قۇدۇق بېشىغا كېلىپ قالغان بىر كارۋانلار توپى قۇدۇقـ

تىن سىز تارتىۋېتىپ مەسئۇمنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. مەسئۇم ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن ئىكەن، كارۋان بېشى ئۇنىڭغا قۇۋۋەتلىك تائاملارنى بېرىپ، كۈچ - مادارىغا كەلتۈرۈپتۇ، كارۋان بېشى مەسئۇمنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلاپ، مەسئۇمگە قاتتىق ئىچ ئاغرىتىپتۇ، ھېسداشلىق قىپتۇ ۋە:

— ئەي ئوغلۇم، تەقدىرگە پۈتۈلگەننى كۆرمەسكە چارە يوق، بىزنىڭ پادىشاھنىڭ ئوغلى يوق، پەقەت بىرلا ئارزۇلۇق قىزى بار، ئۇ ئەقىللىق، چېچەن ھەم پەلۋان قىزدۇر. لېكىن، تۇغۇلۇپ يەتتە ياشقا كىرگەندە گاس - گاچا بولۇپ قالغانىدى، قىلمىغان چارە قالمىدى، لېكىن قىز ساقايمىدى. ھازىر 19 ياشقا كىردى. خان قېرىپ قالدى، ئۇ ھەممە يەرگە جاكارچى ماڭغۇزۇپ، كىمدە كىم قىزنى ساقايتالىسا، خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان بولسىمۇ، قىزنىڭ كېسىلىنى ھېچكىم ساقايتالمىدى، سەن قىزنى داۋالاپ بەختىڭنى سىناپ كۆرسەڭ قانداق؟ — دەپتۇ.

مەسئۇم قىزنى داۋالاپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ، كارۋانلار ئون كۈن يول يۈرۈپ شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. كارۋان بېشى مەسئۇمنى خاننىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ، خان ئۇنىڭ پېشانىسىدا زاھىر بولغان ئۇلۇغلۇق ئەرشىنى كۆرگەندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا مېھرى چۈشۈپ قاپتۇ.

— قىزىمنى ساقايتالىساڭ، ئۆزەمگە ئوغۇل ئاتاپ، شاھلىق سەلتەنەتنى تۇتقازغايمەن، — دەپتۇ شاھ، — بولمىسا، ئاللاڭ قىزىم ھوزۇرىدا قالىدۇ.

مەسئۇم قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن قىزنى داۋالاشقا

كىرىشىپتۇ. قىز ئايدەك چىرايلىق، كۈندەك نۇرلۇق ئىكەن، ئات مىنىش، قىلىچ ئويناتىش، ئوقيا ئېتىشتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان پەلۋان يوق ئىكەن. مەسۇم قىزنى كۆرۈپلا ئاشىق - بىقارار بوپتۇ، قىزمۇ ئۇنىڭ ئىشقى ئوتىدا كۆيۈپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان بوپتۇ، قىز چەۋەندازلىق ھۈنىرىنى مەسۇمغا ئۆگىتىپتۇ، مەلىكە ساقىيىپ، شاھنى شادلىققا چۆمدۈرۈپتۇ، مەسۇمنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بېرىپ، ئۇنىڭ شۆھرىتىنى ئەلگە نامايەن قىپتۇ ۋە ئۇنى شاھلىق تەختىگە تەيىن قىپتۇ، لېكىن، مەسۇم قوبۇل قىلماي:

— ماڭا ياخشى ساراي بولسا، ئۆز بىلىمىمنى كامالەتكە يەتكۈزۈۋالسام. — دەپتۇ.

شاھ ئۆزىنىڭ ئالىي ئۆيلىرىنى مەسۇمگە تەقدىم قىلىپ، خىزمىتىگە قىرىق خىزمەتكار تۇرغۇزۇپ بېرىپتۇ. مەلىكىمۇ مەسۇمگە ياردەملىشىپ ئىشلەپتۇ، ئۇلار ھەر ھەپتىدە ئۈچ كۈننى شىكار قىلىش، تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ئۈچ كۈنلۈك شىكارغا چىقىپتۇ ۋە ئوۋ ئوۋلاپ يىراقلاپ كېتىپتۇ، بىر كەمدە بىر تاغنىڭ باغرىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرگە تولغان سۇ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار غىزالىنىپ ئارام ئېلىپ يېتىپتۇ، شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئاتلىرى كىشنەپ كېتىپتۇ، قاراسىغۇدەك بولسا، قىرىق نەپەر قوراللىق ئادەم تاغدىن پەسكە چۈشۈۋېتىپتۇ، ئۇلار قاراقچىلار ئىكەن، مەسۇم بىلەن مەلىكە دەرھال قوراللىنىپ، قاراقچىلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ، ئۇلار قاراقچىلارنى قىرىپ ساراسىمىگە سېپتۇ، قاراقچىلارنىڭ قاچـ

قىنى قېچىپ ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ تۈگەپتۇ. مەسۇمگە قىلىچ تې-
گىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ، مەلىكە مەسۇمنىڭ جاراھىتىنى تېڭىپ
يىغلاشقا باشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا مەلىكىنىڭ يېنىغا ئۈچ ياش-
لاردىكى ئوغۇل بالىنى يېتىلىگەن بىر خوتۇن پەيدا بولۇپ
قاپتۇ. مەلىكە خوتۇندىن ئەھۋال سوراپتۇ. بۇ خوتۇننى ئونكۈن-
دىن بۇيان قاراقچىلار غارغا سولاپ قويغانىكەن. قاراقچى-
لار ھالاك بولغاندىن كېيىن، قۇتۇلۇپ مەلىكىگە ئۇچرىغا-
نىكەن، بۇ خوتۇن مەلىكىنىڭ قۇچىقىدا ياتقان، پىشانىلىرى-
دىن قان تېمىپ تۇرغان يىگىتنى كۆرۈپ، ئەينى چاغدا ئېرى
مەسۇمدىن قالغان سۇمرۇغ پېيىنى ئېلىپ ئوتقا تاشلاپتۇ، سۇم-
رۇغ بىر دەمدىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ يېنىغا ھازىر بوپتۇ ۋە بىر
تال پەيىنى يۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن چىققان قاننى يىگىتنىڭ
جاراھىتىگە تېمىتىپتۇ، يىگىت ھوشىغا كەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ
شاھ مىرغىيان سۇمرۇغنىڭ قۇچىقىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ،
ئۇ شاھ مىرغىيان سۇمرۇغ، ئۆز خوتۇنى ۋە جەۋەنداز مەلىكى-
لەر بىلەن قايتا دىدارلىشىپ چەكسىز بەخت ئىچىدە شادلىق-
قا چۆمۈپتۇ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە تونۇشتۇرۇپتۇ. ئىككى مە-
لىكە مەھكەم قۇچاقلىشىپتۇ.

ئۇلار شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ ۋە مەسۇم شاھنىڭ رۇق-
سەت ئېلىپ، ئىككى مەلىكىنى ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈش-
تۈرۈشكە ئېلىپ مېڭىپتۇ، ئۇلار تېز يول يۈرۈپ، مەسۇمنىڭ ئۆ-
يىگە بېرىپ، ئاتا - ئانىسىدىن ھال سوراپتۇ. مەسۇمنىڭ ئىك-
كى ئاكىسى گۇناھلىرىنى تىلەپ يالۋۇرۇپتۇ، مەسۇم ئاق كۆ-
ڭۈللۈك بىلەن ئۇلارنى ئەپۇ قىپتۇ ۋە ئاتا - ئانىسىنى دا-
ۋالاپ كۆزلىرىنى ئېچىپ ساقايتىپتۇ، بۇ ئىشتىن ھەممەيلەن
شادلىق پەيزىگە چۆمۈپتۇ.

مەسئۇم ئەل ـ جامائەتنى يىغىپ، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. رەھىم شاھ بوۋاي ئىككى ئوغلىنى تۇتۇپ، قەتلى قىلماقچى بوپتۇ، لېكىن، مەسئۇم بىلەن شاھ مىرغىيان سىمۇرۇغ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى تىلەپ تۇرىۋاپتۇ، بوۋاي نىيىتىدىن يېنىپتۇ ۋە:

— «چىراغدا ندا كۆيمىگەن پەرۋانە بولماس، ئەل ئىشقىدا يانمىغان مەردانە بولماس» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار، ئەي ئوغلۇم، مەسئۇم، مەن ۋە ئەل ـ جامائەت سەندىن مەڭگۈ رازىمىز، سەن مېنىڭ ھەقىقىي ئوغلۇم سەن! ـ دەپ ئۇزاقتىن ئۇزاق دۇئا قىپتۇ.

مەسئۇم ئاتا ـ ئانىسىنى قايتىدىن تاۋاپ قىلىپ، ئەل-يۇرتقا قىرىق كېچە ـ كۈندۈز بەزمە قىلىپ بېرىپتۇ ۋە ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، ئاتا ـ ئانىسى، خوتۇن ـ بالىلىرى، شاھ مىرغىيان سىمۇرۇغ قاتارلىقلارنى ئېلىپ، چەۋەنداز مەلىكىنىڭ شەھىرىگە راۋان بوپتۇ. ئۇ پادىشاھ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئۆتكەن ـ كەچكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىپتۇ. شاھ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئەلگە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز شادلىق بەزمىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ، ئىككى مەلىكىنى مەسئۇمغا قايتىدىن نىكاھلاپ بېرىپ، شاھلىق تاجىنى كەيگۈزۈپتۇ، شاھ مىرغىيان سىمۇرۇغ خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ.

مەسئۇم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئادالەت ۋە دىيانەت بىلەن يۇرت سوراپ نام چىقارغان ھەمدە ئىلىم ـ ھېكمەت ئۇرۇقىنى دۇنياغا چېچىپ، ئىنسانلارنىڭ نادانلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان ئىكەن.

«جاۋاھىرۇل ھېكايەت» (ھېكايىلەر جەۋھىرى) ناملىق كىتابتىن تەييارلىغۇچى: ئېمىرگۈسۈن قۇربان

# 3419 ئوخشاش مېھرىبانلىق

بار ھەم يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر ئاكا ـ ئۇكا ئۆتكەن ئىكەن، ئاكىسى بالىچانلىق، ئۇكىسى بويتاق ئىكەن.

ئۇلار دېھقانچىلىق قىپتۇ، چاپالىق ئىشلەپ، زىرائەتلەرنى راسا ئوخشىتىپ ھوسۇلىنى مول ئاپتۇ، چەشلەرنى ئۆلشىدىغان چاغدا ئاكىسى:

— ئۇكام، سەن يالغۇز، كۆڭلۈڭ تەستە ئۆتىدۇ، ئاشلىقنىڭ كۆپرەكىنى سەن ئالغىن، ـ دەپتۇ، ئۇكىسى:

— سېنىڭ بالىلىرىڭ كۆپ، ئاشلىقتا قىسىلىسەن، ئاشلىقنى سەن جىقراق ئال، مەن بىر جېنىمنى ئوبدان ئۆتكۈزىمەن، ـ دەپتۇ.

ئۇلار ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىرى ئاشلىقنى تەڭ ئۆلىشىپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ، ئۇكىسى غەرىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، ئاكىسى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىگە تەقسىم بولغان ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئۇكىسىنىڭ ئاشلىقىغا تۆكۈپ قويۇپتۇ ۋە خاتىرجەم بولۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر كەمدە ئۇ-

كىسى ئويغىنىپ، ئۇستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ ئاشلىقىدىن بىر قىسمىنى ئاكىسىنىڭ ئاشلىقىغا تۆكۈپ خۇددى قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلغانىدەك خۇرسەنت بولۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: سېرىقبۇيا بازار يېڭى مەھەللە 3- كەنت 1- مە- ھەللىدىن ئەمەتجان غوجەك.

# 2000 تارىخي رىۋايەتلەر

ھازىرقى مارالبېشى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «داۋزا تاغ» نىڭ جەنۇبىي ئېتىكى بىلەن «تۇمشۇق تاغ» نىڭ شەرقى ئەتىكىدە تارىختا مەشھۇر ئاتالغان «توققۇز ساراي» قەدىمكى شەھىرىنىڭ قەلئە خارابىلىقى بار. بۇ شەھەر ھەققىدە 11 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل كاتتا ئەسىرى — «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1- توم 608- بېتىدە «بارچۇق — ئاپراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر. ئۇ يەردە بوختو ناسارنىڭ ئوغلى بەتزەن قامالغان» دەپ مەلۇمات بەرگەن، بۇنىڭدىن بۇ شەھەرنىڭ ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىنا بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«توققۇز ساراي»- قەدىمكى شەھەر بولۇپلا قالماي، ئىنتايىن قىممەتلىك مەدەنىي، تارىخىي مىراسلارغا ئىگە شەھەر. بۇ يەردىن ئۇزۇن يىللار مابەينىدە ناھايىتى قىممەتلىك، ناھايىتى مول قەدىمكى ئاسارە، ئەتىقىلەر قېزىۋېلىندى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنى، جۈملىدىن دىيارىمىزنىڭ ئەينى زامانلاردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى، ھەربىي ئىشلار، يېزا ئىگىلىك، سودا - سانائەت، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ھۈنەر - سەنئەت، تەرەققىيات پائالىيەتلىرىنى بىلىش، تەتقىق قىلىشتا بۇ تارىخىي مىراس ۋە

مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىنتايىن مۇھىم ۋە قىممەتلىك.

ئۇزاق تارىخىي جەريانلار داۋامىدا «توققۇزسا-راي» قەدىمكى شەھەرنىڭ نامى، ئۇنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، «بارچۇق»، «مارالبېشى» دېگەنناملار بى-لەنمۇ ئاتالغان، بۇ ھەقتە نۇرغۇن ماددىي پاكىتلار بو-لۇپلا قالماستىن، ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا قىممەت-لىك تارىخىي ئاساسلار، شۇنداقلا نۇرغۇن تارىخىي رى-ۋايەتلەر ساقلانغان ھەم تارقالغان.

«توققۇز ساراي» قەلئە خارابىلىقى 1957-يى-لى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تارىخىنى يو-رۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش يېتەرلىك بولمىغاچقا، 1958-يىلىدىن كېيىن يۈز بەرگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-بى» غا ئوخشاش بىر قانچە قېتىملىق سىياسىي كۆ-رەشلەرنىڭ بالايى-ئاپەتلىرى ئۇنىڭدا كۆمۈلۈپ يا-تقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەي-ران قىلىۋەتتى. بۇ يەرگە خېلى بۇرۇنلا كۆزى چۈش-كەن چەت ئەللىكلەرمۇ ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ ئاز بولمىغان ئاسارە-ئەتىقە، قول يازمىلارنى ئېلىپ چى-قىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تارىخنى بىلىدىغان بىر قىسىم تارىخچىلار دەمىز ئۆلۈپ كېتىپ، بىر بۆلۈك جا-لىق تارىخىي پاكىتلارمۇ تۇپراققا كۆمۈلۈپ كەتتى.

دىيارىمىز خەلقى «توققۇز ساراي» قەدىمكى شە-ھىرىنىڭ تارىخىنى بىلىشكە بەكمۇ ئىنتىزار ئىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ ھەقتە بىر قىسىم تە-

تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى، ناھىيىلىك مەدەنىي-
يەت يۇرتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى
ئىشلەپ كېلىۋاتقان تۇرغۇن راخمانمۇ بىر قانچە ۋا-
قىتتىن بۇيان، ئەمگەكچى خەلق ئارىسىغا چۆكۈپ، ھو-
شۇر پاۋان (99 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن)، يۇسۇپ
باخشى (98 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن) قاتارلىق
پېشقەدەم تارىخچى، رىۋايەتچىلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇ-
لارنىڭ ئۈچ-تۆت ئەۋلادتىن ئۆزىگىچە يېتىپ كەلگەن
تارىخىي پاكىتلار ۋە رىۋايەتلەرنى خاتىرىلەپ، ئۆ-
گىنىپ ھەم رەتلەپ بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

لېكىن، ئېلان قىلىنغان ماقالىلار، توپلانغان، رەت-
لەنگەن رىۋايەتلەر بىزنى قانائەتلەندۈرۈشتىن خېلىلا
يىراقتا. شۇڭا «توققۇز ساراي» قەدىمكى شەھىرىنىڭ
تارىخىنى داۋاملىق قېزىش، تەتقىق قىلىشقا توغرا
كېلىدۇ، بۇ ئىشتا ھەر قانداق بىر ۋىجدانلىق كىشى-
نىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار.
بىز بۇ ھەقتە ئىزدىنىۋاتقان دوستلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن
كېيىنكى تەتقىقات ئىشلىرىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن
ھەم كەڭ كىتابخانلىرىمىزنىڭ ئوقۇپ بەھرى ئې-
لىشى ئۈچۈن، تۆۋەندە تۇرغۇن راخمان رەتلەپ چىققان
«توققۇز ساراي» قەدىمكى شەھىرى توغرىسىدىكى
سەككىز پارچە رىۋايەتنى ئېلان قىلدۇق، بۇ رىۋا-
يەتلەر مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

مۇھەررىردىن

# 2102 شەھىرى بەر ـ بەر

رىۋايەتچىلەر ئۇل زاماندا بولغان ۋەقەلەرنىڭ تارىخىي ئۈستىدە شۇنداق رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى: بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1400 يىللار ئىلگىرى، توققۇز سارايى تېغى بىلەن، لەلى ياقۇت تېغى دەپ ئاتالغان ئىككى تاغ ئارىسىدا 30 يىللىق ئۆمرىنى سەرپ ئېتىپ، شۇ مۆھلەت ئىچىدە پۈتكۈل جاھان تەۋەسىدە مەشھۇر، سەلتەنەتلىك ئىمارەتلەر ياسىغان، نام ـ شۆھرەتلىك پىر ـ ئۇستازلارنى توپلاپ، لەكمىڭ، لەكمىڭ ئۆلۈكلەر ئۈستىنى ئۈستىگە ئاچىيىپ ـ غارايىپ بىر شەھەرنى ياساتقان ھەمدە شاھلار ئىچىدە زالىملىق ھەم بىخىللىقتىمۇ نام ئالغان مەرغۇپ ئىسىملىك بىر شاھ ئۆتكەن.

رىۋايەتچىلەر بۇ شەھەرنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى شۇنداق تەرىپلەيدۇكى: تاغنى تېشىپ، پۈتكۈل تامىلىرىنى ئالتۇندىن سىرلاپ ھەم پۈتكۈل تام-تورۇسلىرىغا گۆھەردىن كۆز قويۇپ، تۈۋرۈكلىرىنى مەر ـ مەر تاشتىن ياساپ، ھەر بىر تۈۋرۈككە ياقۇتتىن كۆز قويۇپ، ئاستىغا كۆمۈش ياتقۇزۇپ ئوردا، ئايۋان ـ سارايلارنى بىنا قىلدۇرغان. ئوردىنىڭ ئوڭ-سول تەرىپىگە ئالتۇندىن قىلىپ ئاغزىنى ئېچىپ، ئېتىلىپ تۇرغان ئاجايىپ كۆرۈنۈشلۈك ئىككى ئەجدىھا ھەيكىلىنى، ۋەزىر-ۋۇزرالار ئولتۇرىدىغان ئورۇننىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىگە كۆزلىرىنى ياقۇتتىن

قىلىپ، ئىككى ئالتۇن يولۋاس ھەيكىلىنى تۇرغۇزۇشتىن باشقا، مىڭ ئالتۇن كۇرسى، مىڭ كۈمۈش كۇرسى ئورۇنلاشتۇرغان. ئوردا ئىچىدىكى پۈتكۈل تام - تورۇس، ماكىندىغان يەرلەرگىچە شاھنىڭ ۋە خانىشلىرىنىڭ، بالا - چاقا، جەل-جەمەتىنىڭ ھەيۋەتلىك رەسىملىرىنى سىزدۇرغان. ھەتتاكى، شاھ ۋە خانىشلار پانىي دۇنيادىن باقىي دۇنياغا سەپەر قىلغاندا ياتىدىغان ئالتۇن ساندۇق ۋە ھەشەمەتلىك قەبرىستانلىق ياساتقۇزغان. بۇ ئوردا ئىچىدىكى ئايۋان - سارايلارغا لەكمىڭ ئادەم ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، سىرتقا ئۇنىڭ مەرمەر پەللەمپەي ئارقىلىق چىقىدىكەن، ھەر يۈز پەللەمپەي ئارىلىقىدا قاراۋۇل، ئىشەنچلىك قاراۋۇللارنى توختاتقان بولۇپ، ھەر بىر قاراۋۇلغا بىردىن ئالتۇندا ياسالغان قىلىچ تۇتقۇزغان، شاھنىڭ قىرىق خانىشى بولۇپ، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھوجرىدا تۇرىدىكەن، ھەر بىر خانىشنىڭ قىرىقتىن دېدەكى بولۇپ، ئۇلارمۇ ئايرىم - ئايرىم سارايدا تۇرىدىكەن، ئۇلار ئۆمۈر بويى تۇرمۇشلۇق بولمايدىكەن، شاھ ئوردىسىنىڭ چىقىش ئېغىزىدىغا ئېگىزلىكى توقسان گەز، توغرىسى قىرىق گەز كېلىدىغان ئالتۇن دەرۋازا ئورنىتىلغان بولۇپ، ئېچىپ - يېپىشتا 300 ئادەم ھازىر بولىدىكەن. ئوردا سىرتىنى يەر يۈزىدىن قىرىق گەز چوڭقۇرلۇقتا كولىتىپ، تامىرىغا قىزىل، كۆك سىر بېرىپ، ئاستىغا قوغۇشۇن ياتقۇزۇپ، لەكىنىڭ ئادەم سىغىدىغان يەنە بىر ھەشەمەتلىك بىنا ياساتقۇزغان، بۇ بىنادا ئوردىنىڭ ئاساسلىق خىزمەتچىلىرى تۇرىدىكەن، ئوردا دەرۋازىسى ئالتە ئايدا بىر قېتىم ئېچى-

بىلىدىكەن، ھەر قېتىم ئېچىلغاندا ئالتە ئايلىق ئوزۇق - تۈلۈكى ئوردىغا ھازىر بولىدىكەن، شاھ ھەر قېتىم ئوردىسىرتىغا چىققاندا، پۈتكۈل ئىشنى سەركەردىلەرگە تاپىلاپ قويىدىكەن، ئۆزى ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆڭۈل ئېچىش، ئەيشى - ئىشرەت بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن، قالغان ئىشلار ئوردا سىرتىدىكى ئەمەلدارلار ئارقىلىق بېجىرىلىدىكەن.

بۇ شەھەرنىڭ «بەر - بەر» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىدىكى سەۋەبىنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: شاھ بۇ قىرانىڭ كۆڭلىنى ئەمىن ئېتىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىگە بايلىق توپلاش يۈزىسىدىن، شەھەر - شەھەرنىڭ شاھلىرىغا، نۇرغۇن سوۋغا- سالاملار بىلەن مەكتۇپ يوللاپ، ۋايىغا يەتكەن ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنى كەلتۈرگەن. بولۇپمۇ، خوتەن شاھى، قەشقەر شاھى، يەكەن شاھى قاتارلىق شاھلار مەرغۇپ شاھنىڭ سوۋغا - سالام، مەكتۇپلىرىغا بىنائەن، ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئۇستا، داڭلىق ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنى ئەۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن، بۇ شەھەرنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتتىكى داڭقى جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە تارالغانىكەن.

بۇ شەھەرنىڭ بازىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 چاقىرىم، كەڭلىكى 12 چاقىرىم بولۇپ، شەرق، غەرب سودىگەرلىرى ھەر خىل ماللارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ، بازارنى خېرىدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندۇرىدىكەن. شەرق، غەرب دەرۋازىسىدىن سودىگەرلەر، پۇقرالار، ئات - ھارۋىلىرى خېرىدى بوراندەك كىرىپ، چىقىپ تۇرىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ شەھەر نام - شۆھرىتى بىلەن ئەلگە تونۇلۇپ، شەھەرنىڭ ئىلگىرىكى نامى ئۆچۈپ، كېيىن «شەھرى بەر - بەر» دەپ ئاتالغانىكەن.

رىۋايەتچىلەر: مەرغۇپ شاھ ئۆزىنىڭ ۋە خانىشلىرىنىڭ ھەيكەللىرىنى ياساتتىپ، ئۇنى پۈتكۈل ئوردا، سارايدىن تارتىپ، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگىچە، ئېتىز - ئېرىق، باغۇ - بوستانلىقنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە تۇختاتقان. ھەتتاكى، سودىگەرلەر ۋە ھۈنەرۋەنلەر شەھەرگە كىرىشتە دەرۋازىدىن شاھ ھەيكىلىنى كۆرسىتىپ كىرەر ئىكەن. تىجارەتچىلەر شاھ ھەيكىلىنى دۇكان ئالدىغا تۇختىتىپ تىجارەت قىلمىسا، مال-مۈلۈكلىرى بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرايدىكەن.

مەرغۇپ شاھ ئۆز تەۋەلىكىدىكى پۈتكۈل ئوردا، ساراي خىزمەتچىلىرى ۋە پۇقرالارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، «مەرغۇپ شاھ تەۋەلىكىنىڭ پۇقراسىغا، مەرغۇپ شاھ مەدەت قىلغاي» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن لاتا بەلگىنى ئالدىغا ئېسىپ يۈرۈشنى، ئۇنداق قىلمىغانلارنى قەپەزگە سولاپ ئىنسان ئىز باسمىغان ۋەھىمىلىك جاڭگاللىغا ئاپىرىپ، قەپەز بىلەن تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى پەرمان قىلغان. شۇڭا، بۇ يالماۋۇزدىن قورققان پۇقرالار ئېلىم - سېتىم سەپەرگە چىققاندا، ئەمگەك قىلغاندا، تاماق يېگەندە، بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، بىرەر پالاكەتكە يولۇققاندا «مەرغۇپ شاھ مەدەت قىلغاي» دەپ دۇئا قىلىدىكەن. قەسەم قىلىشقاندا بولسا: «مەرغۇپ شاھ ئۇرغاي» دەپ قەسەم قىلىشىدىكەن.

رىۋايەتچىلەر مەرغۇپ شاھنىڭ زالىم، ئاچكۆز، بېخىللىقى ئۈستىدە شۇنداق سۆزلەيدۇكى، شاھ ھەر قېتىم ئوردىدىن چىققاندا، ئېتىز - ئېرىقتا ئىشلەۋاتقان پۇقرادىن تارتىپ، دۇكاندار - سودىگەرلەرگىچە دۇكانلىرىنى يالغۇز تاشلاپ ئۆيلىرىگە مۆكۈنىۋالىدىكەن. كىشنەۋاتقان ئات، ھاڭراۋاتقان ئې-

شەك، ھۆكۈرەۋاتقان كالىلارمۇ ھۆكۈرەشتىن، ھەتتاكى بۆشۈكتىكى يىغلاۋاتقان بوۋاقلارمۇ يىغلاشتىن توختايدىكەن. ئىت-مۈشۈكلەرمۇ ئۇۋۇلىرىدىغا قاچىدىكەن.

مەرغوپ شاھنىڭ زالىملىقى كۈندىن - كۈنگە ئاشتۇكى، پەسەيمەيتۇ. ئۇ، مال - دۇنيا توپلاش ئۈچۈن، ئالۋاڭ - ياساقنى، سېلىقنى كۆپ قويغاچقا، بۇنى بېرەلمىگەن پۇقرالارنىڭ كالىلىسى كېسىلىدىكەن. ھەركۈنلىكى ئادەم كالىلىسى توشۇيدىغان ئات، ھارۋىلار، چۆلگە پالىنىپ قەپەزگە سولانغان ئادەملەرنى يالاپ ماڭغان گۈندىپايلار يولدىن ئۆتۈپ تۇرغان، ھەتتا شاھنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ قالغان ئاجىز، بىچارە پۇقرالار شۇ جايدىلا جان ھەققە تەسلىم بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن، ئەڭ ئېچىنىشلىق يېرى، شاھقا ئۇچرىغان ھەر قانداق ئادەم بىر نەچچە يۈز مېتىر يىراقلىقتا تازىم بىجا كەلتۈرمىسە، گۈندىپايلار شۇ ھامان ئۇ ئادەمنى تىك توختىتىپ، قىلىچ بىلەن قارنىنى يېرىدىپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئوردىغا ئېلىپ كېتىدىكەن. يۈرەكنى تاشلاپ سىرتقا قېچىپ كەتكەن پۇقرالارمۇ بۇ يالماۋۇز شاھنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاستىدىن قۇتۇلالمايدىكەن.

بىر كۈنى، شاھ ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بىلەن پۈتكۈل شەھەرنى ئايلىنىپ، بىر كاتتا سودىگەرنىڭ دۇكىنى ئالدىغا كەلگەندە، تازىم بىجا كەلتۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن سودىگەر ئۆمۈلىگەن پېتى دۇكاننى تاشلاپ بىر كامارىدىن كىرىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھ ئىككى ۋەزىرىدىن سوراپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر شاھنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، ئۆزلىرى جاھانغا تونۇلغان شاھ بول-

غاچتا، بۇ سودىگەر سىلىدىنىڭ يۈزلىرىگە قارىيالماي، خىجىل بولۇپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، — دەپتۇ سول قول ۋەزىر:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، ئۆزلىرى ياخشىلىق ھەم يامانلىقتا جاھانغا تونۇلغان، ئاجايىپ ئەپتىلىرىدىن ئەيمەنگەن بۇ سودىگەر سىلىدىن قورقۇپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، — دەپتۇ. شاھ سول قول ۋەزىرىنىڭ «ياخشى، يامان» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىگە يېتىپ: «سول قول ۋەزىر مېنى ئەسلىدىن يامان كۆرىدىكەن» دەپ ئويلاپ، شۇ ھامان سول قول ۋەزىرنى زىندانغا سېلىشقا ھۆكۈم قىپتۇ. سول قول ۋەزىر ئۆزىنىڭ ھايات قالمايدىغانلىقىنى بىلىپ:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى. ئېيتىشقا ئىجازەت بەرگەيلا، — دەپتۇ. شاھ:

— قېنى ئېيت، — دەپتۇ. ۋەزىر:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، سىلە مېنىڭ «ياخشى، يامان» دېگەن سۆزۈمنىڭ مەنىسىگە يېتىپ، مېنى يامان دېدى، دەپ ماڭا جازا ھۆكۈم قىلدىلا، ئەمەلىيەتتىمۇ كۆرۈپ تۇرۇپلا: سىلە قايسى جايغا بارسىلا، كىشىلەرنىڭ قاچقىنىنى كۆردىلە، بۇ ئېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇزۇپ ئېيتىش كېرەككى، سىلىنىڭ رەھىمسىزلىكلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ! كىشى ياخشى شاھدىن ھەرگىزمۇ قاچمايدۇ. يامان شاھدىن قاچىدۇ، — دەپتۇ.

غەزەپ — نەپرىتى قوزغالغان شاھ جاللاتلارغا چېپىش بۇيرۇقى قىپتۇ، جاللاتلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئۇنى چېپىشقا تەمشەلگەندە:

توختاش! — دەپتۇ سول قول ۋەزىر، — ھەي! جانابى ھۆرمەتلىك شاھ، بايا زىندانغا سېلىشقا ھۆكۈم قىلىپ، ئەمدى

چىپىشقا پەرمان چۈشۈردىلە، سىلىنى قاندا قمۇ ئــۇلۇغ قول ۋەـ زىرنىڭ ئىپىتقىنىدەك ياخشى شاھ دېگىلى بولسۇن؟ سىلىنىڭ بۇ ھۆكۈملىرى يەنىلا ياما نلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ياخشى شاھـ لار ھەق بىلەن ناھەقنى پەرق ئېتىپ، ئېنىق، ئــادىل ھۆكۈم قىلىدۇ. مەن سىلىنىڭ قول ئاستىلىرىدا ئۆمرۈمنىڭ تەگدىن تولىسىنى ۋەزىر ـ ۋۇزرالــىق بىلەن ئەيشى ـ ئىشرەتتە ئۆتــ كۈزدۈم، ھەمدەمدە بولدۇم.

سول قول ۋەزىر شۇگە پىلەر دىن كېيىن، مۇنۇ نەزمىنى ئېيتىپتۇ:

«ئۆتتى ئۆمرۈم ئىت بىلەن بىر يالاقتا لوقما يەپ،
تىلىكىم بار: ھەقنى ھەق قىلماسقا كۆلپەت يەتسە دەپ.
ئايرىلىپ ئەلدىن، ساڭا دوست بولغان ئۈچۈن ھەسرەتتە مەن،
ئەندى يول يوقتۇر ماڭا ئۆلسىمۇ گەر زور دەردتە مەن.
بىلمىدىڭمۇ، كىم يامانلىق ئەيلىسە تاپماس ئامان،
شۇ يامانىنىڭ قىلغىنى يانغاي ئۆزىگە بىر زامان.
يۈردىمەن مەغرۇر دېمە، بىر سەن بىر كۈن بەدەل،
تۇتقىسى قانلىق قىساس، يوللىغاي تەگرىدىن ئەجەل...»

بۇنى ئاڭلىغان شاھنىڭ جان ـ جەھلى چىقىپ، چاپ دېــ سە، چاپ دەپ جاللاتلارغا بۇيرۇق قىپتۇ. جاللاتلار سول قول ۋەزىرنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇ، مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

«كەلدى بالا بېشىمغا، ئەلدە ئامەت قالمىدى،
چاپقىن مېنى ئەي جاللات، تەندە تاقەت قالمىدى.
قېنىم ئاقسۇن تۇپراققا، جاندا راھەت قالمىدى،
ياتاي ئەمدى قەبرەمدە، شاھتا ۋاپا قالمىدى...»

جاللاتلار ۋەزىرگە قىلىچ ئۇرۇپتۇ. يەر ـ زېمىن لەرزىگە كەپتۇ. ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، چاقماقلار چېقىلىپ، يەر ـ ئاسمان قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپتۇ. بىچارە پۇقرالار يىغلاپتۇ. شاھمۇ ئۆز ئوردىسىغا كىرىپ، يەنە ئەيشى ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بوپتۇ. پۇقرالار مەردانە ھالدا ئەل ئۈچۈن سۆزلەپ ئۆلگەن سول قول ۋەزىرنىڭ جەسىتىنى مەخپى ھالدا شىمالىي تاغنىڭ كەينىگە دەپنى قىلىپ، تاشتىن گۈمبەز ياساپ قويۇپتۇ. ھازىرمۇ بۇ تاش گۈمبەز بار ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھ ئۇخلاپ قېلىپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغاندا، بىر قارا قۇيۇن كېلىپ، شاھنىڭ تاجىنى ئېلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. شاھ تۇرغۇن لەشكەرنى ئاتلاندۇرۇپ قارا قۇيۇننى قوغلاپ، تاجىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئوردىدىن چىقىۋاتقاندا، بىر ھەلەندەر ئۇچراپ شاھنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ:

— جانابىي ھۆرمەتلىك شاھىم، مېنىڭ 11 بالام بار ئىدى. ئۈچ كۈن بولدى، ئاغزىغا گىيا سالماي ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. سىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەن بالا ـ قازانىڭ ھەققىدە بىر دۇئا قىلاي. بىزگە يېگۈدەك بىر نەرسە بېرىشلىرىنى تىلەيمەن، ـ دەپتۇ. سەلتەنەتلىك تاجىسى بىلەن قالغان شاھ قەلەندەرنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ چالائۆلۈك قىلىپ قويۇپ ئۆز سەپىرىگە مېڭىپتۇ.

شاھ ئالدىراش كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئالدىغا چىرايلىق بىر جەرەن ئۇچراپ قاپتۇ. جەرەن قېچىپتۇ، شاھ ئات سېلىپ جەرەننى قوغلاپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا، شاھنىڭ ئالدىغا چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ كېلىۋاتقان يولۋاس ئۇچراپ قاپتۇ. شاھ قورقۇپ كېتىپ، «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن شاھ چۈشىنىڭ مەنىسىگە يېتەلمەي غەم ـ قايغۇغا پېتىپ، كېلىدىن غىزا ئۈتمەي يـاداپ كېتىپتۇ. بىر نى كۆرگەن ۋەزىر ـ ۋۇزـ رالار شاھتىن:

— ئى ھۆرمەتلىك شاھىم، ئۆزلىرى كـۈندىن ـ كۈنگە يـاداپ كەتـتىلە، غىزامۇ يېمەيلىغۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ. شاھ چۈـ شىدە كۆرگەن ئەھۋالنى بىـر ـ بىرلەپ بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر ـ ۋۇزرالار قورچى ۋەپالچىلارنى كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلارمۇ راستىنى ئېيتسا، كاللىسىنىڭ كېتىشىدىن قورقۇپ، شاھنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان باشقا سۆزلەر ئارقىلىق چۈشكە بىر بېرىپتۇ. لېكىن، شاھ بۇنىڭدىن قانائەتھاسىل قىلالماي يە ـ نىلا غەم ـ قايغۇ بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە، شەھىرى بەر ـ بەر بازىرىنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئېيتىلىغان: شەھىرى بەر ـ بەر بازىرىدا بۇددا دىنىي مەدرىسلىرى بولۇپ، پۈتكۈل شەھەردىن يىغىلىپ ئوقۇيدىغان بىر نەچچە مىڭ تالىپ بار ئىكەن، ئۇلار ئۈمۈر بويى ئۆيلىنىشكە رۇخسەت قىلىنمىغاچقا، قىزلارغا يـامان نە ـ يەتتە بولۇپ قالىدۇ دەپ، ئەرەنلىكىگە ئـالتۇن تامغۇ ئۇـ رۇلۇپ، ئاختا قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، دىنىي تـەلىمات ۋە ئاجايىپ ماھارەتلەرنى ئۆگىنىشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەن.

قىزىل يىپەكتە كىيىم كەيگەن تالىپلار يەردىن ئاسمانغا، ئاسماندىن يەرگە ئۇچۇشنى ئۆگەنگەچكە، ئۇلار شۇڭقار مەدرىسىنىڭ تالىپى؛ كۆك يىپەك رەختتىن كىيىم كەيگەن تالىپلار ھەر يوغان تاشلارنى يىراققا ئېتىش، تاشنى ئۈزۈپ ئېزىش، جادۇغا بېسىش، تامنى تېشىش قاتارلىقلارنى ئۆگەنگەچكە، ئۇلار يولۋاس مەدرىسىنىڭ تالىپى؛ قارا يىپەك رەختتىن كىيىم كەيگەن تالىپلار قىلىچۋازلىق ماھارىتىنى ئۆگەنگەچكە، قۇش مەدرىسىنىڭ تالىپى؛ سېرىق يىپەك رەختتىن كىيىم كەيگەن تالىپلار چاماق ئېتىش چېلىشىش ماھارىتىنى ئۆگەنگەچكە، ئەجدىھا مەدرىسىنىڭ تالىپى دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇلار قايسى مەدرىسكە تەئەللۇق بولسا، كەيگەن كىيىم - كېچەكلىرىدىكە شۇ خىلدا ئاتالغان نەرسىلەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۇلار كوچىلارغا چىققاندا خۇددى تاغدىن سەل كەلگەندەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنگەچكە، كوچا ئىچى پاتىپاراقچىلىققا ئايلىنىپ كېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ نام - شۆھرەتلىرى جاھاننىڭ ھەممە يەرلىرىگە تارقالغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان شەھەرلەردىن لەشكەر تارتىپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاجايىپ ماھارىتى ئاستىدا يېڭىلىپ قېلىپ جېنىنى ياقىغا ئالغىنىكەن.

يەنە بىر رىۋايەتتىن مەلۇمكى، شىمالىي تاغدا ئازابقا چىدىماي قاچقان قۇللارنىڭ سانى ھەددى ھېسابسىز ئىكەن. ئۇلار ئۆز ئىچىدىن سەركەردە سايلاپ، ھەر كۈنى كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى چوڭقۇر ئورەك قېزىپ، ھەر بىر ئورەككە قاقما قوزۇقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەرغۇپ شاھقا ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، بىر پارچە مەكتۇپنى ساراي تېمىغا

چاپلاپ قويۇپتۇ، بۇ ئىش شاھقا مەلۇم بوپتۇ، شاھ دەرھال 30 مىڭ لەشكەر ئەۋەتىپتۇ. لەشكەرلەر ئات چاپتۇرۇپ، ئۇدۇل شىمالدىكى تاغدىكى باتۇرلار قازغان ئورەك ئىچىدىكىگە يېنى — كەينىدىن چۈشۈپ كېتىپ، ھەممىسى قاقما قوزۇققا ئىلىنىپ قاپتۇ. ئەۋەتكەن لەشكەرلەرنىڭ بىرسىمۇ ساق قالماي ھەممىسىنى يەر يۇتۇپ كېتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھ باشقا جاي ئارقىلىق لەشكەر سېلىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، شىمالدىكى تاغدىكى باتۇرلار بۇ جايغىمۇ ئورەك قېزىپ، قاقما قوزۇق ئورنىتىپ تەييارلىغانىكەن، بۇ يەردىمۇ لەشكەرلەرنى يەر يۇتۇپ كېتىپتۇ، شاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ۋەزىر — ۋۇزرالىرىنى يىغىپ، قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت ئاپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، بۇنىڭ چارىسى ئاساندۇر، ئۇلار جان بېقىشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاچقا، تاققا قېچىپ بېرىپ بۇ ئىشنى قىلدى. ئەمدى بىز ئۇلارنى تاغدىن چۈشۈڭلار، بىز سىلەرنىڭ قانداق پىكىر — تەلەپلىرىڭلار بولسا ئاڭلايمىز. ھەر بىرىڭلارغا غەزىنىدىن ئالتۇن — كۆمۈش بېرىپ رازى قىلىمىز، دېسەك، ئۇلار تاغدىن چۈشىدۇ. شۇ چاغدا ھەممىسىنى تۇتۇپ بىر يوللا يوقاتساق، — دەپتۇ. شاھ ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، شىمالدىكى تاغدىكى باتۇرلارغا ئەۋەتىپتۇ. باتۇرلار شاھنىڭ بۇ ھىيلىسىنى بىلگەچكە رەت قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، شاھ، ئۇلار ئوزۇق — تۈلۈك توشۇيدىغان يوللارنى قامال قىپتۇ. لېكىن، باتۇرلار تۇساقتىكى لەشكەرلەرنى كېچىسى ئۇجۇر قىتۇرۇۋېتىپ، يەنىلا يۇرتتىن ئوزۇق — تۈلۈك ئېلىپ چىقىپ، ئالتە ئاي ئوقيا ياساپ،

شاھنىڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلاپتۇ. لېكىن، شاھـ
نىڭ تاغ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرغان ئوردىسىنى ئېلىشقا قۇدـ
رىتى ئاجىز كەپتۇ. ئەجدىھا تېغىنىڭ ئايىغى قىسمىدا چوڭ
بىر كۆل بار بولۇپ، بۇ كۆل شاھ ئوردىسىدىن بىر نەچچە
گەز ئېگىز ئىدى، باتۇرلار كۆلنىڭ داجىسىنى بىر كېچىدىلا
كېسىپ، ئوردىنى سۇغا باستۇرۇپ ۋەيران قىلىش پىلانىنى تۈـ
زۈپ ۋاقىت كۈتۈپتۇ.

شاھنىڭ زالىملىقى ھەققىدىكى يەنە بىر رىۋايەتتىن شۇ
نەرسە مەلۇمكى، شاھنىڭ قىرىق خوتۇنى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە
ئوتتۇز توققۇزى تۇغماس ئىكەن. قىرىقىنچى خوتۇنى ھامىلدار بوـ
لۇپ، ئاي-كۈنى توشۇپ بىر قىز تۇغۇپتۇ. قىزنىڭ ئىسمىنى ئايتۇرا
قويۇپتۇ. بۇ قىز جاھان قىزلىرى ئىچىدە شۇنداق چىرايلىق
ئىكەنكى، ئۇنى قانچە - قانچە داستان يېزىپمۇ تەرىپلەپ
بولالمايدىكەن. گەرچە، قىز بالاغەتكە يەتكەن بولسىمۇ، لېـ
كىن شاھنىڭ زالىملىقىدىن قورقۇپ، بىرەر ئەلچىمۇ شاھ
ھوزۇرىغا كېلەلمەپتۇ، كۈنلەردىن بىر كۈنى قىز دادىسىدىن
رۇخسەت ئېلىپ، بىر نەچچە ئون كېنىزەكنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاتـ
لىق ئوۋ ئوۋلاشقا جاڭگاللىغا چىقىپتۇ. لېكىن، ئوۋ قىلغىدەك
ھېچقانداق نەرسە تاپالماپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە گۆر ئېـ
قىن دەرياسىغا كەپتۇ ۋە دەريادا سۇنىڭ ناھايىتى كۆپ ھەم
ھەيۋەتلىك ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قىز ئۆتۈپ كېتىمەن
دەپ، كېنىزەكلەر بىلەن دەرياغا ئات ساپتۇ. ئات دەريانىڭ
قاپ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، بىر دولقۇن ئاتنى يۇمىلىتىپ
ئېلىپ مېڭىپتۇ، قىز ۋە كېنىزەكلەر ھەش - پەش دېگۈچە
قاينام ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. كېنىزەكلەرنى ئۇلۇغ سۇ قايـ

نىمى يۇتۇپ كەتكەچكە، ئۇلار بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن، ئايتۇرا قىز سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىپتۇ. بۇنى دەريا بويىدا مال بېقىۋاتقان قوتبۇرى ئىسىملىك بىر مالچى يىگىت كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئايتۇرا قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ، قاشقا ئېلىپ چىقىپ، ئوڭدا ياتقۇزۇپ، ئىچىگە كىرىپ كەتكەن سۇنى چىقىرىۋېتىپ، قىزنى يۈدۈپ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، كېپەك قورۇپ قورسىقىغا قويۇپ ھۇشىغا كەلتۈرۈپتۇ. يىگىت بىر مەزگىلگىچە قىزنى ئاسراپ بېقىپتۇ. ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن ھەم نەيچېلىشقا بەكمۇ ئۇستا يىگىت بولغاچقا، ئۇ چالغان نەينىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى قىزنى مەپتۇن قىپتۇ ۋە ئۇنى يىگىتكە ئاشىق قىلىپ قويۇپتۇ، قىز بىر مەزگىل پادىچى يىگىتنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قاپتۇ. پادىچى يىگىت كۈندۈزى مال باققىلى چىقىپ كېتىپ كېچىسى كېلىدىكەن، قىز يىگىتنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدىكەن. يىگىت قايتىپ كەلگەن بىر كۈنى، قىز يىگىتكە مۇنداق نەزمە ئوقۇپتۇ:

«چۈشتى بېشىمغا ئىشقى ـ ھەسرەدەم تۇرۇپ يىغلىدىم،
تەقدىر شۇنداق دەپ بېلىمنى مەھكەم باغلىدىم.
كۆيەك ئوتىدا يۈرەكلىرىمنى داغلىدىم،
ئەمرىگە ئال مېنى ئەمدى يوقتۇر تاقىتىم.»

بۇنى ئاڭلىغان يىگىتمۇ قىزغا:

«زاتىڭىزنى بىلمىگەچ ھەيرانە بولدۇم،
ئىزھارىمنى ئېيتالماي غەمخانە بولدۇم.
توقسان كۈندە ئىشقىڭدا مەردانە بولدۇم،
جان تەسەددۇق بۇ ئىشقا پەرۋانە بولدۇم.»

دېيىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىپ-
تۇ. قىز يىگىتنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ بىھوش بولۇپ
يېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن، قىز ئۆز زاتىنى بىلدۈرۈپ،
ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ، مەغرىپ شاھىنىڭ قى-
زى ئىكەنلىكى، ئوۋغا چىقىپ بۇ ھالاكەتكە يولۇقۇپ قالغان-
لىقىنى ئېيتىپتۇ. يىگىت مەغرىپ شاھىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ
قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ.

— قىز نېمىدىن قورقىسىز؟ — دەپتۇ. يىگىت:

— ئاتىڭىز بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپسا، ئۆيۈمدىكىلەرنىڭ
ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىۋېتىشتىن قورقىمەن، — دەپتۇ. قىز:

— ئىشقىنىڭ قۇربانى بولغاندا، ئاندىن مەقسەتكە يەت-
كىلى بولىدۇ، مەيلى بېشىمىزغا نېمە بالالار كەلسۇن، ئۇنى
تارتماقتىن باشقا چارە يوق. بۇنىڭغا مۇۋاپىق چارە تاپاي-
لى، — دەپتۇ. يىگىت:

— سىز بىر شاھنىڭ مەلىكىسى تۇرسىڭىز، مەن بولسام
بىر گاداي مالچىنىڭ ئوغلى تۇرسام، مېنى سەت كۆرۈپ، سىز-
نى ماڭا بەرمەسمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، — دەپتۇ. قىز:

— مەن قورقمىغان يەردە، سىز نېمىدىن قورقىسىز؟ نا-
ۋادا ئاتام سىزگە زىيانكەشلىك قىلسا، مېنىڭمۇ مۇناسىپ ھال-
دا چارەم بار. سىز مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز، بول-
مىسا بېلىققا يەم بولۇپ كەتسەم، ئاتام مېنى نەدىنمۇ تاپا-
لايتتى، شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئىشقى - مۇھەببەت
ئوتى چوڭ - كىچىك، سەت - چىرايلىق تاللىمايدۇ. ئىشقىنى
پۇلغا سېتىۋالغىلى، ھەيۋە قىلىپ قورقۇتۇپ ياكى
بولمىسا، چېپىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئىشقى - مۇھەببەت

ھېچ نەرسىدىن قورقمايدۇ، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار خۇشال-خۇرام يەنە بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ، شاھ قىزىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ، تەرەپ-تەرەپكە لەشكەر چاپتۇرۇپتۇ. ئاخىرى لەشكەرلەر ئىز دەپ سوراپ قىزنى پادىچىنىڭ قورۇسىدىن تېپىپتۇ ۋە شاھ ئوردىسىغا قايتۇرۇپ كەپتۇ. بىركۈنى قىز بولغان ۋەقەنى شاھ ئاتىسىغا بىر-بىرلەپ بايان قىپتۇ. شاھ پادىچى يىگىتكە ئالتۇن-كۆمۈش مۇكاپات قىپتۇ. لېكىن، يىگىت شاھنىڭ بۇ مۇكاپاتىنى ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، شاھنىڭ قىزى پادىچى يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ بىللە ئويناپ يۈرۈپتۇ. بۇنى بىر قېرى دەللالى كۆرۈپ قېلىپ، ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ. شاھنىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىپ، جاللاتلارغا پادىچى يىگىتنى تۇتۇپ كېلىش ھەققىدە پەرمان قىپتۇ. جاللاتلار دېگەن مۆھلەت ئىچىدە مالچى يىگىتنى ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. يىگىتمۇ قىزنىڭ ئېيتقان گەپ-سۆزلىرىنى ئېسىدە تۇتۇپ، مەردانە ھالدا شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تازىم بىجا كەلتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. شاھ:

— ھەي يىگىت، گۇناھىڭنى بىلەمسەن؟ — دەپتۇ. يىگىت:

— مېنىڭ ھېچقانداق گۇناھىم يوق، شاھ، — دەپتۇ.

— سەن گاداي گۇناھىم يوق دەيسەنا، قىزىمنى قۇتقۇلدۇرۇپ قويدۇم دەپ، يولدىن چىقاردىڭ، بۇ گۇناھ ئەمەسمىكەن؟ — دەپ سوراق قىپتۇ شاھ. ئايتۇرا قىز شاھ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، ھۆرمەتلىك شاھ ئانا، بۇ يىگىتتە قىلچە گۇناھ يوق، بۇ ئىشتا مېنىڭ سەۋەبكارلىقىم بار. مېنىڭ بۇ گۇناھىمنى كەچۈرگەيلا، — دەپتۇ. قىزنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شاھ:

— يوقال كۆزۈمدىن! جاللات، ماۋۇ شەرمى-ھايانى بىلە-
مەيدىغان بى ئۇمۇرسىنى زىندانىغا تاشلاڭلار، — دەپتۇ. بۇ گەپ-
نى ئاڭلىغان قىزنىڭ ئانىسى:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە. قىزى-
مىزغا مەن ئۆزۈم تەربىيە قىلاي، يولدىن ئازغان بولسا،
مەن ئازغان يولدىن قايتۇرۇپ كېلەي، گۇناھىدىن كېچىش-
لىرىگە ئىجازەت بېرىشلىرىنى سورايمەن، — دەپتۇ. شاھ قى-
زىنى يەنە ئالدىغا چاقىرىپ:

— قىزىم، سەن بىر تاللا قىز. سېنىڭ نېمەڭ كەم؟
دۇرۇس، قىز بولغىنىدىكەن، ھەر قاچان ئەرگە تېگىدۇ، ئو-
غۇل بولغىنىدىكەن ھامان خوتۇن ئالىدۇ. بۇ ئاتا مىراستۇر. لې-
كىن، سېنىڭ ھازىرقى تەگمەكچى دېگەن ئادىمىڭ، بىر قۇلنىڭ
بالىسى، بىزنىڭ نام-شۆھرىتىمىزگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ، مې-
نىڭ شەنىمگە زور داغ پەيدا قىلىسەن. سېنى ئۆز ئوردىمىز-
دىكى ۋەزىرىمىزنىڭ ئوغلىغا بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن. ئۇ، ھەم-
مە جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن كۈچتۈڭگۈر پالىۋان، ئۇ
بېشىمىزغا زور بالايى-ئاپەت كەلگەندە، بىزنى شۇ قۇتۇل-
دۇرالايدۇ، — دەپتۇ. ئايتۇرا قىز:

— ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، مېنى ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا بې-
رىشنى ئېيتتىڭلا، مەن ھەرگىزمۇ بۇنداق تۈكلۈك مەخلۇققا خو-
تۇن بولمايمەن. ئۇنىڭدا قانداقمۇ ئادەم سىياقى بولسۇن؟
پۈتۈن بەدەنلىرى تۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىرتقا ئېلىپ چىقسا
زەنجىردە باغلىمىسا خۇددى ھايۋانغا ئوخشاش ئۇنى چىشلەپ،
بۇنى ئۇرۇپ يۈرگەن بىر مەخلۇقنى سىلە قانداقمۇ يارىتىپ
قاللا؟، گەرچە مالچىنىڭ ئوغلى بىر گاداي بولسىمۇ، ئۇنىڭدا

ئادەم سىياقى بار. ئۇ ساپ، دىيانەتلىك پالىۋاندۇر. ئۇنىڭ
بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن. ئۇ سىلىگە زور كۈچ - قۇدرەت
بېرىدۇ. سىلە كۆپ جەھەتتىن دۈشمەنلىك بولۇپ قاللا، - دەپ-
تۇ. شاھ:

— يۇم ئاغزىڭنى! دۇنيادا سېنىڭدەك شەرمى - ھايانى
بىلمەيدىغان، ئاتا - ئانىسىنى ھاقارەتلەيدىغان بالىنى
كۆرگەن ئەمەسمەن، - دەپتۇ. ئايتۇرا قىز:

— ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، مېنىڭ دەۋاتقىنىم سىلىگە
ھاقارەت ئەمەس. بەلكىم سىلىگە كۈچ مادار دۇر، - دەپتۇ.
ۋەزىر:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، سىلە جاھانغا تونۇلغان بىر
كاتتا شاھ، يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە كىشىلەر سىلىگە ئىتا-
ئەتمەندۇر. مەن سىلىنىڭ قوللىرىدا ئۆمرۈمنىڭ تولىسىنى
شاد - خۇرام ئۆتكۈزدۈم، ھەممىگە ئېرىشتىم. ئوغلۇمنى
سىلە ئوغۇل قىلىۋالاي دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن، پۈتۈن ئۆمرۈم-
دە سىلىگە قۇل بولۇشقا رازىمەنكى، ھەرگىز ئاسىيلىق قىل-
ماسمەن، تەڭرى ئالدىدا بۇ گېپىمنى قەسەم قىلىشقا يارايـ
مەنكى، يېنىۋالمايمەن، - دەپتۇ. ئايتۇرا قىز:

— ئەي ۋەزىر، سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭ يۈرەك سۆزۈڭ
ئەمەس، ئاتامنى ئالداش ئۈچۈنلا ئېيتىۋاتىسەن. ئېيتىپ باق-
قىنا، بىگۇناھ پۇقرالارنى چېقىپ ئۆلتۈرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئاتامغا
دۈشمەنلىك قىلىپ قويدۇڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغلۇڭغا مېنى
ئېلىپ بېرىپ، تەخت ۋارىسى بولۇشنى ئىچكى جەھەتتىن
پىلانلىدىڭ. ئاتام ئۈچۈن ھەممە يەردە مەخپى قاپقان قۇر-
دۇڭ، سېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىغان ئادەملىرىڭ
ئوردا ئىچىدە يۈزدىن ئاشتى، - دەپتۇ.

— ھۆرمەتلىك شاھىم، بۇ قىز دېمەك ھەقىقەتەن ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، قاراپ تۇرۇپ مېنى سىلىگە يامان كۆرسەتتى. مەن قانداقمۇ «تۇزۇكنى يەپ، تۇزلۇققا چىچاي» دېگەندەك، ئىشلارنى قىلارمەن؟ لاتىمىنات بۇنى ئالدىدا قەسەمگە يارايـ دەن، — دەپتۇ ۋەزىر ئۆزىنى ئاقلاپ.

— ۋەزىر، سەن دېمىسەڭمۇ سېنىڭ قەلبىڭنى چۈشىنىمەن. قىز دېنىڭ كەپلىرىگە ئىشەنمەيمەن. سەن خاتىرجەم بول، مېنىڭ گېپىم ـ گەپ. شاھلىق سۆپەتىم بىلەن ئەمرى قىلىمەنكى، قىزىڭنى ئوغلۇمغا بەرگىنىم ـ بەرگەن!ـ دەپتۇ شاھ.

— ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، شاھ ئانا، ئىشقى-مۇھەببەت ئوتىدىن چوڭ ئىش يوق. ئىشقى ـ مۇھەببەت ئوتى چوڭ-كىچىك، سەت ـ چىرايلىق ئايرىمايدۇ. سىلەر ياشلىق چېغىڭلارنى ئەسلەپ بېقىڭلار. ناۋادا مەن تاپقان يىگىتنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلساڭلار، مەندىن مەڭگۈ جۇدا بولىسىلەر. مەن تاپقان يىگىتىم بىلەن مەڭگۈ بىرگە ئۆتىمەن. سىلەر ھەيۋە قىلىپ كۆڭلىنى ياندۇرارمىزمىكى دەيسىلەر، ئىشقى-مۇھەببەت ھەر قانداق پالاكەت يۈز بېرىشىدىن قورقمايدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ـ دەپتۇ قىز. ۋەزىر:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، قىز دېمىز گەپكە كۆنگىلى ئۇنىمىدى. ئۇنداق بولسا، بىر مەسلىھەتىم: قىز دېمىز تاللىغان يىگىت بىلەن ئوغلۇمنى بىر كۈچ سىناشتۇرۇپ باقساق، قايسى يېڭىپ چىقسا قىز دېمىزنى شۇنىڭغا بەرسەكمىكىن دەيمەن ـ دەپتۇ. شاھ:

— بۇمۇ بولىدىغان مەسلىھەت، ئەمىسە شۇنداق قىلايلى، —

دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل خالايىقلارنى مەيدانغا يىغىپ يىگىت بىلەن ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى مەيدانغا ئېلىپ كەپتۇ. بۇ ئىككەيلەننىڭ چېلىشى رەسمى باشلىنىپتۇ. مالچىنىڭ ئوغلى زەنجىرگە باغلانغان بۇ مەخلۇقنى كۆرۈپ پادىچىمۇ قورقۇش ھېس قىلماپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى خۇددى ئوۋچىلاردىن زەربە يەپ قاچقان يولۋاستەك خىرقىراپ يوپۇرۇلۇپتۇ. پادىچى يىگىت بىر ھازا غىچچە قېچىپ تۇرۇپ بەرمەپتۇ. ئاخىرى ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، بۇ مەخلۇقنى يەردىن دەس كۆتۈرۈپ، بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە ئۇرغانىكەن، ئۇ شۇ ھامان تەن تارتماي قان قۇسۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ. مەيداندا ئويۇن كۆرگۈچىلەر ئالا-چۇقان كۆتۈرۈپ پادىچى يىگىتنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان ئايتۇرا قىز يىگىتنىڭ قېشىغا كېلىپ بېشىدىن ئۈنچە-مەرۋايىت چېچىپتۇ. ۋەزىر ئۆز ئوغلىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھازا ئاچقان پېتى مەيداندىن چىقىپ كېتىپتۇ ۋە شاھ ئوردىسىغا كىرىپ، پادىچى يىگىتنى باشقا ئامال بىلەن ئۆلتۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپتۇ. شاھمۇ ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلۇپ ماقۇل بولۇپتۇ.

شاھ مالچى يىگىتنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— يىگىت سەن ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى يەڭدىڭ، قىزىمغا ئويلىنىدىغان كىشى كەلگۈسىدە تەخت ۋارىسى بولىدۇ. مۇڭا بىر قانچە سىناقلاردىن ئۆتۈشى كېرەك. سەن چېلىشتا ئاجايىپ ماھارىتىڭنى ئىشقا سالدىڭ ۋە نام چىقاردىڭ، باتۇر دەپ ئاتالغان چېلىشچىنى يەڭدىڭ. ئەمدى سېنى باتۇر دەپ ئەلگە جاكارلىسام بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— ھۆرمەتلىك شاھىم، مەن تېخى باتۇر دېيىشكە لايىق ئەمەس. چۈنكى، بىر ئادەمنى چېلىشىشتا يېڭگەنلىك، زور نەرسىلەرنى كۆتۈرەلىگەنلىك ياكى بولمىسا، دۇنيادا كۈچلۈك دەپ ئاتالغان يولۋاسنى ئۆلتۈرگەنلىك باتۇرلۇق ھېسابلانمايدۇ،— دەپتۇ يىگىت.

— ئۇنداق بولسا، سېنىڭچە قانداق كىشىلەرنى باتۇر دېيىشكە بولىدۇ؟— دەپتۇ شاھ.

— دۇنيادا باتۇر بولغان كىشى ھەر قانداق چاغدا ئەڭ زور ئاچچىقنى يېڭەلىسە، مانا شۇ كىشى ئەڭ كۈچلۈك باتۇر بولىدۇ،— دەپتۇ يىگىت.

— ئۇنداق بولسا،— دەپتۇ شاھ،— سېنى نېمە دەپ ئاتىساق بولار؟

— مەن بىر ئاجىز پېقىرادۇرمەن. مېنى ئاتاشقا توغرا كەلسە، «ئاجىز قۇل» دەپ ئاتاش كېرەك،— دەپتۇ يىگىت.

شاھ سوئال سوراپ يىگىتنى يېڭەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، باشقا ئامال ئارقىلىق ئۆلتۈرۈشنى ئويلاپ:

— يىگىت، ساڭا چوڭ ۋەزىپە بار. سەن شۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ كەلسەڭ، ئاندىن قىزىمنى بىلەن توي قىلىشىڭغا قوشۇلىمەن،— دەپتۇ.

— بولىدۇ، شاھىم، ئىجازەت بەرگەيلا،— دەپتۇ يىگىت. شاھ:

— ساڭا 500 كوزا تەييارلاپ بېرىمەن ھەم ياردەمگە ئادەم بېرىمەن. ئۇلار سەن بىلەن بىللە بارىدۇ، ئالدىمىزدا

ەبىر تاغ بار (توققۇز ساراي تېغىنى دېمەكچى)، شۇ تاغنىڭ ئۈستىدە بىر قۇدۇق بار. قۇدۇقنىڭ ئىچىدە كېسەلگە شىپا بولىدىغان بىر دورا بار. سېنى ئاغامچا بىلەن شۇ يەرگە سالىدۇ، سەن 500 كوزىغا كېسەلگە شىپا بولىدىغان دورىنى ئېلىپ چىقىپ، ھوزۇرۇمغا ھازىر قىلىسەن، — دەپتۇ.

— خوپ، بولىدۇ، شاھىم، بىجا كەلتۈرگەيمەن، — دەپتۇ يىگىت.

— بارساڭ بولىدۇ، — دەپتۇ شاھ.

يىگىت ئوردىدىن قايتىپ چىقىپ، سىرتتا كوزا ۋە ئادەملەر تەييار بولغىنىچە كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. شاھ دەرھال ۋەزىرنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا پادىچى يىگىتنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە مەخپى ئورۇنلاشتۇرۇش قىپتۇ. ھەممە نەرسە تەييار بولغاندىن كېيىن، يىگىت ۋەزىرنىڭ باشچىلىقىدا يولغا چىقىپتۇ.

ئوردا خىزمەتچىلىكىنى قىلىدىغان بىر كېنىزەك شاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ پادىچى يىگىتنى قۇدۇق ئاستىغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە قىلغان گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالغانىكەن، ئۇ دەرھال شاھنىڭ قىزىنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، قىزغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. قىز بۇ شۇمخەۋەرنى ئاڭلاپ، ئات باقارغا ئات تەييارلاپ قويۇشنى بۇيرۇپ، ئۆز ئۆيىگە كىرىپ، ئالتۇندىن سوقۇلغان قىلىچنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپتۇ. ئاڭغىچە ئات باقارمۇ ھايال بولماي، قىز ئۈچۈن ئاتنى تەييار قىپتۇ، قىز ئاتنى مىنىپ دەرۋازا ئالدىغا بارسا، دەرۋازا تاقىلىپ بولغانىكەن. قىز نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئاتنىڭ قېشىغا كىرىپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپ:

— ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، بۈگۈن بىر ئاز ئىچىم پۇشۇپ قالدى، سىرتقا چىقىپ كېنىزەكلەر بىلەن بىللە سەيلە ـ تاما- شا قىلىپ كەلسەم، دادامدىن ئىجازەت ئېلىپ بەرگەيلا، — دەپتۇ.

ئانىسى دەرھال شاھ ھوزۇرىغا كىرىپ، تازىم بىجا كەل- تۈرگەندىن كېيىن:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، قىزىمىز بىر نەچچە كۈن بولدى، تولا يىغلاپ ساراڭ بولاي دەپ قالدى، سىرتقا چىقىپ ھاۋا يەپ كەلسەم، دەيدۇ. ئىجازەت بېرىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمەن، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، بارسۇن، ئىلاج بار بۈگۈن ئاخشام قايتىپ كەلسۇن، — دەپتۇ شاھ، ئانا شاھنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ چىقىپ قىزنى بىر قانچە كېنىزەك بىلەن يولغا سېپتۇ، قىز دەرۋازى- ۋەنلەرگە دەرۋازىنى ئاچقۇزۇپتۇ. ئۇدۇل ھېلىقى تاغقا ئاتساپتۇ.

رىۋايەتچىلەر ۋەزىرنىڭ قىلمىشىنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ۋەزىر يىگىتنى ھېلىقى ئېگىز تاغقا باشلاپ بېرىپ قۇ- دۇققا باشلاپتۇ ۋە يىگىتكە 500 كوزىنىڭ 499 كوزىغا كېسەل- گە شىپا بولىدىغان دورا ئالدۇرۇپ بولۇپ بىرسى قالغاندا، ۋەزىر ئاغامچىنىڭ ئۇچىنى قىلىچ بىلەن كېسىۋېتىپتۇ. يىگىت «ۋايجان» دېگەن پېتى قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئاي- تۇرا قىز بۇ تاغدىكى شىپالىق قۇدۇقنى تاپقىچە بەش كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. قۇدۇقنى ئىزدەپ تېپىپ بارسا، يىگىت كۆ- رۈنمەپتۇ. ۋەزىر ئەھۋالنى بۇرمىلاپ:

— ئۇ، قەيسەر يىگىت ئىكەن. 500 كوزىنىڭ 499 كو- زىغا شىپالىق دورا ئېلىپ چىققانىدى. بىرسى قالغاندا ئاغام- چا ئۈزۈلۈپ كېتىپ، قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئاغام-

چىنى ئېلىپ ئادەم سالدۇق، سالغان ئادەم تېخىچە چىقمىدى. شۇڭلاشقا قۇدۇق بېشىدا قاراپ تۇرۇۋاتىمىز، — دەپتۇ. قىز ھې-لىقى كېنىزەكنىڭ ئېيتقان شاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ مەخپىي ئۆل-تۈرۈش ھەققىدىكى سۆزىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، ئاشىقىنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋەتتى دەپ ئويلاپ قەھرى - غەزەپ بىلەن ۋەزىرگە:

— ئى ۋەزىر، مەردنى مەردۇ مەيداندا سىنا، دېگەن گەپ بار. راستىڭنى ئېيتقىن؟ - دەپتۇ.

— مەلىكەم، ئۆزلىرى مېنىڭچىلا مالال بولمىسىلا، راس-تىنى دېسەم، ئاغامغا ئۆزۈلۈپ كەتتى، — دەپتۇ ۋەزىر.

— يالغان، — دەپتۇ قىز.

— مۇشۇ قۇللارنىڭ ھەممىسى گۇۋاھ، دەپتۇ ۋەزىر.

— راستىنى دەمسەن - دېمەمسەن؟ — دەپ قىز ئۆز يېنىدىن قىلىچىنى شارتتىدا سۇغۇرۇپ ئېلىپ ۋەزىرگە تەڭلەپ ھەيۋە قىپتۇ.

— بۇ - بۇ... بۇنداق قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەي-دۇ. شاھ ئاتىلىرىڭىزنىڭ پەرمانى شۇنداق، - دەپتۇ ۋەزىر.

— سەن ئاتام بىلەن بىرلىشىپ، نۇرغۇنلىغان پۇقرالار-نىڭ جېنىغا زامىن بولدۇڭ. بۇنى ئاز دەپ، مېھرىبان ئاشى-قىمنى قەستلەپ، قەستەنگە ئاغامچىنى كېسىپ قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلتۈردۇڭ. زالىملارنىڭ جاجىسىنى بەرگەندە تەڭرىمۇ خوش بولىدۇ، - دەپ، ۋەزىرنىڭ بېشىنى قىلىچ بىلەن ئېلىۋېتىپ-تۇ. ۋەزىرنىڭ ئۇستىخىنىنى ئېگىز تاغدىن يۇمىلاپ پەسكە چۈ-چۈپ كېتىپتۇ. قىز مېھرىبان ئاشىقىدىن ئايرىلىپ، يەككە - يېگانە ياشىغىچە، مەنمۇ ئۆلۈپ مېھرىبانىم قېشىدا ياتاي دەپ، قۇدۇق ئىچىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. بىراق، يىگىت بىلەن ھېلىقى

قۇل ئۆلمەي، قۇدۇقنىڭ پەلەمپىيگە دەسسەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، قىزنى ئۇلار تۇتىۋاپتۇ. ئۇلار سىرتتىكى قۇللارغا ۋارقىراپتۇ. قۇللار بۇلارنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال ئاغامچا سېلىپ، بۇ ئۈچ كىشىنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار قۇدۇق ئىچىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ ئەجدىھا تېغىدىكى كۆللۈكنى ئىگىلەپ ياتقان باتۇرلار سېپىگە قوشۇلۇپتۇ. بۇلارنى باتۇرلار داغرا ـ سۇنايلارنى چېلىپ قارشى ئاپتۇ.

شاھ ئۆز ۋەزىرىنىڭ ئۆلگەنلىك ھەققىدىكى خەۋىرىنى ئۇققاندىن كېيىن، قىزىنىڭ ئانىسىغا:

— سەن قىزىڭ بىلەن كېپەكنى بىر قىلىپ، ماڭا سەيلە قىلدىڭ، دەپ قويۇپ، قىزىڭنى شىپالىق دورا قۇدۇقىغا ئەۋەتىپ، بالا ـ قازانى تېرىدىڭ، ـ دەپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگۈزۈپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھ ئىچ پۇشقىنى چىقىرىپ كېلىش ئۈچۈن، بىر قانچە سەركەردە ـ لەشكىرى بىلەن ئوۋ ـ ئوۋلاشقا سىرتقا چىقىپ، بىر قانچە كۈن يول مېڭىپتۇ. بىر كۈنى تۇساتتىن شاھنىڭ ئالدى تەرىپىدىن بىر جەرەن چىقىپ شىمالىي تاققا قاراپ قېچىپتۇ. شاھ دەرھال كەينىدىن ئاتلىق قوغلاپ بىر يەرگە بارغاندا، شاھنىڭ ئېتى مۈدۈرۈپ كېتىپ، ھېلىقى قاچقۇن باتۇرلار قازغان قاقما قۇدۇقلۇق قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ، ئېتى بىلەن بىرگە قوزۇققا مىخلىنىپ جان ھەققىگە تەسلىم بولۇپتۇ.

شۇ ئارىدا ئەجدىھا تېغىدىكى باتۇرلار مەرغىپ شاھنىڭ قۇدۇق ئىچىدىكى قوزۇققا مىخلىنىپ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال كۆلنىڭ بىر نەچچە يۈز مېتىر دامبىسىنى

بېزۇپ، كۆلدىكى سۇنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇلۇغ سۇ ئېقىمى شۇ كېچىسى ئۇدۇل شەھىرى بەر - بەر بازىرىغا قاراپ ئېقىپ، ھەش - پەش دېگۈچە ئارىلىقتا پۈتۈن ئوردىنى قوينىغا ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى لەك ئادەم ئورۇنلاشقان ئوردا سۇ ئىچىدە قېلىپ، بۇ ساراي ئۆلۈكلەر ماكانىغا ئايلىنىپ، ئوردا ئىچى لاي - لاتقىلار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. شۇ ئارادا ئاسماندىن يەتتە كېچە - كۈندۈز قۇم يېغىپتۇ. ئەجدىھا تېغىدىكى باتۇرلار تەرەپ - تەرەپلەرگە قېچىپ، ئۆز جانلىرىنى ياقىغا ئاپتۇ. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، بىچارە پۇقرالارغا چىدىغۇسىز ئازابلارنى سېلىپ، يىققان مال - دۇنيا، ئالتۇن - كۈمۈش، سەلتەنەتلىك ئوردا، ئايۋان - سارايلار ۋە زالىم، قانخور جاللاتلار سۇ ۋە قۇم ئاستىغا بەنت بوپتۇ. شەھىرى بەر-بەر بازىرىنىڭ نامىلا خەلق ئارىسىدا داستان بولۇپ قاپتۇ.

— ئەينى چاغدىكى ۋەزىر ئۆلگەن قۇدۇق، ھەشەمەتلىك ئوردا - ساراي ۋە جاللاتلار ياتقان ماكانلار، ئەجدىھا تېغىدىكى سۇ ئاقتۇرغان كۆللەر ھازىرمۇ بار، - دېيىلىدۇ رىۋايەتنىڭ ئاخىرىدا، - شاھ ئوردىسىنى قوينىغا ئالغان قۇم شەرق تەرەپتە بولۇپ، تاغقا يامىشىپ تۇرىدۇ. تارىخ ئاخىرى ئۇلارغا مانا مۇشۇنداق جازا ھۆكۈم قىلىپ، زار-زار قاقشىغان پۇقرالارنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ بېرىدۇ. كۆڭلىمىز ئەمىن تاپقۇزىدۇ. «ئادەمگە نام - ئاتاق خەۋپلىكتۇر، ئۇلاققا سېمىزلىك» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

## 2613 ساتار قانداق ياسالغان؟

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە: تەڭرى ئۇل ۋاقىتلاردا ئاۋۋال يەتتە قات يەر، يەتتە قات ئاسماننى، ئاندىن دەريا، دېڭىز ـ ئوكيانلارنى، مالائىكىلەرنى ياراتقان. تۇپراقتىن بىر چىمدىم توپا ئېلىپ ھەزرىتى ئادەمنىڭ ئادەم شەكلىنى ياساپ چىققان، جانغا ئەمرى قىلغان. جان ئادەمنىڭ تېنىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن قورقۇپ كىرىشكە ئۇنىمىغانىكەن، شۇ چاغدا تەڭرى مالائىكىلەرگە ساز چېلىشنى ئەمرى قىلغان. مالائىكىلەر ھەزرىتى ئادەمنىڭ تېنىگە كىرىپ ساز چالغان. قورقۇپ قاچقان جان بىر مەھەل ساز چالغان ئورۇننى ئىزدەپ، ئاران دېگەندە، ھەزرىتى ئادەمنىڭ مۇدىلىنىڭ ئىچىدىن تاپقان. چېلىنىۋاتقان سازنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن، جان بۇ مۇدىلىنىڭ ئىچىگە كىرگەن، تاقاق ئېتىلگەن، ئادەم ئورنىدىن دەس تۇرغان، ساز توختىغان، تەڭرى ئەڭ بالدۇر كەلتۈرگەن ساز ـــ ساتار ئىكەن. ھەزرىتى ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇقاتنىڭ بولمىغانلىقىغا يالغۇزچىلىق ھېس قىلىپ، تەڭرىگە يىغلىغان، تەڭرى مالائىكىلەر چالغان سازنى ئادەمگە تۇتقازغان. ئادەم ساتارنى چېلىپ كۆڭلىنى خوش قىلغان. كېيىن، ھەزرىتى ھاۋا ئانىنى ياراتقان، بۇ زات ناھايىتى چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈن، ھەزرىتى ئادەم ئۇنىڭ ئوت ـ پىراقىدا بىر مەھەل

ساتار چالغان. شۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى ھاۋا ساتارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغا مەپتۇن بولغانۋە ساتارنى چالغان ئادەمگە يېقىنلاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى بىز ئىككىيلەن ساز چېلىپ كۆڭلىنى خوش قىلغان، ھەزرىتى ئادەم ساز چېلىپ ئىبادەتتىن توختاپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئاللا ساتارنى پانى دۇنيادىن باقى دۇنياغا ئېلىپ كېتىشكە مالائىكىلەرگە ئەمرى قىلغان. ئۇل ئىشلارنىڭ سەۋەبىدىن ئادەم ئۆلگەندە، تەندىن جان چىقىپ كېتىپ، ئىككىنچىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلمىغاندا، مالائىكىلەر ساز چالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن جان تەنگە كىرىپ، سوئال - جاۋابقا تەننى تەييار قىلىدىكەن.

رىۋايەتتە دەپتۇلەركى: ئادەم باقى دۇنيادىن پانى دۇنياغا ھەيدەلگەندە، سازنى بىرگە ئېلىپ چىقىش ھەققىدە تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىدىكەن. تەڭرى ئادەمنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، پانى دۇنياغا بىرگە ئېلىپ - چىقىشقا ئىجازەت بېرىدىكەن. شۇ ۋاقىت 8- ئاي مەزگىلى بولغاچقا، ھەزرىتى ئادەم ساتارنى بىر ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ 12 ئاي چالغان، بۇ چاغ سەھەر پەسلى بولغاچقا، ساتارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن 18 مىڭ ئالەمدىكى ئىنسى-جىنلەردىن تارتىپ، جانىۋارلارغىچە، ئۈۋىسىدا ياتقان قۇرۇت - قوڭغۇز، دەرەخ - گىيالارغىچە. ھەتتاكى ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ ساتارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن ئېرىپ كېتىپ، ئىش - ھەركەتلىرىنى توختاتقان، ئۇزاق چېلىنغان بۇ سازنىڭ يېقىملىقىدىن بىھوش بولۇپ يېتىپ قالغان، مالائىكىلەرمۇ بىھوش بولۇپ يېتىپ قالغان، شۇ چاغدا ھەممىنىڭ يۈرەكلىرى ئېرىپ كەتكەن، شۇ سەۋەبتىن ساتارنى بىر مەزگىل

چېلىشتىن توختىغان. شۇنىڭ بىلەن، 18 مىڭ ئالەمدىكى بار-
لىق مەخلۇقاتلار، ئۆسۈملۈك، جانىۋ - جانىۋارلارغىچە جىم-
جىتلىق ئىچىدە قالغانىكەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇلزاماندا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاق-
ماق چېقىلىپ، يامغۇر شاقىراپ يېغىپ كېتىپتۇ. بىر مەزگىل-
دىن كېيىن، ھاۋا ئېچىلىپ كېتىپتۇ، شۇ مەزگىلدە ئاپئاق سا-
قاللىق بىر بوۋاي بۇلۇتقا مىنىپ، ئېگىز تاغ ئۈستىگە چۈ-
شۈپتۇ. بۇ ۋاقىت 8-ئاي مەزگىلى بولۇپ، بۇ زاتمۇ بىر مەزگىل
ئېلىپ كەلگەن ساتارىنى سەھەر ۋاقتىدا چاپتۇ. بۇ چاغدا پۈت-
كۈل مەخلۇقاتتىن تارتىپ، دەل - دەرەخ، ئۆسۈملۈك، جانىۋ-
جانىۋارغىچە، ھەتتا ئاسماندىكى مالائىكىلەرمۇ بۇ يېقىملىق
سازغا سەمە بولۇپ ئېڭىشىپتۇ. سازنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن
ئېرىپ كېتىپ، بېھۇش بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئادەم، ھايۋا-
ناتلار، قۇرۇت - قوڭغۇزلارغىچە ئوزۇقلىنىشتىن توختاپ قاپ-
تۇ ھەم ساز چېلىنغان شۇ چاغدا ئاسماندىكى مالائىكىلەرمۇ
خۇشاللىقىدىن يىغلىشىپ كەتكەنىكەن، كۆزىدىن ئاققان
ياشلار زېمىندىكى تاغلارغا، دەريا - دېڭىزلارغا تۆكۈلۈپ كې-
تىپتۇ. شۇ ۋەجىدىن تاغلاردىكى تاشلارنىڭ بىر قىسمى ئالتۇن،
كۈمۈش، ئېسىل مەدەنلەرگە، دەريا - دېڭىزلارنىڭ ئاستىدىمۇ
جانىۋارلارنىڭ بىر قىسمى ئېسىل نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ.
شۇ چاغدا مالائىكىلەرنىڭ تۆككەن يېشى كۆيۈك تاققا تېمىپ
كەتكەنىكەن: تاشنىڭ بىر قىسمى لەئلى - ياقۇتقا ئايلىنىپ كې-
تىپتۇ. ئىلگىرىكى كۆيۈك تاغ كېيىن لەئلى تاغ دەپ ئاتىلىپ-
تۇ. شۇڭا بۇ لەئلى تاغ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان كىشىلەر قەدىم-
كىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىنى ئاڭلاپ، 7-، 8-ئاي مەزگىلىدىكى يام-

غۇر ياققان كۈنلەردە ئېگىز تاققا چىقىپ، ئېگىز ئۆسكەن دە-
رەخلەرگە چىقىپ، ھېلىقى بوۋاينىڭ سازچېلىشىنى كۈتىدىكەن،
ساز چالغان بوۋاينى سېغىنىپ، ساما سالىدىكەن. لېكىن، ساز
چېلىنماپتۇ. شۇندىن كېيىن، ئۇلار ئورمانلىقتىكى دەل - دە-
رەخلەرنى كېسىپ، بوۋاي چالغان ساتارغا ئوخشىتىپ ياساپ
چالسىمۇ، ئۇنداق يېقىملىق چىقماپتۇ. يەنە ياساشقا كىرىشىپ،
پۈتكۈل ئورماننى كېسىپ تۈگىتىپتۇ. ئىلگىرى ئورمان بىلەن
قاپلانغان ئەلى تاغ كېيىن ئورمانلار كېسىلىپ تۈگەپ يالىڭ-
غاچلىنىپ قاپتۇ. شەھەرنىڭ پادىشاھلىرى، «كىمدە - كىم بو-
ۋاي چالغان سازغا ئوخشىتىپ ياساپ، شۇنىڭغا ئوخشىتىپ يې-
قىملىق ئاۋاز چىقىرالىسا، نۇرغۇنلىغان ئالتۇن - كۆمۈش ئىن-
ئام قىلىدىغان» لىقى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. نۇرغۇن كى-
شىلەر بۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ كېتىپتۇ، كۈنلەردىن بىر كۈنى
بىر بېلىقچى بوۋاينىڭ ئوغلى ساز ياساش ئۈچۈن، پالتا ئې-
لىپ ئورمانلىققا كېتىپ بارسا، ئالدىدىن بىر ئاقساقال بو-
ۋاي چىقىپ:

— ئوغلۇم، قەيەرگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:

— ساز ياساش ئۈچۈن ئورمان كەسكىلى ماڭدىم، — دەپ-
تۇ. بوۋاي كۈلۈپ كېتىپ:

— ئوغلۇم، بۇ شەھەردىكى يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە
ئادەملەر ساتار ياسايمىز دەپ، جاڭگالدىكى دەرەخلەرنى كې-
سىپ تۈگەتتى. ئوغلۇم، مەن ساڭا ئېيتايكى، 18 مىڭ ئالەم-
دىكى ساتار بولىدىغان دەرەخنى كېسىپ ياساپ باقساڭمۇ ھەر-
گىز چالغۇ بولماس، سەن ساز چېلىشقا ئىشتىياق باغلاپسەن.
سازنىمۇ ئىشتىياق تۇتقاندا ئۆگەنگىلى بولىدۇ. ساڭا ئېيت-

تىپ بېرەي، ئوغلۇم، ھېلىقى بوۋاي چالغان ساتارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن باشقا دەرەخلەر ئۇخلاپ قېلىپ، سازنىڭ ئاۋازىغا يېرىم- ياتا سەمە بولالىغان بىرلا ئۈجمە دەرىخى بولۇپ، باشتىن- ئاخىر ئاڭلىغاچقا، ساتارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئۈجمىنىڭ تېنىگە يېرىم - ياتا سىڭىپ كەتكەن، باشقا دەرەخلەرنىڭ تېنىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن ساتارنى ئۈجمە دەرىخىدىن ياساش بەخشەندە قىلىنىپ كەتكەن، ئاۋازى جەننەتتىكى ھۆرى- غىلمانلار، جانۋارلارنىڭ ئاۋازلىرىنىڭ ئۈچقۇندىسىدۇر. بىر يىل 12 ئايدۇر. بۇ 12 ئاي ئىچىدە چىقىدىغان پۈتكۈل ئاۋازنى 12 خىلغا بۆلۈپ چالىدۇ. تەگرى 12 خىل ئاۋازدىن باشقا ئاۋازنى زېمىنغا چۈشۈرمەيدۇ. بىلىپ قوي، يىغىنكى، ساتارنىڭ ئاۋازى جاھاندىكى ئەڭ قاتتىق نەرسىلەرنى ئېرىتەلەيدۇ. كىشىلەرنى خوش قىلالايدۇ، ھەم يىغلىتالايدۇ. ساتار بولسا ئۇل ئادەمنىڭ شەكلىدۇر. يۈرەكنىڭ چوڭ تومۇرى 32 دۇر، ئادەملەر ئۇنى چالسا، يۈرەكتىكى دەرت - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەت، خۇشاللىق ئەنە شۇ 32 تومۇر ئارقىلىق ئېتىلىپ چىقىپ، 32 قۇلاققا مەركەزلەشكەندۇر. بۇ ئاۋاز دۇنيادا ئەڭ غالىپتۇر، ئۇنى ھېچكىممۇ توسالماس، ئۇ، ئوتتا كۆيمەس، سۇدا ئاقماس، بازغاندا ئۇرسىمۇ ئېزىلمەس ھەم ئۇنىڭغا ئادەملەرنىڭ كۈچى يەتمەس. چۈنكى ئۇنىڭغا يۈرەكنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئەجرى سىڭگەندۇر. ئادەملەر ھاۋالىق، باغۇ - بوستانلىقتا ياپرىغانغا ئوخشاش، جاننىڭمۇ راھەتلىنىدىغان باغۇ - بوستانىدۇر. ساتار چېلىنسا تىلسىز، تىللىقلارنىڭ جېنى ياپرايدۇ. لېكىن، ئۈجمە شۇ چاغدا چېلىنغان سازنى يېرىم - ياتا ئاڭلاپ قالغاچقا، ئادەم شەكلىدە ساتارنى ياساش شۇنىڭغا بەخشەندە قىلىنغاندۇر، - دەپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن يىگىت قايتىپ كېلىپ، ئۈجمە دەرە-
خىنى كېسىپ، ئادەم شەكلىدە ساتار ياساپ، 32 خىل قۇلاق ۋە
يۈرەك تارىسىنى بېكىتىپ، پادىشاھ ئالدىغا بېرىپ چالغا-
نىكەن، خۇددى تاغ ئۈستىدە بوۋاي چالغان ساتارنىڭ ئاۋا-
زىغا ئوخشاش چىققاچقا، پادىشاھ بۇ يىگىتكە نۇرغۇنلىغان
ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، سازەندى-
لەر ئۈجمە دەرىخىدىن ساتار ياساپ سېتىشنى ئۆگىنىۋالغانىكەن.



# 2613 نەي قانداق پەيدا بولغان؟

رىۋايەتتە: دۇنيا يارالغان ئاۋۋالقى چاغدا، ئادەم پاتىنغا چىقىپ، بىر مەزگىل قوش ھەيدەپ دېھقانچىلىق قىلغان، مال باققان. ئۇ بىر كۈنى ھېرىپ - چارچاپ قاتتىق زېرىكىپ كەتكەن، ئىچ - پۇشقىنى چىقىرىش ئۈچۈن چالىدىغان ساز يوق ئېتىزلىقتا ئۇخلاپ قالغان. ئۇ، چۈش كۆرگەن: چۈشىدە بىر ھۆرى كېلىپ: «ئى ئادەم، سەن تائەت - ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇشنى ئويلىماي، نېمىشقا ساز چېلىشنى ئارزۇ قىلىسەن؟ ئەگەر سېنىڭ ساز چېلىپ، تائەت - ئىبادەتتىن مەھرۇم قالغان گۇناھىڭ ئۈچۈن، جازا بەرمەكچى ئىدى. تۆۋە قىلدىڭ، گۇناھىڭدىن كەچتى. سېنى باقى دۇنيادىن پانى دۇنياغا ھەيدەپ چىقاردى. بۇ ساۋاقنى نېمىشقا ئېسىڭدە تۇتمايسەن؟» دەپ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن قولىنى سېلىپ، بىر نەرسىنى سۇغۇرۇپ ئاپتۇ، بۇ نەرسە ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، قان تېمىپ تۇرىدىكەن. ھۆرى دەرھال زېمىندىكى تۇپراقتىن لاي ئېتىپ، بۇ ئىككى غېرىچ نەرسىنىڭ ئۈستىنى لاي بىلەن سۇۋاپ قويۇپتۇ. «تۇتقىن» دەپ ئادەمنىڭ قولىغا ھېلىقى نەرسىنى تۇتقۇزۇپتۇ. ئادەم قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ ئىچىگە قارىسا، ئىچى كاۋاك ئىكەن. ئادەم ھۆرىدىن: «بۇنى نېمە قىلىمەن» دەپ سوراپتۇ. ھۆرى: «بۇنى پۈۋلەپ، ئاۋاز چىقىرىپ، ئىچ - پۇشقىقىڭنى چىقىرىدىڭ» دەپتۇ. ئادەم ئۇنى پۈۋلىگەنىكەن ئاۋاز چىقماپتۇ، ھۆرى دەرھال ئۇشكە قويۇپ،

ئۇنىڭغا تۆت تۆشۈك ئېچىپتۇ. ئادەم تۆشۈكتىن پۈۋلىگەندەك، قور-
قۇنچاق ئاۋاز چىقىرىپتۇ. ئادەم قورقۇپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.
ھۆرى ئادەمنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، قولىدىكى بۇ نەر-
سىگە يەنە تۆشۈك قويۇپ، تۆت تۆشۈك ئېچىپتۇ. ئادەم يەنە ئۇنى
پۈۋلىگەندەك. دەرھال خۇشاللىق ساداسى ئەكس ئېتىپتۇ، ئادەم
خۇشال بوپتۇ. شۇ چاغدا ئادەم ھۆرىگە دەپتۇ: «ئى قىز، بۇ-
نىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە خەۋەر يەتكۈزسىڭىز.» ھۆرى: «سىز
سازغا ئامراق ئەمەسمىدىڭىز؟ شۇ سەۋەبتىن،
تەڭرى سىزگە بۇنى چېلىشقا ئەمىر قىلدى.
ئاۋۋالقى تېشىلگەن تۆت تۆشۈكتىن ئازابنىڭ نەقەدەر ھەي-
ۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى پەرق ئېتەلەيسىز، بۇ دوزاختىنىڭ
ئالامىتىدىن خەۋەر بېرىدۇ. كېيىنكى تېشىلگەن تۆت تۆشۈك
خۇشاللىقتىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ جەننەتتىكى قۇشلارنىڭ سايـ
راشلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇنى سىزنىڭ كانىيىڭىزدىن
سۇغۇرۇپ ئالدىم. پانى دۇنيادا چالغايسىز» دەپ غايىپ بو-
لۇپ كېتىپتۇ. ئادەم ئويغىنىپ قارىسا، چۈشىدە ھۆرى بەر-
گەن نەرسە بار ئىكەن. ئادەم ئۇنى بىر مەزگىل چاپتۇ. تا ئەت-
ئىبادەتتىن قاپتۇ، تەڭرى بۇ نەمۇ چېلىشتىن چەكلەپتۇ. شۇنى-
داق قىلىپ، داۋۇت پەيغەمبەر زامانىسىغا كەلگىچە چېلىشتىن
چەكلەنگەن. داۋۇت پەيغەمبەر زامانىسىغا كەلگەندە، نەينىڭ
ئەسلى سىرى ئاشكارىلىنىپتۇ. شۇ زاماندا، ئادەم چالغان بۇ
نەينىڭ ئاۋازى قوھۇشنىڭ تېنىگە سىڭىپ كەتكەچكە ھەم بۇ
يېقىملىق ئاۋازنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغاچقا، ئىچى كاۋاك بو-
لۇپ قالغانىكەن.

نەي، شەكلى ئاددىي ساتار، ئىپتىدائىيچە رىۋايەتلەردە بولسا ئادەمنىڭ كانىيى ئىكەن. پۈۋلىگەندە چىققان ئاۋاز يۈرەك قېتىدىن كاناي ئارقىلىق چىقىپ، يەنە كانايغا كىرىپ خاپىلىقتىن، خۇشاللىقتىن دېرەك بېرىدىكەن، نەي قومۇشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىدە بولمايدىكەن، چۈنكى، ئۇمۇ ئادەم چالغان نەينىڭ ئاۋازىنى يېرىم ـ ياتا تېنىگە سىڭدۈرۈۋالغانلىقى ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىش شۇنىڭغا مەڭگۈلۈك بەخشەندە قىلىنغانىكەن. باشقا گىياھلار ساز چالغاندا ئۇخلاپ قېتىپ كەتكەچكە، نەينىڭ ئاۋازى ئۇلارنىڭ قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىكەن.



## 2318 چارباغ ھەققىدە ھېكايە

بەزىبىر ھېكايە، چۆچەك، داستانلاردا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان چارباغلارنىڭ بەزىسى كېشىلەر تەرىپىدىن توقۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بەزى چارباغلار ئەمەلىيەتتە خان - پادىشاھلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، كۆنچىقاردىن كۆن پاتار ئارىلىقىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ھەم ۋەھىمىلىك بىر جاڭگال ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، ئالەمگە مەشھۇر بولغان، 8 - ئەسىردىلا بەر - بەر شەھىرىنىڭ پادىشاھى مەرغۇپ شاھ تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان «چارباغ» ھەققىدە ياسىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە سەلتەنىتى بىلەن جاھانغا تونۇلغان. بۇ چارباغنىڭ ئەڭ ئېسىل، داڭلىق مېۋىلىرىنى كىشىلەر خېلىئۇزاق جايلارغىچە ئېلىپ كەتكەن. لېكىن، بۇ چارباغ بىر نەچچە ئەسىرلەر داۋامىدا تەبىئىي، سۈنئىي ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، بىنا قىلىنغاندىكى ئەسلى ھالىتى ۋە چارباغلاردىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت ئىزلىرى يوقىلىپ تۈگەپ كەتكەن بولسىمۇ، كېيىنكى ئەۋلاد ئۇيغۇرلار بۇ جاينىڭ نامىنى تاشلاپ قويماي يەنە ئۇلۇغلاپ «چارباغ» نامى بىلەن ئاتاپ، بۇ قەدىمكى ماكانغا قويۇپ، ئىسىم قىلىپ ياشاپ كەلمەكتە. بۇ نامنىڭ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقىنىغا 12 ئەسىردىن

ئاشتى، ھازىر ئۇنىڭ قەدىمكى ئىزلىرىدىن چىدىر تاغ كۆز دـ
تىش ئورنى ۋە رىۋايەتتە ئېيتىلغان ئول زاماندىكى ئەڭ
گۈزەل، مەنزىرىلىك جاي لەيلى تاغ، سەنەم تاغ ئەتراپىدىكى
جايلاردا ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈم، ياڭاق، بادام، ئالما،
نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخ ۋە مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ
يىلتىزى ـ كۆتەكلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

بۇ جاينىڭ تارىخىي ھەققىدە رىۋايەتچىلەر مۇنداق
رىۋايەت قىلىدۇ: ئول زاماندا بەر ـ بەر تېغىنىڭ پادىشاھى
مەرغۇپشاھ پەرىلارغا سېلىق قويۇپ، 15 يىللىقچە ۋاقىت سەرپ قىـ
لىپ، شەرق تەرەپ دۆلدۈل تېغى، شىمالىي داۋزا تاغ ئېغىزىغىچە،
غەربىي چىدىر تاغ، جەنۇبىي مازار تاغ ئەتراپىنى ئۆز ئىـ
چىگە ئالغان، تۆت ئەتراپى كۆللۈك بىلەن قاپلانغان بۇ كەڭ
زېمىندا، جاھاندا بار بولغان مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەرـ
نى ئەكەلدۈرۈپ سېلىپ ھەم ھەر خىل رەڭدىكى پۇراقلىق ۋە
پۇراقسىز گۈل ـ گىياھلارنى ئۆستۈرۈپ، مىڭ ئورۇنغا سەلتەـ
نەتلىك شىپاڭ، مىڭ ئورۇنغا راۋاقلارنى سالدۇرۇپ، ھەربىر
شىپاڭ، راۋاقلارنىڭ ئاستىغا قىرلىقى ئاكلاپلا قالغان دۇنياـ
دىكى جانىۋ ـ جانىۋارلارنى جۈپ ـ جۈپتى بىلەن ئەكەلدۈرۈپ،
قەپەزلەر ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە شىر، يولۋاس،
پىل، مايمۇن، ئېيىق قاتارلىق ھايۋانلارنىمۇ ئەكەلدۈرۈپ، كىـ
شىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان قىلىپ، مىڭ ئورۇنغا تۈۋـ
رۈكلىرى ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، تاملىرى ئەجدىھا سۈرىـ
تى بىلەن بېزەلگەن ھەشەمەتلىك ئايۋان ـ ساراي، مىڭ ئوـ
رۇنغا ھەر خىل شەكىلدىكى بۇتلارنى تۇرغۇزۇپ، ئاجايىپ تۈۋسـ
كە كەسسەر گۈزگەن. ساز چالىدىغان، ئۇسسۇل ئوينايـ

نايدىغان، ناخشا ئېيتىدىغان 2000 غا يېقىن كىشىنى 300 ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرغان ھەم 100 ئورۇندا سېھىرگەرلىك، داۋاز، قىلىچۋازلىق، موللاقچىلىق، چېلىشۋازلىق، توخۇ سوقاشتۇرۇش، قوچقار سوقاشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش، شىر، يولۋاس، مايمۇن، ئېيىق ئويۇنلىرى قاتارلىقلارنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئويۇن كۆرۈش ھەۋىسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان؛ 1000 ئورۇندا شاراپخانا، مۇنچا، چايخانا، ئاشخانا، ئارام ئېلىش ئۆيى قاتارلىقلارنى بىنا قىلغان، بۇ ئىشلارغا قارايدىغان 1000 مۇلازىمەتچى، 1000 كېنىزەكنى تۇرغۇزۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كارۋاننى بۈيۈك يولى ئارقىلىق باشقا جايلارغا ئۆتىدىغان كارۋان، سودىگەر، ئەمەلدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. بۇ ئاجايىپ باغنىڭ تۆت تەرىپىدە كىرىش ئىشىكى بولۇپ، ھەر بىر ئىشىكتە 150 ـ 200 گىچە قاراۋۇل توختىتقان. باغنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئېگىزلىكى قىرىق گەز كېلىدىغان 1200 قەلئە سالدۇرۇپ، قارا چاپانلىق بىرلەك قاراۋۇل توختاتقان. بۇ سەيلىگاھ باغقا شەرق تەرەپتىكى ئوقۇ مازار تېغى ئەتراپىدىكى چوڭ دەرۋازا، شىمال تەرەپتىكى دەرۋازا، تاغ ئەتراپىدىكى چوڭ دەرۋازا، غەرب تەرەپتىكى چىدىر تاغ چوڭ دەرۋازا ۋە جەنۇب تەرەپتىكى مازار تاغ چوڭ دەرۋازىسى ئارقىلىق كىرىپ ـ چىققىلى بولىدىكەن. قالغان جايلاردىن كىرگۈچىلەر قاراۋۇللار تەرىپىدىن كاللىسى كېسىلىپ تېنىدىن جۇدا قىلىنىدىكەن. شۇڭا بۇ يەرگە كىشىلەر كىرىش ـ چىقىش دەرۋازىسى بىلەن كىرىپ سەيلە ـ ساياھەت قىلىدىكەن. ھەر خىل مېۋىلەرنى يەپ ھوزۇرلىنىدىكەن، ھەر خىل ئويۇن ـ تاماشالارنى كۆرۈپ ئەيشى ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولىدىكەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە: بۇ يەردە ئىشلىگەن سازەندە، ئۇسسۇلچى، ناخشىچىلارنىڭ ئەرلىرى خوتۇن ئېلىشقا، ئاياللىرى ئەرگە تېگىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. ئەرلىرىنى بولسا، بۇ باغقا ئورۇنلاشقان كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ دورا ئارقىلىق ئاختا قىلىۋېتىدىكەن. ئەر - ئايال 50 ياشقا توشقاندىن كېيىن، ئىشتىن بوشىتىلىپ، ئۆز ماكانىغا قايتۇرۇلىدىكەن. ئورنىغا يەنە ساز چالالايدىغان، ناخشا ئوقۇيالايدىغان، ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان چىرايلىق، كېلىشكەن ساھىبجامال قىزلارنى ۋە كېلىشكەن ئەرلەرنى قىممەت باھادا سېتىۋالىدىكەن.

بۇ چاردىۋاغ ھەر جەھەتتىن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغاچقا، باشقا يۇرتلاردىكى يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە، خانىلاردىن تارتىپ پۇقرالارغىچە كېلىپ ئايلاپ-ئايلاپ سەيلى ساياھەت قىلغانلارمۇ، ئۆز ھاياتىنى مۇشۇ باغدا ئۆتكۈزۈپ، ئالەمدىن ئۆتكەنلەرمۇ سانسىز بولغانىكەن.

## 2613 كوزىچىلار شەھىرى

رىۋايەت قىلىنىشىچە: ئۇل زاماندا شەرقتىن جەنۇبقا قاراپ ماڭىدىغان بىر چوڭ يول ۋە شەھەرگە كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئايىغىدا ئىككى تاغ بولۇپ، بىرسىنىڭ ئىسمى «ئەجدىھا» تاغ (تۇمشۇق تېغى)، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى «بەربەر» تاغ (توققۇز ساراي تېغى) دەپ ئاتىلىدىكەن، سودىگەر-كارۋانلار ئەنە شۇ ئىككى تاغ ئارىسىدىن ئۆتىدىكەن. بۇ يەردە چوڭ كۆتۈش سارىيى بولۇپ ئىسمى «يوتو» (يوتو ئايمىقى) دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ئايماقنىڭ ئەمىر تۆمۈر دېگەن بىر چوڭ بېگى بولۇپ، پۈتۈن ئايماقنىڭ دائىرىسىنى توققۇز تارماق ئايماققا بۆلۈپ، 15 مىڭ ئائىلىنى ئاساس قىلغان ھالدا تارماق بەگلىك قۇرغان. بۇ بەگلەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، بىناكارلىق، سۇچىلىق، كوزىچىلىق، ئويما ۋە ھەيكەل تاراشلىق، قول بىلەن ئىشلىنىدىغان يىپەك يىپنى ئاساس قىلغان توقۇمىچىلىق، نەپىس - سەنئەتتاتار-لىقلار بىلەن شۇغۇللانغان. ھەر بىر تارماق بەگلىككە ئۈچ پوتەيدىن بەش پوتەيگىچە ئارىلىقنى بۆلۈپ بەرگەن.

بىرىنچى بەگلىك ئورۇنلاشقان ساراي شىمالىي تەرىپىدىكى داۋزا تاغ ئەتراپى بولۇپ، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان؛ ئىككىنچى بەگلىك

ئورۇنلاشقان سارايى جەنۇب تەرەپتىكى ھازىرقى بۆرىچى تېغى ئەتراپى بولۇپ، سۇچىلىقنى باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان؛ ئۈچىنچى بەگلىك ئورۇنلاشقان سارايى شەرق تەرەپتىكى ھازىرقى چوڭ تېم، قوش تېم، زەي تېم ئەتراپى بولۇپ، كۆزىتىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛ تۆتىنچى بەگلىك ئورۇنلاشقان سارايى شەرق تەرەپتىكى ھازىرقى بەش ئاچال ئەتراپى بولۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛ بەشىنچى بەگلىك ئورۇن-لاشقان سارايى جەنۇب تەرەپتىكى ھازىرقى تۇمشۇق تېغىنىڭ باش قىسمى ئەتراپى بولۇپ، بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللان-غان؛ ئالتىنچى بەگلىك ئورۇنلاشقان سارايى مەركىزدى باش ئايماق ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، ھازىرقى توققۇز سارايى تېغىنىڭ شەرق تەرەپتىكى دائىرىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ بەگلىك ھەيكەلتاراشلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛ يەتتىنچى سارايى شەرق تەرەپتىكى ھازىرقى ئارا مەھەللە دېگەن جاي بو-لۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛ سەككىزىنچى بەگلىك ئورۇنلاشقان سارايى چوڭ ئايماق ئوردىسىنىڭ شەرق تەرىپى ۋە شەھەر دۆڭى ئەتراپى بولۇپ، پاختىدىن ماتا توقۇش ۋە يۇڭدا پالاس توقۇش قاتارلىق توقۇمىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان؛ توققۇزىنچى بەگلىك ئورۇنلاشقان سارايى شىمال تەرەپتىكى ھازىرقى گۆر ئېقىن ئەتراپى بولۇپ، ھەر خىل تۇرمۇشقا كېرەكلىك نازۇك ماتېرىياللارنى ئىشلەپچىقارغان. بۇ كەسپلەردە ئىشلىگەنلەردىن ياخشىلىرىنى تاللاپ ئالتۇن، كۈمۈش بىلەن مۇكاپاتلاش، ئوردىنىڭ مۇھىم خىز-مەتلىرىگە تەيىنلەش يولغا قويۇلغان، ناچار ئىشلە-گۈچىلەرگە تىللى ۋە كۆزىنى ئويۇش، ئوردىغا تىرىلىك تۇر-

غۇزۇپ كۆمۈش، بالاچا قىلىرى بىلەن باشقا جايلارغا سۈرگۈن قىـ
لىنىش، زىندانغا تاشلاپ، ئاچلىق ئۇسسۇزلۇقتىن قىيناپ ئۆلتۈرۈش
قاتارلىق جازا ئۇسۇللىرىنى قوللانغان. شۇڭا ھەر بىر كەسـ
پىي بەگلىكلەردە كەسىپ تەرەققىياتى زور دەرىجىدە ئەۋج ئالـ
غان. ھەممە كىشىلەر ئۆز كەسپىي ماھارىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن
تىرىشقان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ماگسۇراجى بەگلىك قىلغان كوزىچىـ
لىق شەھىرى — «داڭلىق كوزىچىلار شەھىرى» دەپ نام ئالغان.
بۇ يەردە ئىشلەنگەن ھەر خىل شەكىلدىكى كوزا ـ كۆپلەر كۆرـ
كەم، چىدامىلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنى ھىندىستان، ئىراق، ئىران،
پېرسىيە قاتارلىق جايلاردىن مەخسۇس سودىگەرلەر كېلىپ،
ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ بېرىپ سېتىش ئارقىلىق نۇرغۇن پايدا
ئالغان. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، كوزا ـ كۆپ ياساش راسا
ئەۋجىگە چىققاندا، خىزمەتداننىڭ كۆپلىكىدىن يېقىن جاڭگاللىدىكى
ئوتۇنمۇ تۈگەپ، يىراقلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تاغلاردىكى قا ـ
رىغاي، ئارچا، توغراق قاتارلىق دەل ـ دەرەخلەرمۇ تۈگەپ،
شەھەر ئەتراپىدىكى تاغلارمۇ يالىڭاچلىنىپ قالغانلىقى قەيت
قىلىنغان.

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: كوزىچىلار شەھە ـ
رى كوزىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا داڭ چىقىرىپلا قالماستىن،
بۇ تارماق ئايماقتىكى يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان كىـ
شىلەرنىڭ ھەممىسى كوزا ئېتىش ھۈنەر ـ سەنئىتىنى بىلىـ
دىكەن. بۇنى ئۆگەنمىگەنلەرنى زىندانغا
تاشلاپ قىيناپ ئۆلتۈرىدىكەن، شۇڭا ھەممە كىشى بۇنى ئۆگىـ
نىشنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان. ئۇرۇشتا بۇ كەسىپ ئالاھىدە
ئەسقاتقانلىقى ئۈچۈن، ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشتا ئاساسلىق

ئۇرۇش قورالى قىلىنغان. شۇڭا ئۇلار داڭلىق كوزىچىلارنى ئىشلەپ-
چىقىرىشتا، ئۇرۇشتا قۇدرەت تاپقان. بۇ تارماق بەگلىككە كۆ-
زى چۈشكەن باشقا بەگلىكلەر ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن
ئۇرغۇنلىغان قىلىچ، نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان لەشكەر
بىلەن ھۇجۇم قىلىنغان بولسىمۇ، كوزىچىلار شەھە-
رىدىكى ئەزىمەتلەر ئاتقان كوزىلار خۇددى
ئاسماندىن ياراق چۈشكەندەك، تاجاۋۇزچىلارنىڭ باش-
كۆزلىرىگە تەگكەچكە، قىلىچ - نەيزىلىرىمۇ
كارغا كەلمەي، بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان.
شۇڭا ھەددى - ھېسابسىز كوزا، كۈپ سۇنۇقلىرى بۇ تارماق ئاي-
ماقنىڭ پۈتۈن زېمىنلىرىنى قاپلاپ كەتكەن، بۇ جاي خېلى ئۇزۇن
يىللارغىچە كوزا ئېتىش ماھارىتى ئارقىلىق قۇدرەت تېپىپ نامچى-
قارغان. بۇلارنىڭ نام - شۆھرىتىنى ئاڭلىغان ئۇدۇن، سۇلىپ
ئەتراپىدىكى باشقا چوڭ بەگلىكلەرمۇ بىر قانچە قېتىم ھۇجۇم
قىلىپ كىرىپ، مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، دەريا - كۆللەردى-
كى تۇغانلارنى كېسىپ، سۇ قويۇپ بېرىش ئارقىلىق كوزىچى-
لار شەھىرىنى سۇ ئاستىغا غەرق قىلىۋەتكەن. يوتقان ئايمىقى
ۋە كوزىچىلار شەھىرىنىڭ ئۈستىدە ئۈچ يىلغا يېقىن سۇ ئاق-
قان، ئامان قالغان ئادەملەر تاغ ئۈستىگە چىقىپ ئۆي - ئىما-
رەتلەرنى سېلىپ، تاغ ئۈستىدە ياشىغان. توققۇز ساراي تېپى-
غى بىلەن تۇمشۇق تېغى ئوتتۇرىسىدىكى زېمىندا بىر نەچچە
مېتىر چوڭقۇرلۇقتا سۇ توختاپ كەتكەچكە، كېمە بىلەن ئۆتۈپ
پائالىيەت ئېلىپ بارغان. سۇ سىڭىپ قۇرۇپ كەتكەن يەرلەر-
دە قايتا دېھقانچىلىق قىلىپ ھايات كەچۈرگەن. ئەنە شۇچاغدا
ئامان قالغانلار قايتا ھايات يولىنى تاپقان. لېكىن، كۆپلىگەن
ئادەملەر سۇ ئاستىدا ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئادەملىرى ئازىيىپ كەت-
كەن، ئەينى زاماندا قۇدرەت تاپقان كوزىچىلار شەھىرىنىڭ
نامىلا قالغان.

## 2110 ئەقىللىق قىز ئايتۇرا

رىۋايەت قىلىنىشىچە: ئۇلزاماندىكى لەيلى تاغ ئەتراپىدا بىر ئوتۇنچى بوۋاي ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ 18 ياشلىق ئايتۇرا ئىسىملىك بىر قىزى بولۇپ، بۇ قىز ئانىسىدىن بەش ياش ۋاقتىدىلا يېتىم قالىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن دادىسى بېقىپ چوڭ قىلغانىكەن. قىز دادىسى بىلەن ھەر كۈنلىكى جاڭگالدىن كۆزىچىلار شەھىردىكى خالتۇرا ئىسىملىك خۇمدان بايۋەتچىسىنىڭ خۇمدىنىغا ئوتۇن توشۇيدىكەن، لېكىن، توشۇغان بىر ھارۋا ئوتۇنغا ئۈچ چاڭگال تېرىق تالقىنى بېرىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئوتۇنچى ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. لېكىن خالتۇرا بايۋەتچىنىڭ كۆزى ئايتۇرا قىزغا چۈشكەچكە، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، خالتۇرا بايۋەتچى ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ، كېسەل ياتقان ئوتۇنچىغا يالغاندىن رەھىمدىللىك قىلغان بولۇۋېلىپ، ئاستىرتتىن ئايتۇرانى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىپتۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئوتۇنچى كېسەلدىن ساقىيالماي پانىي ئالەمدىن باقى ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. ئايتۇرا قىز يىغلا - قاخشا دادىسىنى يەرلىكىدە قويۇپ، دادىسىنىڭ ئورنىدا جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇپ، سېتىپ كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى ھېلىگەر خالتۇرا ئايتۇرانىڭ ئۆيىگە كېلىپ، دادىسىنىڭ نامىدا يالغاندىن ئۆزى ياسىغان قەرز ھۆججەتلىرىنى كۆرسىتىپ، قىزنى قەرز تۆلەشكە

قىستاپتۇ. لېكىن ئايتۇرا قىز دادىسىنىڭ قەرزدار ئەمەسلىكىنى بىلسىمۇ، بۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، دادىسىنىڭ ئورنىغا ئۆزى ئوتتۇن توشۇپ قەرز تۆلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. لېكىن، خالتۇرا ئۇنىڭ ئوتتۇن توشۇپ قەرز تۆلىشىنى ماقۇل كۆرمەي، ئۆز ئۆيىنىڭ خىزمىتىنى قىلغاندىن باشقا، 1000 دىن ئارتۇق خۇمداندا ئىشلەيدىغان قوللارغا ئاش ـ تاماق ئېتىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ، قىزنىڭ قورسىقىغا بىر پىلان كىرىپ بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بوپتۇ. قىزنى پايلاپ يۈرگەن ھېلىگەر بايۋەتچى خالتۇرا ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قىزنى چاقىرىپ كېلىپ دەپتۇ:

— قىزىم سېنىڭ ياتلىق بولىدىغان ۋاقتىڭ ئېشىپ كەتتى. قولۇمدىكى خوتۇنۇمنى سېتىۋېتەي، سەن ماڭا تەگسەڭ؟

— ئۇنداق بولسا، ـ دەپتۇ ئايتۇرا قىز، ـ تەگسەم تېگەي، قولۇڭدىكى خوتۇنۇڭنى سېتىۋەت.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھاۋايى ـ ھەۋەسى قوزغالغان ھېلىگەر بايۋەتچى تويىنى باللدۇراق قىلىش ئۈچۈن خوتۇنىنى سېتىۋېتىپ، توي تەييارلىقىغا تۇتۇش قىپتۇ. توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ھېلىگەر بايۋەتچى قىزنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئايتۇرا، تويىمىزنى قاچان قىلساق بولار، ـ دەپتۇ. قىز:

— تويىنى باشلاشتىن بۇرۇن، مۇنۇ ئۈچ شەرتكە ماقۇل بولسىڭىز، قاچان قىلساق مەيلى، ـ دەپتۇ.

خۇشاللىقى ئىچىگە پاتمىغان خالتۇرا قىزغا يېلىنىپ:

— جان ـ جىگىرىم ئايتۇرا، ھېلىقى ئۈچ شەرتكەن، مىڭ شەرت بولسىمۇ، شەرتىڭىزنى ئادا قىلىمەن، ـ دەپتۇ.

— بىرىنچى شەرتىم، ـ دەپتۇ قىز، ـ دادام ھاياتلىقىدا ئالغان

قەرزنى ئالدى دەپ يالغان ھۆججەت ياسىغانلىقىڭىزنى ئىقرار قىل-
لىپ، موھۇرىڭىزنى بېسىپ ھۆججەت بېرىسىز. ئىككىنچى شەرتىم، قانـ
چە ئورۇندا مەخپىي زىندانىڭىز بار؟ قامالغان قۇللارنىڭ سانى قانـ
چە؟ سانىنى ئوچۇق ئېيتىپ بېرىسىز. ئۈچىنچى شەرتىم، بىر نەچچە
يىللاردىن بۇيان توپلىغان مال-دۇنيالىرىڭىزنىڭ سانىنى
ئوچۇق ئېيتىپ بېرىسىز ھەم شۇ نەرسىلەرنى ماڭا ئېرچۇق
كۆرسىتىسىز. ئۇنداق بولمىسا، مەن بىلەن قەلبى بىر ئەمەس-
كەن، نىيىتى ئالا ئىكەن، مەڭگۈ ئۆي تۇتۇشالمايدىكەنمىز دەپ
چۈشۈنىمەن.

ھېلىنىگەر بايۋەتچىمۇ بۇ شەرتلەرگە ماقۇل بولۇپ،
ھەممىسىنى قىزنىڭ دېگىنىچە ئورۇنلاپتۇ. بىر ئايدىن كېيىن،
توي قىلىشقا پۈتۈشۈپتۇ. ئەقىللىق قىز ئايتۇرا دەرھال
پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي كوزا قۇيىدىغان بىر ئۇستىكارنى
تېپىپ يوغان بىر كۆپ ياساشنى ئېيتىپتۇ. بۇ ئۇستىكارمۇ
ماقۇل بولۇپ، ھەش-پەش دېگۈچە بىر چوڭ كۆپ
ياساپتۇ ۋە قىزدىن سوراپتۇ:

— قىزىم، بۇ چوڭ كۆپنى ياساتىپ نېمە قىلىسىز؟

— ئۇستىكار، بۇنى سىز سورىمىسىڭىز بولاتتى. سوراپ
قالدىڭىز، سىزمۇ مۇشۇ بايۋەتچىنىڭ قولىدا ئىشلەۋاتقان بىر
قۇلغۇ دەيمەن؟

— ھە، مەن بۇ بايۋەتچىنىڭ يىگىرمە يىللىق قۇلى، —
دەپتۇ ئۇستىكار.

— بالا-چاقىڭىز يوقمۇ؟

— بالا-چاقام مۇشۇ خۇمدانىنىڭ ئىچىدە.

— ئىشلەۋاتامدۇ؟

— ياق، خۇمداندا كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتكەن-

— نېمە سەۋەبتىن كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتتى؟

— دەي دېسەم، ئۆزەمدىن قورقىمەن، ھاياتىم تۈگەيدۇ، — دەپتۇ ئۇستىكار.

— ھېچقانداق كىشىگە بۇ مەخپىيەتلىكىڭىزنى ئېيتماسلىققا ۋەدە بېرەي، — دەپتۇ ئەقىللىق قىز ئايتۇرا.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئۇستىكار، — سىز بەكمۇ چوڭقۇرلاپ سوراپ قالدىڭىز، مېنىڭ بالا - چاقاملا ئەمەس، مۇشۇ خۇمداندا ئىشلەۋاتقان مىڭ قۇلنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىسى خۇمداندا كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتتى. خۇمدان بايۋەتچىسى خالتۇرا ئۇچىغا چىققان زىناخور بولغاچقا، كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن قۇللارنىڭ ئاياللىرىنى ئاياغ - ئاستى قىلىدى. قارشىلىق كۆرسەتكەن ئەرلەرنى زىندانغا سېلىپ، ئاياللارنىڭ بالىسى بولسا بالىسى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈپ، كۆپكە سولاپ، كېچىسى ئوغۇرلۇقچە خۇمداندىكى پىشۇرۇلىدىغان كۆپ - كوزىلارنىڭ قاتارىغا تىزىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئەرلەر شۇ سەۋەبتىن زىنداندىن مەڭگۈ چىقالمايدۇ. ئۆلسە ئورا كولاپ كۆمۈۋېتىدۇ. مەن خوتۇنۇمنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ قالغاندىن كېيىن، ھېلىگەر خالتۇراغا گەپ - سۆز قىلسام، ئۈچ يىلغىچە زىندانغا سولاپ قاتتىق ئازابلىدى. ئاخىرى «لاتىمىنات» بۇتى ئالدىدا دەۋا - دەستۇرىم يوق دەپ ھۆججەت بەرگەندىن كېيىن، زىنداندىن چىقتىم. چىقسام بالا - چاقام خۇمداندا كۆيدۈرۈلۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇلۇپتۇ. بىر كۈنىمىز بولسا، كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، خۇمداندا ئىشلەۋاتىمەن. بىز قۇللارنىڭ پۇلىمىز ياكى يۆلەنچۈكىمىز بولمىغاچقا،

ئازابتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمىز. قەيەرگىلا بارساق، قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، قەيەرگە بارساق، تاشلاندۇق قۇللارنىڭ ئۆلۈكلىرى قاغا - قوزغۇنلارغا يەم بولۇۋاتقان، كىشىلەردىن ئاڭلىسام، كۈن پېتىش تەرەپتىكى تاغنىڭ مەلۇم يېرىدە قاچقان قۇللارنى تۇتۇۋېلىپ كۆمۈدىغان ئورغۇنلىغان زىندان بارمىش. قىزىم، سەنمۇ داداڭنىڭ قەرزى ئۈچۈن سېتىلىپ، بۇ يىرتقۇچ يالماۋۇزنىڭ ئاغزىغا كەپسەن. بۇنىڭدىن قۇتۇلماق تەس.

— ئۇستىكار، سىز بۇنىڭدىن ھەرگىز غەم يېمەڭ. مېنىڭ بۇنىڭغا قارىتا مۇۋاپىق چارەم بار، — دەپتۇ ئايتۇرا قىز، — «ئورنى كەم كولىسا، ئۆزى چۈشەر» دېگەن ھېكمەتلىك گەپ بار. بىز قۇللارنىڭ ھايۋانچىلىكمۇ ئەتىۋارىمىز يوق. قايسى قۇل قېچىپ قۇتۇلالىغان دەيسىز؟ «ئىزدەنگەن يول تاپار» دېگەن گەپ بار. كىشىلەردىن ئاڭلىسام، بىر نەچچە ئون يىل ئىلگىرى مۇشۇ ئايماق بېگىنىڭ بىر قىزى بار ئىكەنمىش، ئۇ قىز ئەقىللىق ھەم چىرايلىق ئىكەن، ئۇ، زۇلۇم ۋە زوراۋانلىققا قارشى بولغىنى ئۈچۈن، بالاغەتكە يەتكەندە بىر قۇلنىڭ ئوغلىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. قىز شۇنىڭغا تەگسەم دەيدىكەن، لېكىن بەگ ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بەگلىكلەردىكى بەگلەرنىڭ بالىلىرىغا بەرسەم دەيدىغان قاراشتىكەن. بىراق قىز ئۆزىنىڭ سۆيگەن يارىدىن باشقىغا تېگىشكە نارازى بولۇپ قاتتىق تىرىۋالغاچقا، ئاخىرى ئايماق بېگى بىر نەچچە پاتمان چوڭلۇقتىكى تاشنى تەييارلاپ «كىمىدە - كىم مانا بۇ تاشنى يەردىن ئۈزۈپ ئېلىپ، يىراققا ئاتالىسا، قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىمەن، ئەگەر يەردىن ئۈزەلمىسە، كاللىسىنى تې-

نىدىن جۇدا قىلمىغان» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. نۇرغۇن يىگىتلەر بۇ تاشنى يەردىن ئۈزەلمەي ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ. قىز دادىسىنىڭ بۇ ۋەھشى ھەرىكىتىگە قاتتىق غەزىپى كېلىپ، بۇ يەردە تۇرسام، نۇرغۇن ياش — يىگىتلەر جېنىدىن ئايرىلىدىكەن، دەپ، ئاخىرى ياخشى كۆرگەن يىگىتى بىلەن قېچىپ، بىر تاغنىڭ ئۆڭكۈرىنى ماكان تۇتۇپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوزۇقلۇق قىلىپ، بىر نەچچە يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ. قىز بۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە بەش ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بىر كۈنى قىز ئەرەنچە ياسىنىپ ئېرى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. قاردىغۇدەك بولسا، جاڭگال ئىچى جەسەتلەر بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. شۇ ئارادا قىزنىڭ ئالدىغا بىر ئوتۇنچى بوۋاي ئۇچراپ قاپتۇ. قىز ئۇنىڭدىن:

— ھەي ئوتۇنچى تاغا، جاڭگال ئىچى ئادەم ئۆلۈكى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. سەۋەبى نېمە؟ ياكى بىرەر ئۇرۇش بولۇپ ئۆتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، ئۇرۇشمۇ بولمىدى، — دەپتۇ ئوتۇنچى بوۋاي. قىز ئۇنىڭدىن يەنە سوراپتۇ:

— ئۇنداق بولمىسا، بۇ ئۆلۈكلەر نېمە ئانچە كۆپ؟ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

— ئېيتىپ بەرسەممۇ بېرەي — دەپتۇ ئوتۇنچى بوۋاي، — مۇشۇ تاغنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى «خەيبەر» دېگەن ئايماقنىڭ بىر بېگى بولۇپ، ئۇنىڭ ساھىپجامال بىر تاللا قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىز بىر قۇلنىڭ بالىسىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەمما دادىسى ئۇنىڭغا بېرىشكە ناقايىل بولۇپ ناھايىتى چوڭ تاشنى تەييارلاپ، «كىم تاشنى كۆتۈرەلىسە، شۇنىڭغا بېرىمەن»

دەپتۇ. تۇرغۇزۇلغان يىگىتلەر بۇ تاشنى كۆتۈرەلمەي جىنىدىن جۇدا بوپتۇ. شۇ ئەسنادا بەگنىڭ قىزى ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتى بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، بەگ ھەر كۈنلىكى 50 لەشكەر چىقىرىپ قىزىنى ۋە ئېلىپ قاچقان قۇلنىڭ ئوغلىنى تىرىك تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. لېكىن چىققان لەشكەرلەر قىز بىلەن يىگىتنىڭ دېرىكىنى ئالالماي، قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بەگ ئاچچىقىدا ئۇلارنى دارغا ئېسىپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكىنى مانا مۇشۇ جاڭگاللىغا تاشلاتقۇزدى. بىر نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇنداق قىرغىنچىلىق داۋاملىشىۋەرگەچكە، جاڭگال ئىچى ئۆلۈك بىلەن توشۇپ كەتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىزنىڭ دادىسىغا قاتتىق غەزىپى كېلىپ، مەن ئۈچۈن دادام شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپتۇ. كىشىلەرنىڭ دادامدىكى قان قەرزىنى چوقۇم ئېلىپ بېرىشىم كېرەك دەپ ئويلاپ، ئەر ـ خوتۇن، بالىسى بولۇپ يەتتە كىشى بىر يىلغا يېقىن بىر نەچچە خىل ئۇرۇش ماھارىتىنى ئۆگىنىپتۇ. بەش ئوغلى ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرۈپ دۈشمەننىڭ كاللىسىنى قىلىچ بىلەن ئېلىش ماھارىتىنى ئۆگىنىپ بولۇپتۇ. ئاخىرى قىز دادىسىغا: «مەن ئوردىڭىز ئورۇنلاشقان تاغنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تاغدا ھايات كەچۈرۈۋاتىمەن، سىز مەندىن ھەرگىز قايغۇرماڭ، ياشلىقىمۇ سىزنىڭ بېشىڭىزدىن ئۆتكەن» دەپ بىر پارچە خەت يېزىپ ئەۋەتىپتۇ. بەگ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، دەرھال تولۇق قوراللانغان 100 لەشكەرنى تەييارلاپ، ئۆز قىزىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. قىز تەرەپمۇ ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ

تۇرغاندا، لەشكەرلەر ھەيۋە بىلەن يېتىپ كەپتۇ. يەتتە يې-
لەن ھەش - پەش دېگۈچە ئۆزىنىڭ ئۇستا ماھارەتلىرىنى
ئىشقا سېلىپ، كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قى-
لىپتۇ. بۇ خەۋەر دادىسىغا يەتكەندىن كېيىن، ئوردىنىڭ ئا-
تاغلىق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئۆزى بىرگە كەپتۇ. قىزمۇ ئې-
گىز تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. بۇلارمۇ يېتىپ
كەپتۇ. قىز دادىسىغا قاراپ:

— دادا، ئۆزلىرى بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن كەلدى-
لىكىن؟ — دەپتۇ.

— سەن مېنىڭ دادىلىق يۈز - خاتىرەمنى قىلمىدىڭ.
شۇ سەۋەبتىن سېنى ۋە ئېلىپ قاچقان بەدبەختنى تۇتقىلى كەل-
دىم، — دەپتۇ دادىسى. قىز دادىسىغا:

— دادا بۇ پەيلىڭىزدىن يانسىڭىز قانداق؟ — دەپتۇ.
دادىسى:

— سېنىڭدەك شەرمى - ھايا، نومۇسنى بىلمەيدىغانلارغا
ئۆلۈم جازاسى بەرگىلى كەلدىم، — دەپتۇ. قىز:

— دادا شۇنچە كىشىلەرنىڭ جېنىغا زا-
مىن بولدىڭىز؟ سىز كۆپ قان - قەرزىگە بوغۇلدىڭىز.
سىز ھامان بۇ قان قەرزنى تۆلىمەي قۇتۇلالمايسىز؟ سىزنىڭ بۇ
تۈگىمەس جېنايىتىڭىزنى تەڭرىمۇ كەچۈرمەيدۇ؟ — دەپتۇ. ئۆز
قىزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان بەگ جاللاتلىرىغا:

— چاپ! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. قىزمۇ ئوغۇللىرىغا كۆز
ئىشارىسى ئارقىلىق بۇيرۇق قىلغانىكەن، ئوغۇللىرى تاغدىن
ئۇچۇپ چۈشۈپ، بىر قازان ئاش پىشقىچە ئارىلىقتا ئۇچۇپ يۈ-

روپ، پۈتۈن لەشكەرلەرنىڭ كاللىسىنى قاپاقنىڭ بويىنىنى ئالغاندەك ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن دادىسى ئوردىغا بەدەر قاراپ تىكىۋېتىپتۇ. يەتتە يىلەن دەرھال ئولجا ئالغان ئاتقا مىنىپ، ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار كەلسە، دادىسى ئوردا دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقاپ، سېپىل ئۈستىگە قاراۋۇل تۇرغۇزىتىپ بوپتۇ. بەش ئوغۇل ئۆزلىرىنىڭ ئۇچۇش كاراماتىنى ئىشقا سېلىپ، سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللارنى جىمىقتۇرۇپ، ئوردىغا كىرىش دەرۋازىسىنى ئېچىپ ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بەگ قىزىنىڭ ۋە نەۋرىلىرىنىڭ كارامەت پالىۋان بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، قىزىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

— قىزىم، — دەپتۇ بەگ، — بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئوردىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ساڭا بەردىم، بۈگۈندىن باشلاپ توي مەرىكەڭنى ئۆتكۈزۈپ بېرەي، بۇ شەھەرنى سەن سورىغىن.

قىز دادىسىنىڭ ئورنىدا بەگلىك قىپتۇ ۋە ئۆزى تۇرغان ھېلىقى تاغقا بىر تۈركۈم ئائىلىلەرنى كۆچۈرۈپ باغۋاران بىنا قىپتۇ. زىنداندىكى قۇللارنى ئازاد قىلىپ، بۇ ئايماقنى ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ...

ئايتۇرانىڭ بۇ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان كوزىچى ئۇستىكار:

— قىزىم، سېنىڭ قولۇڭدىن شۇنداق ئىشلار كېلەرمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— «تەدبىرلىك ئادەم يول تاپار» دېگەن گەپ بار. چارە قىلساق، ئىشىمىز ئوڭغا تارتىپ قالار، — دەپتۇ قىز. كوزىچى قوبىغان كۆپىنى قىزغا مەخپىي كۆرسىتىپتۇ.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىگەر خالتۇرا باي-
ۋەتچى قىزنىڭ ھوجرىسىغا يەنە كىرىپ، توي ئۈستىدە پاراڭ-
لىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. قىز دەرھال پۇرسەتنى قولدىن بەر-
مەي بازاردىن مەس قىلىش دورىسى سېتىۋېلىپ، شۇ كۈنى
خالتۇرا باي ۋەتچىنى ئۆز ھوجرىسىغا چاقىرتىپ كېلىپ، ئال-
دىغا دوستىخان سېلىپ، مەس قىلىش دورىسى چېلىنغان چاينى قويۇپ-
تۇ. ھېلىگەر باي ۋەتچىمۇ پۇرسەت كەلدى دەپ، خوشاللىقتا چاي-
نى گۈپۈلدىتىپ ئىچىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن، قاتتىق مەس بو-
لۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئايتۇرا قىز دەرھال كوزىغا كۆيپنى
ئەكەلدۈرۈپ، ئىككىسى ھېلىگەر خالتۇرا باي ۋەتچىنى كۆپ
ئىچىگە سولاپ، ئاغزىنى لاي بىلەن مەھكەم ئېتىپ، پۇشۇرۇ-
لىدىغان كۆپلەر قاتارىغا تىزىپ، دەرھال ئوت يېقىپ كۆيدۈ-
رۈپتۇ. بۇنى كوزىچى بىلەن قىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ھېلىگەر باي ۋەتچىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بې-
رىپ، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن قۇللارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ
بالا-چاقىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن خۇمدان
ھەم زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ توپلىغان مال-دۇنيالىرى-
نى قۇللارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، قۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئا-
زاد قىلىۋېتىپتۇ. ئاردىن بىردىم يىل ئۆتكەندە، ئەتراپتى-
كى قولۇم-قوشنىلار ھېلىگەر خالتۇرا باي ۋەتچىنىڭ ئىزدى-
رىكىنى قىلىپ، چوقۇم قۇللار ئۆلتۈرۈۋەتتى دېگەن گۇمان بى-
لەن تارماق-ئايماق بەگلىكىگە مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان
بەگ لەشكەر ئەۋەتىپ، نۇرغۇن قۇللارنى تۇتۇپ كېلىپ سوراق
قىپتۇ. لېكىن بىرسىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە ئىقرار قىلماپ-
تۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى زىندانغا تاشلاپتۇ. قۇللارنىڭ

بالا ـ چاقىلىرى ۋەھىمە ئىچىدە قاپتۇ. بۇ ئىشقا چىداپ تۇرالـ
مىغان ئايتۇرا قىز بەگ ئوردىسىغا بېرىپ «خالتۇرا باي ۋەتـ
چىنى ئۆلتۈرگەن مانا مەن» دەپ ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. بۇـ
نى ئاڭلىغان بەگ سۈرۈشتە قىلماستىنلا قىزنى دارغا ئېسىپ
ئۆلتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. جاللاتلار قىزنى سۆرەپ دار
ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئايتۇرا قىز قىلچە قورقماستىن قاقاـ
لاپ كۈلگەن پېتى مەغرۇر قىياپەتتە:

— توختا!ـ دەپ سىرتماقنى جاللاتلار قولىدىن تارتىـ
ۋاپتۇ ۋە سەنابەر مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراۋاتىسەن، ئالدىـ
راشما، بەگدىن سورايدىغان ئىككى تۈرلۈك سوئالىم بار. ئېيـ
تىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆلتۈرسەڭمۇ كېچىكمەيسەن. بۇنى
دېمەي كەتسەم، بەگ ئەل ئىچىدە مېنىڭ ئۈۋالىمغا قالىدۇ.
مەنمۇ بەگنىڭ پەرمانىغا بويسۇنۇپ دار ئالدىغا كەلدىم.
مەن دۇنياغا كېلىپ ھاياتلىقىمدا تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېـ
تىماي، غۇنچە گۈلۈم ئېچىلماي كەتسەممۇ مەيلى، مەن ھەرگىز
پۇشايمان قىلمايمەن. مۇراد ـ مەقسىتىمگە يەتتىم، لېكىن
بۇ دۇنيا مېنى قوينىغا ئالمىدى. ئەمدى قارا يەر قوينىغا
ئېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن، بەگمۇ نامەرتلىك قىلمىسۇن،
ئاۋازىمنى ئاڭلىسۇن،ـ دەپتۇ. جاللاتلار قىزنىڭ سۆزىنى ئەيـ
نى بويىچە بەگكە يەتكۈزۈپتۇ. بەگمۇ قىزنىڭ سورىغان سوـ
ئالىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن ئالدىغا كەپتۇ.

— ھە، نېمە گەپ ـ سۆزۈڭ بار؟ــ دەپتۇ بەگ. ئايتۇـ
را قىز مەردانىلىق بىلەن:

— سەن مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدۇڭ، ئۆلۈشتىن بۇرۇن

سېنىڭدىن سورايدىغان ئىككى تۈرلۈك سوئالىم بار، — دەپتۇ.

— قېنى ئېيت!— دەپتۇ بەگ.

— سېنى ھەممە كىشىلەر ئادىل بەگ ياكى ئىككىنچى بىر نۇشىرۋانى ئادىل دېيىشىدىكەن. شۇڭا مەن سېنىڭ راست ئادىل ياكى يالغان ئادىللىقىڭنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، مەن ھېلىگەر باغۋەنچىنى ئۆلتۈردۈم، دەپ ئۆزەمنى مەلۇم قىلسام، سەن سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرمەيلا مېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدىڭ. جاۋاب بېرىپ باققىن! مېنىڭ ساڭا قويىدىغان بىرىنچى سوئالىم، قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىغانلار ئادىل كىشىلەر بولىدۇ؟— دەپ سوراپتۇ ئايتۇرا قىز. بەگ:

— دۇنيادىكى بارلىق ئىشلارغا ئادىللىق بىلەن توغرا باھا بېرىش ۋە ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىش، ھەممىدە پۇقرانى ئويلاش، كەمتەر، مەرىپەتپەرۋەر بولۇش، ھاياتلىقىدا ياخشى نام قالدۇرۇشتىن ئىبارەت شەرتنى ھازىرلىغانلار ئادىل كىشىلەردۇر، — دەپتۇ. ئايتۇرا قىز بەگكە:

— ئانداق بولسا، سەن مېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدىڭ. سەن مۇشۇ ھۆكۈمىڭنى ئادىل دەپ قارامسەن؟— دەپتۇ.

— ئەلۋەتتە، ئادىل دەپ قارايمەن.

— نېمىگە ئاساسەن ئادىل دەپ قارايسەن؟

— چۈنكى، سېنىڭ ئېغىز ئىقرارىڭغان ئاساسەن ھۆكۈم قىلدىم.

— دۇرۇس، مەن ئىقرار قىلدىم. سەن مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلىپ باقتىڭمۇ؟

— ياق.

— سېنىڭ مۇشۇ ھۆكۈمىڭنى ئادىللىق دېگىلى بولامدۇ؟

ئەمدى سىزرۇشتۇرسەڭمۇ كېچىكمەيسەن. چۈنكى، مەن تېخى ھە-
يات، بۇ ھۆكۈمىڭ ئادىل ئەمەس. ئىككىنچى سوئالىم،— دەپ-
تۇ قىز بەگكە،— مەنغۇ قان قىساسقا بوغۇلغان ھېلىگەر باي-
ۋەتچىنى ئۆلتۈرۈپتىمەن. ئۇنىڭ بىر نەچچە يۈز قۇللارنى ۋە
ئۇلارنىڭ بالا-چاقىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خەۋىرىڭ بار-
مۇ-يوق؟

— قول ئاستىمدىكىلەر ئېيتقىلاپ، خالتۇرا باي ۋەتچىنىڭ
ئادەم ئۆلتۈرمىگەنلىكىگە دائىر ئىسپاتلاردىن خەۋىرىم
بار،— دەپتۇ بەگ.

— ئەي جانابى بەگ،— دەپتۇ قىز،— سەن ئىشلارنى ئا-
دىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلالماي، خاتا ھۆكۈم قىلىۋاتقان
ئەھۋالدا، قول ئاستىڭدىكىلەر قانداقمۇ ئادىللىق بىلەن
ئىش قىلسۇن؟ ئۇلار ئادىللىق بىلەن ئىش قىلمى-
غاچقا، خالتۇرا باي ۋەتچىنىڭ ھەيۋىسى تېخىمۇ يوغىناپ، بىگۇناھ
قۇللارنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈردى. ئۇ تۈگىمەس قان قىساسقا
بوغۇلدى. شۇل سەۋەبتىن مەن بۇ ھېلىگەر باي ۋەتچىنى ئۆلتۈ-
رۈپ، نۇرغۇنلىغان گۇناھسىز قۇللارنى ساقلاپ قالدىم. ئەگەر
مەن ئۇنى ئۆلتۈرمىسەم، ئۇ يەنە نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ قۇللارنى
ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا بېرىلگەن مەخپىي جازا دەل جا-
يىدا بولدى. لېكىن، مەن ئۇنى ئۆلتۈرسەممۇ، ئۇنىڭدا يەنىلا
نۇرغۇن قان قىساسى قالدى، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشتە نۇرغۇنلى-
غان دەلىل-پاكىتلارغا ئاساسەن ئۆلتۈردۈم. ئەنە قارا! ئۇ-
نىڭ ئۆلتۈرگەن جەسەتلىرى ئاشۇ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان كۆپ-
نىڭ ئىچىدە بار.

قۇللار دەرھال كۆپ ئىچىدە كۆيدۈرۈلگەن جەسەتلەرنى

بەگنىڭ ئالدىغا قاتار تىزىپ قويۇپتۇ، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بەگ ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ھېلىگەر بايۋەتچى خالتۇرانىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىنى ئېنىقلاشقا بارغان ئوردا خىزمەتچىلىرىنى يىغىپ ئۆمۈرۋايەت زىندانىدا يېتىشقا ھۆكۈم قىلىپ، ئاپتۇرا قىزىنى ئۆلتۈرۈش پەرمانىنى شۇ مەيداندىلا بىكار قىلىپ، قىزنىڭ باتۇر، ئەقىللىق، دانىشمەن ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپتۇ، قىزنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن، ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىلىپ، ئوردىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەپتۇ. لېكىن، قىز بۇنىڭغا ماقۇل بولماي، ئىلگىرى ھەيدەپ كەلگەن ھارۋىسىنى ئېلىپ، داۋزىتاغ ئەتراپىدىكى كونا ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

شۇ زاماندا ھېلىگەر بايۋەتچى خالتۇرا قوللارغا سالدۇرغان چوڭ خۇمدانىنىڭ بىرىسى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان، ئۇ قوللارنى كۆيدۈرگەن خۇمدان بولغاچقا، تۆپىسى قىپ - قىزىل بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئىسمىنى «قىزىل دۆڭ» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. قالغان خۇمدانلارنىڭ ئىز ئورنى يوقىلىپ كەتكەن.

## 2707 «لاتىمنات» بۇتىنىڭ چىقىلىشى

رىۋايەت قىلىنىشىچە: ئىسلام دىنىي كىرمەستىن بۇرۇن، «شەھرى بەر-بەر» (ھازىرقى تىلدا ئاتىلىپ كېلىۋاتقان توققۇز ساراي قەدىمكى شەھرى) بەگلىكىدىكى تۈرك قەۋملىرىنىڭ ھەممىسى بۇتپەرەس ئىكەن. شۇڭا بەگلىك ئورۇنلاشقان شەھەرنىڭ تاغ قىسمىدىن باشقا ئەتراپىنىڭ ھەممە يېرىنى ئېگىزلىكى 28 گەز كېلىدىغان لاي بىلەن ئىشلەنگەن سېپىل ئوراپ تۇرغان. سېپىل ئۈستىدە ھەر 250 گەز ئارىلىقتا مۇداپىئە ئۆيلىرى تۇرغۇزۇلغان. شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىگە تۆمۈردىن چەمبەرلەنگەن ئىككى قانات چوڭ دەرۋازا ئورنىتىلغان بولۇپ، بىر قانىتىنىڭ ئېگىزلىكى 15 گەز، قېلىنلىقى بىر گەز كېلىدىكەن. دەرۋازىنى ئاچقاندا ھەر بىر قانىتىنى 30 دىن 60 ئادەم ئاچىدىكەن. دەرۋازا ئالدىغا بىر يېرىم يىل سەرپ قىلىپ، 20 گەز ئېگىزلىكتە بىر چوڭ «لاتىمنات» بۇتى تۇرغۇزۇلغانىكەن، شەرق تەرەپتىن كەلگەن سودىگەرلەر ئات-ئۇلاغدىن چۈشۈپ، تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، ئېلىپ كەلگەن ياخشى يېمەكلىكلەرنى قاچىسىغا تىزىپ قويۇپ، بۇتنى قوغدىغۇچى شەيخلەرگە پۇل ۋە ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ياخشى ماللىرىدىن بېرىپ، تارتۇقلىغاندىن كېيىن، شەيخنىڭ رۇخسىتى ئارقىلىق شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرەلەيدىكەن. غەرب تەرەپكىمۇ ئاشۇنداق چوڭ دەرۋازا ئورنىتىل-

غان بولۇپ، بۇ دەرۋازا ئالدىغىمۇ شەرق دەرۋازا ئالدىغا تۇر-
غۇزغان بۇتنىڭ چېگىلۇقىدا «ئايال ئېلاھى» بۇتىنى ئورنا-
تقاندىن سىرت، بىر چوڭ مەيدان بولۇپ، بۇ مەيداننىڭ قاپ-
ئوتتۇرىسىدا 200 دىن 300 غىچە، بىر رىۋايەتتە 400 دىن
600 غىچە بۇددا تالىپلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مەدرىس بار
ئىكەن. غەربىي چوڭ دەرۋازىسىدىن سولى - سولۇق (قەشقەر)،
ئۇدۇن (خوتەن)، يازكەنت (يەكەن)، پامىر قاتارلىق جاي-
لاردىن كەلگەن كارۋان - سودىگەرلەر شەرق دەرۋازىسىدىكى
رەسمىيەتلەرگە ئوخشاش، رەسمىيەت بېجىرىپ بولغاندىن
كېيىن، ئاندىن شەھەرگە ئىچكىرىلەيدىكەن. چوڭ سېپىل
دەرۋازىسىدىن كىرگەندىمۇ يەنە بىر قانچە قات سېپىل دەر-
ۋازىسىدىن كىرىشكە مەجبۇر بولىدىكەن. بۇ شەھەر ھەر
خىل ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن 17 قېتىم قاتتىق
ۋەيران قىلىنىپ، 18- سىدە قايتا گۈللەندۈرۈلگەن.
رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە: بۇ ئايماقنىڭ چوڭ بېگى بۇددا
دىنى مەدرىسىدە ئوقۇغان كۆسەنلىك تۇراچى بولۇپ،
بۇلاڭ - تالاڭ ئارقىلىق ئۆز ئەمرىگە ئېلىۋالغان خوتۇنى
20 دىن ئاشىدىكەن. ھەر بىر خوتۇنى ئۈچۈن ھەر كۈنلۈكى
يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە ئادەملەرگە زەرەپشان دەرياسىدىن
سۇ تۇتۇش سەيىسى قويۇپ، كۆپ - كۆزلەردە سۇ توشۇپ،
داڭلىق ئۆستەڭلارنى تولاپ، ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدا
ئالاھىدە ھەشەمەتلىك سارايلارنى سالدۇرغان. بۇ سارايلار
پۈتكىچە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، ئوردا
بىلەن زەرەپشان دەرياسى بويلىرى قاباھەتلىك جاڭگال
بولۇپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ ھەر كۈنلىكى نۇرغۇن ئادەم-

لەرنى يەپ كەتكەن. رىۋايەتتە، ھەر بىر خوتۇننى ئورۇن-
لاشقان سارايلارنى 70 — 80 دىن ئارتۇق نەيزە — قىلىچ
بىلەن قوراللانغان لەشكەرلەر قوغدايدىكەن. بۇ يەرگە
ھېچقانداق ئادەمنىڭ كىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.
چوڭ ئوردىدىن ھەر بىر توققۇز ئايماق بەگلىككە بارىدىغان
يوللار بولۇپ، ھەر ئون چاقىرىم يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە
بۇت تۇرغۇزغان. پۈتۈن ئايماق بويىچە بىر لەك (بىر لەك
100 مىڭ) بۇت بار ئىكەن. ئوردىنى ئوراپ
تۇرغان چوڭ سېپىلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى «لاتىمنات»
بۇتى ئادەملەرنى جازالاش، بەخت تىلەش، جەڭگە بېرىش-
كېلىشتە، ئاپەتلىك يىللاردا دۇئا تىلاۋەت قىلىشقا سىمۋول
قىلىنىدىكەن. شۇڭا كىشىلەر تەڭرى دەپ ئاتالغان بۇتنىڭ
ئالدىدىن ئۆتۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىكەن، غەربىي دەر-
ۋازا ئالدىدىكى «ئايال ئىلاھى» بۇتىنى بولسا، توي مۇ-
راسىملىرى، كېسەللەر، قىز-ئوغۇللىرىنى ساتقۇچىلار،
قەسەمخورلار، ئۆي-مۈلۈك ساتقۇچىلارنىڭ دۇئا-تىلاۋەت قى-
لىشىغا سىمۋول قىلىنىدىكەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: بۇ «ئايال
ئىلاھى» نىڭ ئالدىغا نۇرغۇن نەرسە-كېرەكلەر تىزىپ
قويۇلغان بولۇپ، كىشىلەر كۆزىنى يۇمۇپ قولىنى شۇ نەرسىلەرگە
سالىدىكەن، قولىغا نېمە چىقسا، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا
ئىلاھىمىز كۆرسەتكەن ئات دەپ شۇنى قويىدىكەن.
ئات قويۇش رەسمىيىتى ئۈچۈن ئوردىغا
پۇل تاپشۇرىدىكەن. ئۇنداق قىلماي، ئۆز ئالدىغا ئات قو-
يۇۋالسا، ئىلاھىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ ئات قويدى، دەپ يېڭى
تۇغۇلغان بوۋاقنى تىرىك كۆمۈپ، دادا بولغۇچىنى بىر يىل

زىندانغا سالىدىكەن. ئانىسىنى بولسا، «شۈملۈك نەسلىنى ئېلىپ كەلدى» دەپ قەپەزگە سولاپ، يىراق جاڭگاللىغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىدىكەن-دە، ئۆزىنىڭ ئۆي-جايلىرىنى چېقىپ، تۈپ-تۈز قىلىۋېتىپ «شۈملۈك نەسلىنىڭ ئورنى» دەپ خەت پۈتۈپ، شۇ ئورۇنغا قاداپ قويىدىكەن. بۇ يەرگە ھېچقانداق كىشى قورقۇپ دەسسىمەيدىكەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: بەگ ئوردىسى تاغ ئۈستىگە سېلىنغان بولۇپ، ئوردىنىڭ ئوڭ، سول تەرىپىگە 50 دىن كىچىك ھۇجرا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئوردىنىڭ ئىچىگە بەگ ئولتۇرىدىغان ئالتۇندىن ياسالغان كۇرسىلار قويۇلغان. كۇرسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئېگىزلىكى تۆت گەز كېلىدىغان ئەر-ئايالنىڭ ئالتۇن بۇت ھەيكىلى، ئوڭ-سول تەرىپىگە ئېگىزلىكى ئۈچ گەز كېلىدىغان كۈمۈش ھەيكەل قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئوردىغا پەستىن-ئېگىزگە پەشتىق خىشتىن ياسالغان 200 پەللەمپەي ئارقىلىق چىققىلى بولىدىكەن. بۇ ئوردا ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ياسالغان بولۇپ، تام كېسەكلىرىگە ھىندىستاندىن ئۈستىكار ئەكېلىپ نەقىش ئويدۇرغانلىقى ئېيتىلغان.

بىر كۈنى، بەگنىڭ ئوغلى ئاتقا مىنىپ كېتىۋاتسا. بىر قەلەندەر يولنىڭ چېتىدە يانپاشلىنىپ يېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بەگنىڭ ئوغلى قەلەندەردىن:

— ھەي، سەن نېمە ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پېقىر غېرىب-مىسكىندۇرمەن، — دەپتۇ قەلەندەر.

— مەن ئالدىڭدىن ئۆتسەم، نېمە ئۈچۈن تازىم بىجا كەلتۈرمەيسەن؟

— قوپۇشقا ماجالىم يەتمەدى.

— ئاش ـ نان يېمىدىڭمۇ؟

— مەندەك بىر قەلەندەرگە ئاش ـ نان نەدە بولسۇن دەيلا بېگىم؟ ئۈچ كۈن بولدى، ئاغزىمغا لوقما سالمىغىلى.

— ئوردىغا بارساڭ بولمامدۇ؟

— كۈن بويى قاۋايدىغان ئوردا ئىتلىرىغا نان بولمىغان يەردە، مەندەك بىر قەلەندەرگە ئاش ـ نان نەدە بولسۇن، بېگىم؟

— نەدىمۇ ئوردىدا بېقىپ بولالمىغان شۇنچە كۆپ ئىت بولسۇن ؟

— ئىتلار يالغۇز ئوردىدىلا ئەمەس، ئايماقنىڭ ھەممە يېرىدە قۇرۇتتەك مىغىلدايدۇ. ئوردىغا كىرسەڭ، ئاچ قالغان ئىتلار چىشلىۋالىدۇ، سىزمۇ ئوردىنىڭ بىر ئىتى، — دەپتۇ قەلەندەر. بەگنىڭ ئوغلى قەلەندەرنى ئالدىغا سېلىپ قامچىلىغان پېتى ئوردا ئالدىدىكى «لاتىمىنات» بۇتى، ئالدىدىكى ئېگىز دارغا ئېسىپ قويۇپ بىر ھازاغىچە ئۇرۇپتۇ. قەلەندەر ھۇشىدىن كەتكەندىن كېيىن ، داردىن بوشىتىپ، سۆرەپ ئاپىرىپ گوداڭغا تاشلىۋېتىپ، ئوردىغا كىرىپ كېتىپتۇ. قەلەندەر تۈن يېرىملاشقاندا ھۇشىغا كەپتۇ، قارىسا ، «لاتىمىنات» چوڭ بۇتنىڭ ئالدىدا بىرمۇ ئادەم يوق. ئۆمىلەپ بېرىپ، بۇت ئالدىدىكى قاچىلارغا سېلىپ قويۇلغان ئېسىل تائاملارنى ئېلىپ يەپ، بىر ھازادىن كېيىن ساقىيىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى شەيخنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، گوداڭدىن سىرتقا چىقىپ قارىسا ، بۇتنىڭ ئاستىدا يوغان بىر كامار كۆرۈنۈپتۇ. قەلەندەر دەرھال شۇ يەرگە كى-

رىپ يېتىپ، ئەل جىمىققاندا بۇت ئاستىدىكى كامارىدىن چىقـ
قىپ ، بۇت ئالدىدىكى تىزىقلىدىق ئېسىل تائاملارنى
ئوزۇقلۇق قىلىپ، كۈندۈزى بۇتتىن بەخت تىلەپ، مەخپىي
ئىبادەت قىپتۇ ھەم سوئال-ۋو سوراپتۇ. لېكىن بۇتتىن
ھېچقانداق زۇۋان چىقماپتۇ. بۇ ئىشقا قەلەندەرنىڭ تېخىمۇ
ئاچچىقى كېلىپ، بىر كۈنى بۇتنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ،
تۈن يېرىملاشقاندا بۇتنىڭ بېشىغا يامىشىپ چىقىپ، چېچـ
چىنى قومۇرۇپتۇ . لېكىن بۇتتىن ھېچقانداق شەپە بولماپتۇ،
ئەتىسى شۇ قاراردا كۆز، قۇلاق، بۇرۇن ، ئېغىز قاتارلىق
جايلىرىنى چېقىپ تاشلاپتۇ. يەنىلا ھېچقانداق شەپە بولماپـ
تۇ. ئۈچىنچى كۈنى شۇ قاراردا قول - پۇتلىرىنى چېقىپ
بولۇپ، قەلەندەر ئۆزىچە قورقۇپ بۇتنىڭ ئاستىدىكى كامارغا يوـ
شۇرۇنىۋاپتۇ. يەنىلا ياخشى - يامان تەرەپتىن شەپە بولماپـ
تۇ، تۆتىنچى كۈنى بۇتنىڭ چېقىلغانلىقىنى
شەيخلەر سېزىپ قېلىپ ئەھۋالنى ئوردىغا مەلۇم قىپـ
تۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئوردا بېگى پۈتكۈل جاللات - چاپـ
پارمەنلىرىنى قاتتىق ۋەھىمىگە ساپتۇ. چىداپ تۇرالمىغان
بەگ لەشكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ ، ئايماقنىڭ ھەممە يېرىنى
تەكشۈرۈشكە بۇيرۇق قىلىپ، ئارقىدىنلا پۈتكۈل خالايىقلارنى
يىغىپ، بەش كېچە ھەم كۈندۈز بۇت ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ،
گۇناھىنى تىلەپ ماتەم بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ئىش ئاخىرلاشقانـ
دىن كېيىن، گۇمان قىلىنغانلىكى ئادەملەرنى ئوردىغا ئەكېـ
لىپ، دارغا ئېسىپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ قەتلى قىپتۇ. ھەر
كۈنلۈكى بىر نەچچە يۈز ئادەم ئۆلگەچكە، ئوردا ئىچى قانغا
بويۇلۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشقا چىداپ تۇرالمىغان قەلەندەر

ئوردىغا كىرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغانىكەن ، قەلەندەرنىڭ تۇرقىنى كۆرگەن بەگ قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، يىقىلىپ چۈشـكىلى تاسلا قاپتۇ. قوللىرىدا قىلىچ ــ نەيزە تۇتقان ئوردا لەشكەرلىرىمۇ قورقۇپ تىترەپ كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن :

ــ جاللات! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ بەگ، تۆت جاللات ئالدىـغا كەپتۇ، بەگ، ــ ماۋۇ يالاڭ تۆش قەلەندەرنى دارغا ئاس! ــ دەپ جىنىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپتۇ . قەلەندەرمۇ قورقماستىن تەمكىنلىك بىلەن:

ــ توختاش! ــ دەپتۇ جاللاتلارنى يېقىن كېلىشىگە يول قويماي، ــ ئى جانابى بەگ، مېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلساڭمۇ، ئالدىرىماي ھۆكۈم قىل! ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مېنى ھاـزىرلا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىمەن دەيدىكەنسەن «لاتىمىنات» بۇ تىڭشىنى چېقىشقا جۈرئەت قىلغان پېقىر، ئەلۋەتتە، تەختى ــ بەختىڭدىن تارتىپ، خا ئۆزەڭگىچە ئىزدىمدا مىدىرـلىماي تۇرۇپ كۆيدۈرۈپ كۈلىڭنى كۆككە سورۇۋېتىمەن!

بەگ تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قاپتۇ. قەلەندەر يەنە : ــ جانابى بەگ! مېنىڭ سۆزلىشىمگە ئازراق يول قويغايسەن! ــ دەپتۇ.

ــ قېنى سۆزلە، ــ دەپتۇ بەگ.

ــ مەن 40 يىل ساڭا ئوخشاش قارا نىيەت ياۋۇزلار قولىدا قۇل بولۇپ، جاپا چەككەن غېرىپ مىسكىن ئادەممەن. بۇ ھاياتىمدا قورسىقىم تويغىدەك نان ۋە ئۇچام ئىللىغۇدەك كىيىم كەيمەي، ئۆلەر ھالەتتە كۈن ئۆتكۈزدۈم، بىر يىل

ئىچىدە 366 قېتىم قاتتىق تاياق ــ توقماق يېسىلەم، مانا قا-
را! ــ دەپ پۈتۈن كىيىم ــ كېچەكلىرىنى سېلىپ، بەدەنلىرى-
دىكى تاتۇق ۋە تاياق ئىزلىرىنى كۆرسىتىپتۇ قەلەندەر، ــ
مانا بۇ تاتۇق، تاياق ئىزلىرى، قاتتىق ئازابلانغانلىقىم-
نىڭ ئىسپاتى. بىر يىلدا مۇشۇنداق تاياق يېسەم،
40 يىلدا قانچىلىك تاياق يېگەنلىكىمنى ساناپ باقساڭ بى-
لىسەن. بۇنداق تاياق ــ توقماقتا ئۇرۇۋەرسە، ئادەمنىڭ جې-
نى قانداق تۇشايدۇ؟ ئاۋۋال سەن بەدىنىڭنى يالىڭاچلاپ سېنى
قامچا بىلەن ئۇردۇرۇپ كۆر. جېنىڭ ئاغرىمىدۇ ــ ئاغرىمامدۇ؟ بۇنى
بىلىپ باققىن. تەن ــ سەن بىلەن مەندە ئوخشاش.

بەگ قەلەندەرگە:

— ئۆلتۈرمىسەممۇ ئۆلتۈرمەي، بۇت ئىلاھىمغا سەجدە
قىل، گۇناھىڭنى تىلە! ــ دەپتۇ.

— ئى جانابى بەگ! ــ دەپتۇ قەلەندەر، ــ ئىلاھى بۇ-
تۇڭ ئادەم جازالىيالايدىغان بولسا، نېمىشقا مېنى جازالىماي-
دۇ؟! مەن ئۇزۇندىن بۇيان ئىلاھىڭنىڭ ئىچىگە چوك ــ كې-
چەك تەرەت قىلدىم، ھەتتا پۈتۈن ئەزالىرىنى نابۇت
قىلدىم.

— بۇت ئىلاھىدىن قورقمامسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ بەگ
قەلەندەردىن.

— قىلچە قورقمايمەن.

— نېمىشقا؟

— ئۇنى ئادەملەر تۇپراقتىن توپا ئېلىپ ئۆزلىرى يا-
ساۋالغان. ئۇ جانسىز، ئۇنىڭ ھېچقانداق نەرسىگە قۇربىتى
يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ قۇربىتى يەتسە ئىدى، مېنى جازالىسا بولاتتى، ــ

دەپتۇ قەلەندەر، — مېنى جازالاشقا تۇتقۇل ئۆز دىنىمۇ قوغداپ قالالمىدى. بۇنىڭغا ساڭا ئوخشاش نادان ئادەملەرلا سەجدە قىلىدۇ. بۇرۇنقى زاماندا بىر زالىم پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ قەۋملىرىنىڭ ھەممىسى كالىنى تەڭرى دېيىشىدىكەن. پادىشاھمۇ ھەر كۈنلىكى كالىنىڭ ئايىغىدا تىزلىنىپ بەخت ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى تىلەيدىكەن. كالىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىغا جەرەن سۈتى بېرىدىكەن. قەۋملەرمۇ ھەر كۈنلىكى مېڭىپ قالمىسۇن دەپ، كالا تەڭرىسىگە ئېتىزلىقتىن ئېسىل ئوتلارنى ئېلىپ كېلىپ بېرىدىكەن ۋە بەخت ئاتا قىلىدۇ دەپ كۈنلەپ، ئايلاپ كالا تەڭرىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، تىز پۈكۈشنى، سۆيۈشنى پۇراپ يېتىشىدىكەن. زالىم پادىشاھمۇ ۋەزىرلىرى بىلەن كالىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىدىكەن. بىر كۈنى زېرىككەك كالا ئوينىقىشىپ تاغ باغرىغا قېچىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن ئىزدەپ كەلسە يوق. كەينىدىن قوغلاپ ئاران دېگەندە كالا تەڭرىسىنى تېپىپتۇ. پادىشاھ ئاتتىن چۈشۈپ ئۆمىلىگەن پېتى كالىنىڭ ئايىغىغا بېرىپتۇ ۋە تىزلىنىپتۇ. كالا ھۈركۈپ كېتىپ كەينى پۇتى بىلەن تەپكەنىكەن، پەشۋا پادىشاھنىڭ بوغدىيىسىگە تېگىپ كېتىپ تىنى تارتماي ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇ خەۋەر پۈتۈن ئەلگە تارىلىپ، قەۋملەر يىغا - زارە قىلىشىپتۇ. بىر مۇتىۋەر كىشى يىراقتىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسا، بىر قەۋمى يىغلاپ ئولتۇرغىدەك، بۇنى كۆرگەن مۇتىۋەر «ھەي قەۋمى، نېمە ئۈچۈن يىغلايسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ. قەۋمى «پادىشاھىمىزنى كالا تەڭرىمىز تېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەپتۇ. مۇتىۋەر «ھەي ئەخمەق قەۋمى، شۇنىڭغىمۇ شۇنچىۋالا يىغلامسەن؟ بىلىپ قويغىنىڭكى، بۇ تىلسىز، ئەقىلسىز بىر ھايۋاننىڭ نادان، ئەخمەق پادىشاھقا بەرگەن جازاسى» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قەۋمى «سىز بىزنىڭ تەڭرىمىزگە ئاھانەت

كەلتۈرۈۋاتىسىز» دەپتۇ، مۆتىۋەر «ئەي قەۋمى، گالىتىنى ‹تەڭرىدىم› دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ ھەممىسى نادان، ئەخمەقلەردۇر، كالا قانداقسىگە تەڭرى بولالىسۇن، ئۇ بىر تىلسىز مەخلۇق، ئۇنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدۇ» دەپتۇ. ئەي بەگ، سەن ئەنە شۇ نادان، ئەخمەقنىڭ بىرسى، سېنىڭ بۇت ئىلاھىڭنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

قەلەندەر شۇلارنى دەپ سوراق مەيدانىدىن چىقىپ، بۇتنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، بۇتنىڭ ھەممە يېرىنى ئۇرۇپ چېقىۋېتىپتۇ. بەگمۇ زۇۋان سۈرەلمەي تۇرۇپلا قاپتۇ. قەلەندەر بۇتنى چېقىپ بولغاندىن كېيىن خالايىققا:

— ئەي قان-قېرىنداشلار، سىلەر ھەرگىز نادان بولماڭلار. نادانلىق كىشىلەرگە تۈگىمەس بالايى-ئاپەت! «لاتىمىنات» بۇتىنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ئۇ كىشىلەرگە بەخت ئاتا قىلالمايدۇ. ئۇ نادان ئادەملەر تۇپراقتىن، تاشتىن ياسىغان جېنى يوق مودا،- دەپ توۋلاپتۇ.

بەگ ئۇنى جاللاتلىرىغا ئېسىش بۇيرۇقى قىپتۇ. جاللاتلار ئۇنى يۈز گەز ئېگىزلىكتىكى دارغا بېشىنى تۆۋەن، پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېسىپتۇ. قەلەندەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇياندىن - بۇيانغا ئۇچۇپتۇ-دە، ئاخىرى ئۈستى تەرەپتىكى ئاغامچىنى تۇتۇۋېلىپ، پۇتىنى ئاغامچىدىن بوشىتىپ «لاتىمىنات» بۇتىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئېگىز بۇت خۇددى تاغ گۈمۈرلەپ چۈشكەندەك، ئۆرۈلۈپ پارە-پارە بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، كۆپلىگەن كىشىلەر بۇتقا ئىشەنمەيدىغان بوپتۇ، ئايرىم ساندىكى جاھىل كىشىلەر بۇتقا ئىشىنىشتىن يانماپتۇ. ئەنە شۇ زاماندا شەرق تەرەپتىكى بۇت تەڭرىسىنىڭ ئورنى ۋە باشقا كىچىك بۇتلارنىڭ ئۇششاق پارچىلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ، ئېگىز دۆڭ ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. غەرپ تەرەپتىكى «ئايال ئىلاھى» بۇتىنىڭ ئىز ئورنى يوقىلىپ كەتكەن.

## 2109 «توققۇز ساراي» ئايمىقىدىكى ئويۇنچىلار

رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە: ئول زاماندا داۋزىتاغ ئەت-راپىدا ئېگىز ئۆسكەن بىر توپ چىنار دەرىخى بولۇپ، بۇ يەردە بىر پادىچى ئەر - خوتۇن ياشىغانىكەن. ئايالى ھامىلدار بولۇپ، ئاي - كۈنى توشقاندا ئاجايىپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بالا تۇغۇلۇپ ئىككى، ئۈچ كۈن ئىچىدە مېڭىپ، ئانا-نان دېگۈدەك بوپتۇ. بالا كۈندىن-كۈنگە تېز چوڭ بولۇپ بەش ياشقا كىرگەندە دادىسى بىلەن ئانىسىنى يەردىن ئۈزۈپ ئا-لالايدىغان بوپتۇ. ئالتە ياشقا كىرگەندە، خېلى چوڭ تاشلارنى يەردىن ئۈزۈپ ئېلىپ ئېگىز تاغلارغا ئاتالاپتۇ. يەتتە ياشقا كىرگەندە، بالىنىڭ كۈچىگە ھېچقانداق نەرسە توغرا كەلمەپ-تۇ. شۇ چاغدا بىر ئادەم پۈتۈن بەدىنىدىن تۈك قاپلاپ كەت-كەن، پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆزى بار، ئاجايىپ گەۋ-دىلىك بىر مەخلۇقنى ھىندىستاندىن تۆمۈر زەنجىر بىلەن باغلاپ ئېلىپ كەلگەنىكەن، نەگىلا بارسا، بۇ مەخلۇقنى كىمكى چېلىشتا يېڭەلىسە، قىرىق تۆگىلىك ئالتۇن - كۈمۈشنى شۇنىڭغا ئىنئام قىلىمىز، دەپ جاكارلايدىكەن. لېكىن دۇنيا-نىڭ ھەممە يېرىدە بۇنىڭ كۈچىگە تاقابىل تۇرالىغۇدەك ئادەم چىقماپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ خانى ھىندىستانلىقلارغا ئۆز دائى-رىسىدە چېلىشىش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىپ، يېڭەلمەپ قالسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە نەچچە يۈزمىڭ سەر

ئالتۇن ـ كۈمۈش، نەچچە لەك چارۋا، نەچچە مىڭ قۇل بېرىش،
ھەتتا نۇرغۇن ساندا ئاشلىق، پاختا بېرىشنى ئېيتىپتۇ. ئۇ-
لارمۇ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپتۇ. چېلىشىش رەسمىي باشلىنىپ،
شەھەردىن نۇرغۇن ئادەملەر چېلىشقا چۈشۈپ، تېرىك كىرىپ،
ئۆلىكى چىقىپتۇ. خان بۇ ئىشتا يېڭىلەيدىغانلىقىغا كۆزى
يېتىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش كويىغا چۈشۈپتۇ. ئاخىـ
رى بۇ خەۋەرنى پادىچىنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى ئاڭلاپ دا-
دىسىغا چېلىشىشقا چۈشۈش ھەققىدە تەكلىپ بېرىپتۇ. پادىچى
تەستە ماقۇل بولۇپ، بېرىشقا ئىجازەت بېرىپتۇ. بالا
تەمكىن، مەغرۇرانە قىياپەت بىلەن مەيدانغا كىرىپتۇ. بۇنى
كۆرگەن ھىندىستانلىقلار بالىنى مازاق قىپتۇ. مەخلۇق بالىـ
غا ھەر خىل شەكىلدە ھەيۋە قىلىپ، بالىنىڭ بېلىنى تۇتۇشـ
قا تەمشەلگەندە، بالا پۈتۈن كۈچىنى يىغقانىكەن، يەرلەر
ئويۇلۇپ، بەدەنلىرى قاراسلاپ كېتىپتۇ ـ دە، بىر دىپلا مەخلۇقـ
نىڭ ئۈك قولىنى ئالدىغا بىر تارتىپلا ئۈزۈۋېلىپ، ئاسمانغا
ئېتىۋېتىپ، كەينىدىنلا بېلىدىن تۇتقانچە ئېگىز كۆتۈرۈپ بېـ
شىدىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە بىر ئۇرغانىكەن، مەخلۇق يەرگە
بىرگەز چوڭقۇرلۇقتا پېتىپ كېتىپتۇ ـ دە، تىنى تارتماي ئۆلۈپتۇ.
ھىندىستانلىقلار چېلىشىشتا يېڭىلگەندىن كېيىن، ئېلىپ كەلـ
گەن پۈتۈن ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى بېرىمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلـ
مەپتۇ. دۇنيادا بىزگە ھېچ كىشى تەڭ كېلەلمەيدۇ، دەپ
كۆرەڭلىگەن ھىندىستانلىق يېڭىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئۆز
دۆلىتىدىن نۇرغۇن ئاشلىق، چارۋا، ئالتۇن ـ كۈمۈش ئېلىپ
كېلىپ قەرزىنى تۈگەتكەن بولسىدۇ، بەزىلىرى نومۇسقا چىداپ

تۇرالماي شۇ مەيداندىلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ، بەزىلىرى قايتىپ كېتىپتۇ.

بۇ ئايماقنىڭ خانى بالىغا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىنئام قىلغان بولسىمۇ، بالا بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئالماي، خاندىن ئۇنىڭ بەدىلىگە بىرىنچى قىلىپ، پارىخور ئەمەلدارلارنى ئىنقىلاپ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى ۋە جازالاشنى؛ ئىككىنچى قىلىپ، سېپىلدە، بۇتخانىلاردا، ئاتخانىلاردا ئىشلەۋاتقان قېرى قۇللارنى ئەمگەكتىن ئازاد قىلىپ، ئائىلىسىگە قايتۇرۇشنى؛ ئۈچىنچى قىلىپ، ئىشلەمچى ياش قۇللارغا كىيىم ـ كېچەك، يېتەرلىك ئاشلىق ـ تۈلۈك بېرىشنى؛ تۆتىنچى قىلىپ، ياش قىزلارنى بۇلىغۇچى زوراۋانلارنى دەرھال جازالاش ھەم ياش قىزلارنى سىرتقا سېتىشنى قەتئىي مەنئى قىلىشنى؛ بەشىنچى قىلىپ، ئۆي ـ ماكانى يوققا ئۆي، يەر، چارۋا بېرىشنى؛ ئالتىنچى قىلىپ، ھەر يىلى كۆرۈلىدىغان كەلكۈن ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆلۈم ـ يېتىمنى ئازايتىشنى، يار ئېلىپ كەتكەن جايلارغا ئادەمنى بىللە كۆمۈشنى قەتئىي قىلماسلىقنى؛ يەتتىنچى قىلىپ، ئادەم ئېلىپسېتىش سودىسىدا سىرتلارغا ساتماي، ئۆز ئىچىدە ئېلىپ سېتىشنى؛ سەككىزىنچى قىلىپ، ئوردا ئەمەلدارلىرى، لەشكەرلەرنىڭ قۇللارنى ئۇلاغ مىنگەندەك مىنىشىنى قەتئىي چەكلەشنى؛ توققۇزىنچى قىلىپ، تۇغۇلغان قىز بوۋاقلارنى پەس كۆرۈپ، يەرگە كۆمۈۋەتمەسلىكنى؛ ئونىنچى قىلىپ، ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ

قوللارغا قاراپ چاپلاپ، يالغاندىن گۇناھ توقۇپ، بىگۇناھ قوللارنىڭ كۆزىنى ئويۇۋەتمەسلىكنى، تىلىنى كەسمەسلىكنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى باقالمىغاندىن كېيىن، كۈچى يەتكەن قېرى قوللارنى يېۋىتىشتەك ئەۋج ئالغان ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى، ئىشتا ئادىل بولۇشنى، ھەقىقىي جازالاشقا تېگىشلىكلەرنى ئەمەگەككە سېلىشنى؛ ئون بىرىنچى قىلىپ، جاڭگالدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن يولۋاس، بۆرە، توڭگۇز قاتارلىقلارنى يوقۇتۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ ۋە:

— يىرتقۇچ ھايۋانلار خۇمدانغا ئوتۇن توشۇيدىغان ئوتۇنچى، جاڭگالغا يېقىن كەندىكى ئاجىز قۇللاردىن ھەركۈنىكى بىر نەچچە يۈزنى يەپ كېتىپ باردۇ. بۇنىڭغا دەرھال لەشكەر ئۇيۇشتۇرۇپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ، قۇللارنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى قوغدىماي بولمايدۇ. بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى 20 دىن ئارتۇق يولۋاس خانىمىزغا يېقىن ئەتراپتىكى قومۇشلۇق مەھەللىدىن بىر قېتىمدىلا 25 كىچىك بالا، 30 چوڭ ئادەمنى يەپ كەتكەن. يۈزدىن ئارتۇق بۆرە جاڭگالدىن چىقىپ، ئاچال مەھەللىسىدىن بىر كېچىدىلا 70 ـ 80 ئادەمنى پاك ـ پاكىز يەپ بولغان. كىچىك توققۇز ئاچال مەھەللىسىگە بىر كېچىدىلا نۇرغۇنلىغان بۆرىلەر توپى كېلىپ، مەھەللىدىكى ئادەملەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. غارقۇن مەھەللىسىگە بىر كېچىدىلا يىلانلار توپى كېلىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى چېقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، چارۋىلارمۇ ئازقال-

غان، ھازىر جاڭگال ئىچىنى ئادەم جەسىتى بىلەن تولۇپ كەتتى. بۇنى مەن جانابلىرىغا قىسقىچە بايان قىلدىم. بۇ ئىشلارنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، ھەممىمىز ساق قالمىغايمىز، — دەپتۇ.

خان بۇ بالىنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتىنى قوبۇل كۆرۈپ، بالىنى ئوردىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەپتۇ. بالىنىڭ چېلىشتىكى پالۋانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ 500 گە يېقىن قاۋۇل يىگىتنى تاللاپ چېلىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. شۇڭا، بۇ خاندانلىقتا بىر رىۋايەتتە 30 يىلغىچە، بىر رىۋايەتتە 40 يىلغىچە سىرتتىن ھەر قانداق بىر ئادەم تاجاۋۇز قىلىشقا پېتىنالمىغان. بۇ خەۋەردىن ۋاقىپلانغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ شاھى تاڭتەيزۇڭ بالىنى بىر كۆرۈش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان سوۋغا - سالاملار بىلەن كۈسەن پادىشاھلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. كۈسەن خانى بالىنى تاڭ پادىشاھىغا كۆرسىتىپ كېلىش ھەققىدە توققۇز سارائىيىمىغا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئايماق بېگى بالىغا نۇرغۇن ئۇستا چېلىشچىلارنى قوشۇپ يولغا ساپتۇ. بالا ئوردىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر ئوبدان مېھمان قىلىنىپتۇ. ئاخىرىدا بالىنىڭ ھەققىي پالۋانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۆز تەۋەلىكىدىكى ۋە سىرتقى دۆلەتلەردىن ئۇستا چېلىشچىلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، بالىنى چېلىشقا ساپتۇ. ھەش - پەش

دېگەچكە ھەممىسىنى يەرگە ئۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن تاڭ تەيزۇڭ بالىدىن:

— ئەي يىگىت، ئاتىڭ سېنى نېمە بىلەن باقىدۇ؟ — دەپتۇ. بالا:

— ئاتام ماڭا تېرىق تالقىنى بېرىپ باقىدۇ، — دەپتۇ. بۇ گەپتىن ھەيران قالغان تاڭ تەيزۇڭ بالىنىڭ ھەقىقىي كۈچتۈڭگۈرلىقىغا قايىل بولۇپ، ئوردىدا ئېلىپ قېلىشنى ئۆتۈنۈپ سوراپتۇ. لېكىن بالا ئۆز يۇرتىنى، ئاتا - ئانىسىنى سېغىنغاچقا، ئۇنى رەت قىپتۇ. پادىشاھ نائىلاج بالىغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام بېرىپ يولغا ساپتۇ. بالا يولدا كېتىۋاتقىچە تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بالىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى تۇيدۇرماي توققۇز ساراي ئايمىقىغا ئېلىپ كەلگەندە، بەگ بالىغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتىپتۇ. بالىنىڭ قەدرىگە ئەمدى يەتكەنلىكى تۇرغاندا، قازاغا يولۇققانلىقىنى كۆرۈپ بەگ قاتتىق يىغلاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا چوڭ بىر قەبرە قاتۇرۇپ، بالا قازا تاپقان ئاي ۋە كۈنلەردە مۇراسىم ئۆتكۈزۈشنى داۋام ئەتكۈزۈپتۇ ھەم بالىنىڭ ھەيكىلىنى قاتۇرۇپ، چوڭ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىپ، ئۇنىڭ ھاياتلىقىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ئەسلەپ، شۇ ئەتراپتىكى مىڭدىن ئارتۇق ياش ئوغۇلنى يىغىپ مەدرىسىلەپ، چېنىقىشۋازلىق، نەيزىۋازلىق،

قىلىچۋازلىق، دارغا چىقىش، ئوغلاق تارتىش، كوزا ماھارىتى قاتارلىق ھەرخىل ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىپتۇ. يۇقرالار بۇ بالىنى خېلى ئۇزۇنلارغىچە ئېسىدىن چىقارماي، ئۇنىڭ ماھارىتىنى ماختاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بالا ھەققىدىكى بۇ ۋەقە ئۇل زا- ماندىن ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن. رىۋايەتچىلەرنىڭ رى- ۋايەت قىلىشىچە، بالىنىڭ ھەيكىلى شەھەر قاتتىق ۋەيران بولغاندىمۇ، شۇ چاغدىكى مەيداندا ساقلىنىپ قالغان، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا چېقىلىپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن.





1) بۇ كىتابنى ئابلەت جۇمە تەھرىرلىگەن.

مۇقاۋىنى لايىھەلەپ، سۈرەت ۋە خەرىتىلەرنى تەييارلىغۇچى:
ئاكىمجان ئاۋۇت

2) كىتاب جەمئىي 106 بەت بولۇپ،

ھەر بەتتىكى خەت سانى 4 يۈزدىن جەمئىي 42400


中国民间故事汇编新疆集巴楚部分

维吾尔民间故事

巴楚县"三集"筹领备导小组编辑

《喀什日报》印刷厂印刷

1092 × 787 毫米 32 开本 7·5 印张

1989 年 9 月 1 日 出版

印刷：3000

书号： 34